ئابدۇراخمان قاھار



# كەچۈر مېنى نازاكەت

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى: نۇرمۇھەممەت توختى

# كەچۈر مېنى، نازاكەت

ISBN 978-7-5371-1030-3
9 787537 110303 >
باھاسى: 14.00 يۈەن

ئابدۇراخمان قاھار

# كەچۈرمىشى نازاكەت

(پوۋېستلار)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：阿布力克木·艾山
责任校对：阿布里孜·阿巴斯
封面设计：阿里甫·夏

# 原谅我吧（维吾尔文）

（中篇小说集）

阿不都热合满·卡哈尔　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号 邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　9.625 印张
1992 年 11 月第 1 版　2007 年 3 月第 2 次印刷
印数：4851—7910

ISBN978－7－5371－1030－3　定价：14.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# مۇندەرىجە


كەچۈر مېنى، نازاكەت .................... 1
ئاشۇ يىللار ............................ 113
ئادەملەر، ماگا رەھىم قىلماڭلار .............. 210

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# كەچۈر مېنى، نازاكەت!

## 1

تاغ جىرالىرى كۈز مەنزىرىسىگە خاس تۈس ئالغانىدى. ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ پىشقان، قېتىشقان. قاپتاللاردىكى قارىغايلار ھېلىھەم ياپيېشىل ۋە مەغرۇر. تاغ سۇلىرى تېخمۇ سۈزۈلۈپ تىنىشقان، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ھەرخىل، ھەررەڭدىكى تاشلار قۇم بىلەن سۇ يالاۋېرىپ سىلىقلىنىپ كەتكەن. چۆپلەر ياقۇتتەك چاقناپ تۇرىدۇ. تاغ قۇشلىرىنىڭ چاڭقىلدىغان ئاۋازلىرى پەسەيگەن، توپ-توپى بىلەن ئوتلاپ يۈرگەن ئات، كالا، قوي، ئۆچكىلەر سېمىزلىكتىن ياۋاشلاپ كەتكەن، قىيغىتىشلار، سايغاقداشلار، تاشتىن - تاشقا سەكرەشلەر ھازىر يوق.

جىرا بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان ئۆۋچى يىگىت بۈگۈنكى سەپىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئەتراپقا تىكىلىپ كەلمەكتە. ئۇ ئادەم ئىزى كەم بېسىلىدىغان، پەقەت ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلارلا

يۈزىدىغان يەرلەردىن ئۇۋ قىلىپ قايتقانىدى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى قومۇش قۇلاقلىق كۆك ئات ئىگىسىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنگەندەك، ئاياغلىرىنى بىرخىل يۆتكەپ پەسلەپ كېلەتتى. غانجۇغىدا بۇ ئەتراپتا كەم ئۇچرايدىغان ئىككى دانە كۆك بۆرىنىڭ تېرىسى، بوغۇزلانغان بىرنەچچە ئۇلا، ئىككى قىرغاۋۇل پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

ئوۋچى يىگىت جىرانىڭ ئىككى يېقىنى بوگۈنلا كۆرۈۋاتقاندەك ئەتراپقا قىزىقىپ قارايتتى، ۋۇجۇدى تاغ ھاۋاسىدىن ھوزۇرلىناتتى. ئۇ بوگۈن كېچىچە يول بېسىپ تاڭ بىلەن تەڭ ئۆيىگە يەتمەكچىدى.

قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ، جىرا ئىچى كۆكۈچ-قارامتۇل رەڭگە كىرىشكە، يېشىل قارىغايلار قارىيىشقا، شارقىراتمىلارنىڭ ئاۋازى تېخمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئىزغىرىن شامال باشلاندى. ئوۋچى يىگىت ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىدى.

بۆرە مېڭىشىغا چۈشكەن كۆك ئات بىر جىرادىن ئايلىنىپ، كەڭرى سايغا چۈشۈشى بىلەن بىردىنلا خارتىلداپ، قومۇش قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ تۇرۇپ قالدى، ئوۋچى يىگىتمۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك، بىر قىز پەيدا بولغانىدى، گويا چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك بوھال يىگىتنىڭ پىكرىنى چاچتى: «بۇ كىم؟ ئادەممۇ يا ئادەم سۈرەتلىك جىنمۇ؟»

قىز ئاتلىق يىگىتنى كۆرۈپ دەھشەتلىك چىرقىراپ، ئۇگدىسىغا يىقىلدى:

— ئاھ! ... شورپېشانەم، ئەمدى مەن ئۆلدۈم! ...

يىگىت ئېتىدىن چۈشمەي بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە

بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇڭدىسىغا يىقىلغان قىز قىمىرلىماي سۇنايلىنىپ ياتاتتى، ئاتمۇ بۆجىيىپ تۇراتتى، پۈتۈن ئەتراپ قېتىپ قالغاندەك جىمىپ كەتكەنىدى.

قاراپ تۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ؟ يىگىت ئېتىدىن چۈشۈپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. قىز تويغا ياسانغاندەك، ئۈچىسىغا ناۋات رەڭ دۈردۈن كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېنىق بېغىررەڭ مەخمەل كەمزۇل كىيىپ، بېشىغا ئاق بۆرتمە شال تاڭغان، پۇتىغا يېڭى قارا خۇرۇم چېتىك كىيگەنىدى. بۇلاقتەك كۆزىنى ياپقان ئۇزۇن، تال-تال كىرپىكلىرى، مارجاندەك چىشلىرىغا ھەمىلە شەكەن سۆپسۆزۈك لەۋلىرى، ئاناردەك قىزىل مەڭزىدىكى بىر تال خالى قىزنى تولىمۇ گۈزەل كۆرسەتەتتى.

يىگىت بىر پەس داڭقېتىپ تۇردى - دە، ئاندىن قىزنىڭ بېشىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ تىزىغا ئالدى، لېكىن قىز كۆزىنى ئاچمايتتى. پەقەت پېشانىسىگە چۈشكەن بىرنەچچە تال چېچىلا سوغۇق شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. كۆكسىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى. يىگىت مۇزدەك تاغ سۈيىنى ئوچۇملاپ ئەكېلىپ قىزنىڭ يۈزىگە سەپتى، شۇ چاغدىلا قىز ئەندىكىپ كۆزىنى ئاچتى:

— مەخسۇتباي!... ياق، ياق ...، — ئۇ جۆيلۈگەندەك چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بىرنەرسىدىن سەسكەنگەندەك قورۇلاتتى، كۆزلىرىدىن ئۈمىدى كېسىلگەن ئادەمنىڭكىدەك خۇنۇك نۇر پىلدىرلايتتى، چېكە تومۇرلىرىنىڭ لىپىلداۋاتقانلىقى ئوچۇق بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يەنە يۇمۇۋالدى.

— مەن مەخسۇتباي ئەمەس، قۇددۇس، مەخسۇتباي دېگەن كىم؟

قىز كۆزىنى ئاستا ئاچتى، قۇددۇس قانداقتۇر بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك قىزغا ئىچ كۆيەرلىك بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى چاچلارنى كەينىگە قايرىپ قويماقچى بولۇپ قولىنى ئاستا سوزدى، بىراق ئەيمەندىمۇ، قولىنى يەنە تارتىۋالدى.

— سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ — ئاستا سورىدى قىز.

— مۇشۇ تاغلار مېنىڭ ماكانىم.

قىز بىردىنلا جانلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى. قۇددۇسنىڭ چىرايىدا كۆلۈمسىرەش پەيدا بولدى. قىز ئۇياق - بۇياققا ۋە بېشىدا ئولتۇرغان يىگىتكە تىكىلىپ قارىدى-دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، ئۇ گاراڭ ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى.

— مەن قاياقتىن كەلدىم؟ — دېدى قىز بېشى تۆرىگەن ئادەمدەك.

قۇددۇس شىمال تەرەپتىكى جىلغىنى كۆرسەتتى.

قىز شۇ چاغدىلا ئۆزىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھېلىلا مۇشۇ يىگىتنى ئاتلىق كۆرگەنلىكىنى ۋە كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— يىغلىماڭ، — دېدى قۇددۇس كۆيۈمچانلىق بىلەن، — نەگە بارىسىز؟ نەگە دېسىڭىزمۇ يەتكۈزۈپ قويالايمەن.

قىز تېخىمۇ ئۆپكۈدەپ كەتتى - دە، بېشىنى كۆتۈردى.

— نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن، لېكىن بىر يەرگە يوشۇرۇنۇشۇم كېرەك، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مېنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇڭ، ماڭا رەھىم قىلىڭ، بولۇڭ...

قىز تىترىگىنىچە ئارقىسىغا قاراپ قويدى.

— بۇ يەرلەر سىزنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ، ئۇنداقتا يىراق يەرلەرگە كېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

— مەيلى، قانچە يىراق بولسا، شۇنچە ياخشى.

قۇددۇس كۆك ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى، بۆرە تېرىسىنى ئېگەرنىڭ كەينىگە سېلىپ، قىزنى يۆلەپ چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزدى-دە، ئاندىن ئۆزى مىنىپ، كەينىگە — تاغ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئۆرلەپ ماڭدى.

قىز مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ تولىمۇ چارچاپ ماغدۇرسىزلانغانلىقىنى، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئويغا پاتتى: ئاھ، زارلىرىم خۇداغا يېتىپ ماڭا ئىچى ئاغرىغان ئوخشايدۇ-دە، بۇ مېھرىبان يىگىتنى ماڭا ئاسماندىكى پەرىشتىلەر تاشلاپ بەرگەنمىدۇ؟ يا خىزىرغا يولۇقتى دېگەن مۇشۇمۇ؟ دۇنيادا ياخشى ئادەملەر بار ئىكەنغۇ، يالغۇزلۇقۇم، ئاجىزلىقىمدا ماڭىمۇ باشپاناھ بولىدىغانلار چىقىدىكەنغۇ... تەقدىرگە تەن بەر دېگەنلەرنىڭ گېپىگە كۆنمەي توغرا قىلغانىكەنمەن، بولمىسا ياشلىقىم ئوچاقنىڭ كۆلىدەك توزۇپ كەتمەسمىدى...

بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. تاغ قاپتاللىرى قارا پەردىدەك كۆرۈنەتتى، چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ بېشىدىلا ئېسىلىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ گويا قول سوزسىلا يەتكۈدەك يەردە تۇرغان يۇلتۇزلارغا قىزىقىپ

قاردى. يۇلتۇزلار كۈمۈش كىرپىكلىرىنى چىمىلدىتىپ قىزغا كۆز قىسىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى يۇلتۇزلار ئارىسىدا يۈرگەندەك ھېس قىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، ھەممىنى — كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى، ھالسىزلىق ئازابىنى، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى يول قىيىنلىشىپ باراتتى. كۆك ئاتنىڭ ساغرىسىدىن، بويۇنلىرىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلسىمۇ، ئۇ بىرخىل يۈرۈشنى ئۆزگەرتمەي ئۆرلەپ بارماقتا ئىدى.

قۇددۇس ئۈن - تىنسىز كېلەتتى. ئۇ نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىپ بارىدىكىن؟ چۈشىدىمۇ كۆرۈنمەيدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىدىن ھەيران بولۇۋاتامدىكىن؟ ياكى كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن پادىچى تازغا پادىشاھنىڭ ئاي جامال قىزى كۆيۈپ قاپتۇ، دېگەن چۆچەكنى ئويلاۋاتامدىكىن؟ ... ئۇ، قىز دۈمبىسىگە بېشىنى قويغاندا يۈرىكىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە بەدىنىدە تۇيۇقسىزلا بىر ئىسسىق ھارارەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى، لېكىن كەينىگە قايرىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ تىلىغا گەپمۇ كەلمەيتتى.

يالغۇزئاياغ يول ئۆرلىگەنسېرى ھاۋامۇ سوۋۇپ باراتتى، ئىزغىرىن شامالمۇ ئەدىدى، يۇلتۇزلار تېخىمۇ روشەنلىشىپ پارقىرايتتى، قارىغايلار سۈس شاۋقۇن سېلىپ سۈرلۈك گۈركىرەيتتى.

قۇددۇس ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈردى.

www.uyghurkitap.com

— مۇزلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ كەينىگە قايرىلىپ.
— ھەئە.
— مەن سىزنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن دەپتىمەن؟
— مەن ئۇخلىمىغىلى ئىككى كۈن بولدى.

قۇددۇس ئاتتىن چۈشتى-دە، غانجۇغىدىكى تاشلانمىغان چوڭ جۇۋىنى يېشۋالدى.

— قايسىسىنى كىيىسىز؟ ئۇچامدىكىنىمۇ، ماۋۇنىمۇ؟
— قايسىنى بەرسىڭىز شۇنى.
— ئۇچامدىكىنى كىيىڭ، ماۋۇنىڭ بىلەن قولىشالمايسىز يول تېخى ئۇزۇن، بايا بىز ئۇچراشقان يەر بىلەن بارىدىغان يېرىمىزنىڭ ئارىلىقى يەتمىش-سەكسەن چاقىرىم كېلىدۇ.

قىز قۇددۇسنىڭ ئۇچىسىدىكى ئىسسىپ قالغان كالتە جۇۋىنى كىيىپ، بەدەنلىرىنىڭ بىردىنلا راھەتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— بۇ يول خەتەرلىك، ئۇخلاپ قالسىڭىز بولمايدۇ. ئالدىغا مىنەمسىز-يە؟
— يولنى بىلمىسەم؟...
— ئات بىلىدۇ.
— مەيلى.

ئۇلار ئاتقا ئالمىشىپ مىنگىشىپ يەنە يولغا چۈشتى. ئات بېشىنى ئۇڭغا بۇراپ يەنە بىر قويۇق قارىغايلىق جىراغا كىرىپ كەتتى. يول تاشلىق، بەزى يەرلەردە ئات ئايىغىنى يانتۇ تۇرغان يوغان يالپاق تاغلارغا باساتتى. ئەگەر ئات سەللا مۇدۇرۇپ كەتسە، ئىككىسى ئۇچۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. قىزدىن ئۇيقۇ قاچقان، ئاتنىڭ

تەكشىسىز يۇرۇشىدىن قورقۇش، ئەنسىرەش تۇيغۇلىرى ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى.

تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق باشلانىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. قۇددۇس ئاتتىن چۈشۈپ بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۆڭكۈر ئىچى قارا سىياھدەك قاراڭغۇ، ئۇ دەم تارتىدىغان ئەجدىھا ياتقاندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— قورقماڭ، مەن دائىم ياتىدىغان جاي مۇشۇ، — دېدى ئۇ ئاتنىڭ غانجۇغىسىدىكى نەرسىلىرىنى يېشىۋېتىپ، ئاندىن سەرەڭگىسىنى چېقىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىنى كۆرسەتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى كىچىك، ئىچى ئۈچ - تۆت ئادەم بىمالال سىغقۇدەك ئىدى. ئۇنىڭ ئاستىغا قۇرۇغان ئوت - چۆپلەر قېلىن قىلىپ سېلىپ قويۇلغانىدى.

قۇددۇس بۆرە تېرىسىنى چۆپنىڭ ئۈستىگە يېيىپ سېلىپ، قىزغا ياتىدىغان ئورۇن هازىرلىدى.

— قېنى، يېتىڭ، ئىككى كۈندىن بېرى ئۇيقۇسىز ئىكەنسىز.

هارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزنىڭ يېنى يەر تارتىپ تۇراتتى. ئۇ تەمتىرەپ كېلىپ تېرە ئۈستىدە ياتتى. قۇددۇس قىزنىڭ ئۈستىگە چوڭ جۇۋىنى يېپىپ قويۇپ تالاغا چىقتى. كۆك ئاتنى قارىغايغا قاڭتۇرۇپ باغلىدى، ئاندىن بوگۈن ئوۋلىغان ئۇلا، قىرغاۋۇللىرىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپ، تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئولتۇردى.

تۇرمۇش كىشى هەيران قالىدىغان هادىسىلەرگە باي: كىشىگە بەزىدە هەشەمەتلىك بېزەلگەن ئۆيلەرمۇ

www.uyghurkitap.com

دەھشەتلىك، يىرگىنچلىك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ۋەيرانە كەپە، قاراڭغۇ ئۆڭكۈر شۇنچە يىللىق، ئەندىشىسىز تۇيۇلىدۇ. قىز بۇ ئۆڭكۈردە قاڭسىق ھىد گۈپۈلدەپ تۇرغان جۇۋۇنى پۇراپ خاتىرجەم ياتىدۇ، ئۇنىڭدا قورقۇش، ئەيمىنىشتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، كۆزى ئۇيغۇغا كېتىۋاتىدۇ.

— كېلىڭ، يېتىڭ، سىزمۇ ھېرىپ كەتتىڭىز، — دېدى قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ياق، تاڭ ئېتىپ قالدى.

قىز ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

## 2

ئۇ ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئويغاندى. كۆزىنى ئېچىپلا ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىدىن، قانداقتۇر بىر تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ياتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ئولتۇردى، تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشتى. خۇددى چۈشتەك يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خىرە-شىرە ئۆتتى-دە، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ راھەتلىنىپ ئۇخلىغان ۋە ئۇيقۇسى قانغانىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ دىمىقىغا قانداقتۇر بەرنەرسىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كىردى، ئۇ ئۆڭكۈردىن سىرتقا چىقتى. پاھ... نېمە دېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن كەڭرى دۇنيا!... ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدىن دولقۇنلۇق بىر ئۆستەڭ تاغ سۈيى شاش ئاتتەك قىيغىتىپ ئاقاتتى، سۇنىڭ ئىككى يېقى قويۇق قارىغايلىق، تېرەكلىك ئىدى،

تاغ قاپتاللىرى توق يېشىل، يىراقلىغانسېرى قارامتۇل كۆرۈنەتتى. يىراق - يىراقلاردا بولسا، سۇس قىزىل رەڭلىك يوتىلار چىمىرلاپ، تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاسمان كۆپكۆك، ئۇ يەر - بۇ يەردە پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار خۇددى دېڭىزلاردىكى يەلكەنلىك كېمىلەردەك ئۈزۈپ يۈرەتتى.

ئۇ تەبىئەتنىڭ بۇ سېھىرلىك مەنزىرىلىرىگە تويماي قارايتتى. كەڭرى دۇنيا، ئاجايىپ خىسلەتلىك مەنزىرە، ساپ ھاۋا قىزنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ، تۈنۈگۈنگىچە تارتىپ كېلىۋاتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى.

قۇددۇس قۇچاق يەتمەيدىغان بىر تۈپ قارىغاي ئاستىدا كاۋاپ پىشۇرۇۋاتاتتى. قىز ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ غوللۇق، بەستىدىن پالۋانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، قوشۇماقاش، كەڭ پېشانىلىك يىگىت ئىدى، مەڭزى ئوت تەپتىدىن قىزارغان، بۇرۇن ئۇچلىرىدىن تەر تامچىلاپ تۇراتتى. ئۇ يۇڭزىلىنىپ ئىچ - قارنى تازىلانغان ئۇلانى ئىككى تال كۆك تالغا كېرىپ ئۆتكۈزۈپ، تاشلاردىن ياسالغان كاۋاپدانغا قاقلاۋاتاتتى. قۇرۇغان قارىغاي شاخلىرى چاراسلاپ ياناتتى.

قىز قۇددۇسنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قانداق، ئۇيقۇغا قېنىپسىزمۇ؟

— قۇشتەك يېنىكلەپ قاپتۇمەن.

— سىزگە كاۋاپ پىشۇرۇۋاتىمەن.

— چۈشۈمگىمۇ كاۋاپ كىرىپتىكەن.

— «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەندەك قورسىقىڭىز ئاچ قالغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە

كاۋاپ چۈشەيسىز - دە.
— تاپتىڭىز، بۇ قانداق قۇش؟
— ئۇلا.
— ئۇلا؟
— ھە، كۆرگەنمۇ؟
— كۆرمىگەن، ئەمما گۆشىنى شىپالىق دەپ ئاڭلىغان.
— تاغدا شىپالىق نەرسىلەر كۆپ.
— شۇنىڭ ئۈچۈن تاغقا قاچتىم - دە، — قىز ھەييارلىق بىلەن كۈلدى.
— سىز ... قانداق بولۇپ ...
— ئاۋۋال قورسىقىمنى تويدۇرۇۋېلىڭ، ئاندىن ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

قۇددۇس ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا بۆرە تېرىلىرىنى سېلىپ، بىر پارچە تاختاي ئۈستىگە پىشقان ئۇلانى قويدى ۋە بەكىسى بىلەن ئۇنى پارچىلىدى. كاۋاپتىن ئىشتىھانى غىدىقلايدىغان مەززىلىك پۇراق كېلەتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلدى - دە، كاۋاپنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.
— ئۇلانىڭ گۆشى راستىنلا تاتلىق بولىدىكەن، — دېدى قىز قۇددۇسقا قارىمايلا، — كاۋاپ پىشۇرۇشقا قالتىس ئۇستا ئىكەنسىز.
— ئۇلالا بولسا، پىشۇرماق ئاسان، بىراق ئىسسىق چېيىمىز يوق، سوغۇق سۇ ئىچىمىز - دە.
— ئەمدى ئىسسىق چايمۇ بولىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.
— سىز مېھمان تۇرسىڭىز ...

— مېھمانلىقىم تۈگىدى، ئەمدى مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ھازىردىن باشلاپ بۇ يەرنىڭ خوجايىنى.

قۇددۇس يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى، لېكىن قىز ھېچنېمە دېمىگەندەك ھەدەپ تاتلىق پىشقان كاۋاپنى تامشىپ تۇرۇپ يېۋاتاتتى.

ئىككىسى قورساقلىرىنى تويدۇرۇشۇپ، سۇ بويىغا چۈشۈشتى. قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى. قىز ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى قەپەستىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، پايانسىز كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشتەك ھېس قىلاتتى، ئۆزى تويمىغان ھالدا، ئۇزۇن چاچلىرىنى چۇۋۇپ يەنە ئۆرۈيتتى.

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قۇددۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. نېمىشقىدۇر، ھېلىلا چاڭىلداپ سۆزلەپ تۇرغان قىزنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، لەۋلىرى قورۇلغان، كۆزلىرى مەيۈس ھالغا كىرىپ قالغانىدى، دەممۇ دەم ئېغىر تىناتتى ... كۆڭۈلسىز، ئازابلىق، دەردلىك تۇرمۇشنى سۆزلەش ھەرقانداق ئادەمگە ئېغىر، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ھەسرەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى، بۇ يەرگە قېچىپ چىقىشقا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى يىگىتكە سۆزلەپ بېرىدۇ، كۆڭۈل يارىلىرىنى ئاچىدۇ. سۆزلەش ئېغىر، ئىنتايىن ئېغىر، لېكىن سۆزلىمەي، ئىچ - قارنىنى بوشاتماي بولمايدۇ. ئىچىڭدە تۇماندەك قاپلىشىپ تۇرغان ھەسرەتلىرىڭنى سۆزلىسەڭ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولىسەن!

— قۇددۇس، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلگۈڭىز كېلىۋاتقاندۇ؟ — دېدى قىز ئۇنىڭغا مەيۈس ھالدا قاراپ، — مېنىڭ ئېتىم

نازاكەت، ئەمردىن دېگەن ئادەمنىڭ قىزىمەن. بىراق دادامنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەيمەن. كىچىكىمدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ئاتا قەدرى ماڭا سەككىز-توققۇز يېشىمدا بىلىندى. دوستلىرىم دادىلىرىغا ئەركىلەپ ئېسىلسا، مېنىڭمۇ دادام بولسىچۇ، مەنمۇ ئەركىلىسەم، بويۇنلىرىغا ئېسىلسام، كوچىلاردا قولىنى تۇتۇپ ماڭسام دەيتتىم. كىملەرنىدۇ «دادا» دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالاتتىم. بىر ئىش ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ: ھېيت كۈنى ئىدى. دوستۇم بىلەن ھېيتلاپ يۈرەتتىم، كوچىدا دوستۇمنىڭ دادىسى ئۇچراپ قالدى. ئۇ «دادا» دەپ يۈرگۈگىنىچە دادىسىغا بېرىپ ئېسىلدى. دادىسى قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن بولسام بويىنۇمنى قىسىپ قاراپ قالدىم. ئۆيگەم ئۆرۈلۈپ، ھېيتلاشنىمۇ تاشلاپ ئۆيگە كەلدىم-دە، ئۆزۈمنى ئاپامنىڭ قۇچىقىغا ئاتتىم ... ئاپام مېنى بەزلەپ: «كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، قىزىم، مەن سېنىڭ ھەم داداڭ، ھەم ئاپاڭ» دېدى. لېكىن ئاپامنىڭ كۆزىدىن مىنىڭكىدىنمۇ جىقراق ياش تۆكۈلدى ... نېمشقا بىزدەك يېتىم-يېسىر، كەمبەغەل باللارنىڭ چىرايى غېرىب-مىسكىن؟ نېمشقا بەزىلەرنىڭ باللىرى شوخ - ئەركىن، ھېچقاچان بوينى قىسىلمايدۇ؟ مەن بۇ سوئاللارغا ئەمدى جاۋاب تاپتىم: تۇرمۇشتىن — كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكتىن قىسىلمايدىغان ئائىلىلەرنىڭ باللىرى ئەنە شۇنداق شوخ- تېتىك چوڭ بولىدىكەن.

نېمە ئىلاج، ئاپام ئىككىمىز ئېغىر كۈنلەرگە قالدۇق. ئۇ مېنى ئەگەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ نېنىنى يېقىپ،

كىرىنى يۇياتتى، لېكىن ئادەمنى خارلايدىغان مۇشۇ ئىشمۇ ھەركۈنى تېپىلمايتتى. ئاتىسى يوق ئائىلە بىر قانىتى يوق قۇشقا ئوخشىشىدىكەن. بىز خۇددى بوراندا قالغان قامغاقتەك ھەر تەرەپكە سوقۇلۇپ، تېنەپ - تەمتىرەپ يۈردۇق، تىرىكچىلىك غېمى ئاخىر بىزنى مەخسۇتباينىڭ چوڭ قورۇسىغا ئەكېلىپ تاشلىدى.

مەخسۇتباي ئىككى خوتۇنلۇق، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، كېلەڭسىز، قاپىقى يامان، سۈرلۈك ئادەم ئىدى. كىشىلەر شۇڭا ئۇنى «مەخسۇت ئېپىق» دەپ ئاتايتتى. ئىككى خوتۇنى بىر - بىرىگە يېقىن ئىككى قورۇدا تۇراتتى. ئاپام ئىككى قورۇدىكىلەرنىڭ نېنىنى يېقىپ، ئاش - تامىقىنى ئېتەتتى، مەن بولسام كىچىك خوتۇنىنىڭ تېخى يېشىغا يەتمىگەن بالىسىغا قارايتتىم. چوڭ قورۇدا يەنە ھەجەر ئىسىملىك بىر موماي بار ئىدى. ئۇ مالايلارنىڭ ئاش-تامىقىنىئېتەتتى،يەنە باشقا يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنىمۇ قىلاتتى.

ئاپام ئىككىمىز بىرىنىڭ ئات - ھارۋىسى، بېدە - سامانلىرى تۇرىدىغان لاپاسىنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك ئەسكى ئۆيدە يېتىپ قوپاتتۇق. باي - خېنىملارنىڭ ئەركە - تايتاڭ بالىلىرىنىڭ خارلاشلىرى، سىلكىشلىرى، بىكاردىن - بىكار ئاھانەت قىلىشلىرىغا ئۇچراپ تۇرساقمۇ، بۇ يەردىكى كۈنىمىز ئۇ يەر - بۇ يەردە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ئۆتكەن ئاچ - يالىڭاچ كۈنلىرىمىزگە قارىغاندا ياخشىراق ئىدى. ئاچ قېلىشتىن، قىشلاردا توڭلاپ قېلىشتىن ۋەھىمە قىلمايتتۇق.

باي قورۇسىدا تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئۈچ يىل بولدى

دېگەندە ئاپام تۇيۇقسىز ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئاپام زادى ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئەمەستى. بەزىدە يۈرىكى سىيلىپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ قالاتتىم. مەن ئەنسىرەپ: «ئاپا، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟» دەپ سورىسام، «ياق، بالام، ھېرىپ كېتىپتىمەن» دەپلا قوياتتى، ئەمدى ئويلىسام، مېنى قورقۇپ كەتمىسۇن، دەپ شۇنداق دەپتىكەن.

نېمە دەي بۇ رەھىمسىز تەقدىرنى ... ئاپام پەقەت ئۈچ كۈن يېتىپلا تۈگەپ قالدى. بۇ مېنىڭ ئەمدىلا ئون يەتتىگە ماڭغان ۋاقتلىرىم ئىدى. مەن خۇددى قايسى قويننىڭ يېنىغا بارسا تېپىدىغان يېتىم قوزا بولۇپ قالدىم. يېتىم بولغاندىمۇ قارا يېتىم بولۇپ قالدىم ... يىغىغا، ئاھۇزارغا ئادەم تىرىلدىغان بولسا، ئاپام تىرىلسە بولاتتى. كېچە - كۈندۈز توختىماي يىغلىدىم، قاقشىدىم، نالە قىلدىم، نەچچە رەت بېرىپ ئاپامنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ پەرياد كۆتۈردۈم. بۇ نېمە تەقدىردۇ؟ ماڭا ئىگە بولىدىغان كىم بار؟ مېنىڭ بېشىمنى ئەمدى كىم سىيلايدۇ؟ كىم ماڭا ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قانىتىنى قاقىدۇ؟ ...

نازاكەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، سۆزلەشتىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ قۇرۇغان لەۋلىرى تاتارغان، غەمكىن كىرپىكلىرى نەملەنگەن، قۇددۇس بولسا قېتىپ قالغاندەك كۆزلىرىنى نەلەرگىدۇ تىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ يېنىدىن خالتىسىنى ئېلىپ، بەشىنچى قېتىم تاماكا يۆگىدى. قۇياش تاغلار كەينىگە ئۆتۈپ كېتىشكە ئاز قالغان، ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى تاغ سۈيىنى قىزغۇچ - سېرىق رەڭگە

كىرگۈزگەنىدى. يېنىك ئۇرۇۋاتقان شامال قارىغايلارنىڭ يىڭنە يوپۇرماقلىرىنى خۇددى قىزنىڭ يۈرىكىدەك تىترەتمەكتە ئىدى.

نازاكەت ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنىڭدىن كېيىن، باينىڭ ھەر ئىككىلا خوتۇنى ماڭا ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ كەتتى. يوقىلاڭ باھانىلەرنى تېپىپ مېنى تىللايتتى، نوقۇشلايتتى، ھەتتا ئۇراتتى. مېنىڭ ئىسمىم ئەمدى «يېتىمئوغلاق» بولۇپ قالدى. باي بىلەن ھەجەر مومايدىن باشقىسى مېنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى. ئاپام ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار ماڭا ئىچ ئاغرىتىشى، بەزلىشى، تەسەللى بېرىشى كېرەك ئىدىغۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى تېخمۇ خارلايدىغان، ئازابلايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ پەيلىنىڭ مۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ھەيران بولۇپ، توۋا دەپ ياقامنى تۇتاتتىم.

كۈنلەر ماڭا ھەر تەرەپتىن زەھەرنى سانجىپ ئۆتمەكتە ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەجەر موماي مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيگە ئىنتايىن خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى:

— ۋاي قىزىم، سۆيۈنچەڭنى تەييارلا، ساڭا خۇش خەۋەر ئەكىردىم!

شۇ كۈنلەردە ماڭا خۇش خەۋەر بولغۇدەك ئىشمۇ بارمىدۇ؟ خۇشال بولۇشۇمغا ھېچ ئىشەنمەيتتىم.

— قىز بالىنىڭ بەختى ئېچىلمىسا بىكار، — دېدى ھەجەر موماي يەنە، — يېتىملىكىڭدە خۇدايىم بەختىڭنى بەردى.

مومايىنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىپ، ئۆزۈمگە ئوخشاش بىر

يېتىم بالىنى تېپىپتۇ - دە، مۇشۇ دوزاخ قورۇدىن قۇتۇلۇپ كەتسۇن دېگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئېيتىڭا، قانداق خۇش خەۋەر ئۇ؟

— بەختىڭ بار ئىكەن، بالام، ئالتۇن جابدۇق، تاۋار - دۇردۇنغا پۈركىنىدىغان بولدۇڭ ...

مەن بۇ گەپتىن چۆچۈپ كەتتىم، يۈرىكىم قىسىلغاندەك بولۇپ، ئەنسىز سېلىشقا باشلىدى.

— مەيەرگە كەل. قۇلىقىڭغا دەي، باشقىلار ئاڭلىسا بەختىڭنى كۆرەلمەي، سوغۇقچىلىق سالمىسۇن يەنە، — دېدى ھەجەر مومای بوش ئاۋازدا، — باينىڭ ساڭا كۆزى چۈشۈپتۇ.

— نېمە؟! ...، — مەن يىلان چېقىۋالغان ئادەمدەك چۆچۈپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، —نېمە دەۋاتىسىز؟ ...

— باينىڭ ساڭا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ، بەختىڭ ئېچىلىپتۇ دەۋاتىمەن.

— بەختىم؟! ... سارالڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟!

— نېمانچە مۆڭكەكلە يسەن، ئەخمەق، — موماينىڭ چىرايىدىكى بايىقى كۈلكە تەبەسسۇملىرى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك بىردىنلا يوقالدى. مېنىڭ شۇنچىلىك غەزىپىم كەلدىكى، ئۇنى كانىيىدىن سىقىپ بوغۇپ قويغۇم كەلدى، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىم جاقىلداپ تىترەپ كەتتى، كۆزلىرىمدىن ئوت يانغاندەك قىلاتتى.

— ھەي، ھەجەر موما! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم ئۆزۈمنى باسالماي، — ئېيتىڭا، ئاشۇ قېرى ئېيىق مېنىڭ لايىقىممۇ؟

مومای مېنی مەسخىرە قىلغانداك كۆلۈمسىرىدی:
— ئۆز قەدرىنی بىلمەيۋاتقان ماۋۇ تەنتەكنىڭ گېپىنی، مۇنداق ئوڭدىن كەلگەن تەلەي چۈشۈڭگىمۇ كىرمىگەن بولغىيتتی؟
— تەلەي؟! ... تەلەي ئەمەس، بۇ مېنىڭ ياش گۆلۈمگە كەلگەن جۇت، قارا بوران!
هەجەر مومای مېنی ئېرىنتەلمەسلىكىگە كۆزی يەتتىمۇ، قورقۇتقىلی تۇردی:
— ئۆز قەدرىڭنی ئۆزۈڭ يەرگە ئۇرما، ئوبدانراق ئويلان، باينىڭ كۆزی چۈشتىمۇ، بەربىر ئالمای قويمايدۇ، سېنىڭ چامىڭ نېمىگە يېتىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، تەقدىرگە تەن بەر.
مومای شۇنداق دەپ، قايغۇ، غەم - ئەندىشىلەرنی پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا خۇددی يۈگمەچتەك ياماشتۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتی. بای خوتۇنلىرىنىڭ ئاپام ئۆلگەندىن كېيىن ماڭا بولەكچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنی مانا ئەمدی چۈشەندىم. بۇ نېمىدېگەن خارلىق - هە! مەنمۇ ئادەمغۇ! كىم قولىغا ئالسا ۋىچىرلاپ كۈلۈپ بېرىدىغان قۇشقاچمىدىم؟! دۇنيادىكی ئازابلار ئىچىدە خارلىنىشتىنمۇ ئېغىر ئازاب بارمىدۇ؟ ... « تاۋار - دۇردۇنغا پۈركىنى-سەن » دەيدا! بايلىق بىلەن مېنىڭدە مۇهەببەت ئويغاتماقچی بولىدىكەن - دە، ياخشی كۆرۈش، مۇهەببەت دېگەن بايلىققا قاراپ ئويغىنىدىغان نەرسە بولسا، هەممە خوتۇن - قىزلار پۇلدارلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالامدۇ! ئادەملىكىنی يوقىتىپ، خارلىنىپ، پەسكەشلىشىپ رەسۋالىشىپ كەتمەمدۇ! ... مەخسۇت « ئېپىق »

راستتىنلا ئۆز دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم، مېنىڭ چامىم نېمىگە يېتىدۇ؟ ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق سوئال قويدۇم - دە، ئۇيىلا - ئۇيىلا ئاخىر سوئالىمغا جاۋاب تاپتىم: ئۆلۈۋالىمەن! ئۇنداق ياشاشتىن، ئۆلۈم ئەۋزەل.

مەن ئۆلۈۋالماقچى، دەرياغا ئۆزۈمنى تاشلىماقچى بولدۇم. دۇنيادا بەختسىزلىككە، زورلۇققا ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ ياش جېنىنى غازاڭ قىلغانلار ئازمىدى؟ شۇنداقلارنىڭ بىرى بولۇش يېڭى نەرسىمىدى؟... دۇنيانىڭ پۈتۈن مەينەتچىلىكى، ئاچكۆزلۈكى، زورلۇقىدىن، خېنىملارنىڭ زەھەر گېپى، شۇم تەقدىرنىڭ خارلىقىدىن بىراقلا قۇتۇلىمەن... شۇنداق ئويغا كەلگىنىمدىن كېيىن، ئۆزۈم يېنىكلەپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى، قايغۇ تۇمانلىرى تارقىلىپ كەتتى.

مەن پەيت ئىزدەپ ھەلەك ئىدىم. ماڭا ھەممە نەرسە، ھەتتا جېنىمۇ قىممىتى يوق نەرسىدەك بىلىندى. لېكىن شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يادىمغا ئۇشتۇمتۇت نوزۇگۇم چۈشۈپ قالدى. ئاپام رەھمەتلىك نوزۇگۇمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆپ ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ دەريا بويلىرىدا، توقايلىقلاردا، قومۇشلۇقلاردا ياشاپ يۈرۈپمۇ نېمىشقا ئۆلۈۋالمىدى؟ ئۇ ئېلىشىشنى ئويلىدى، قارشىلىق قىلىپ ئۆلۈشنى ئەلا بىلدى. مەنمۇ شۇنداق قىلسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ قېچىشمۇ بىرخىل قارشىلىق. قاچىمەن، تۇتۇۋالسا ئاخىرقى بىر تامچە قېنىم قالغۇچە ئېلىشىمەن. ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا قارىغاندا، ئېلىشىپ ئۆلۈش راستتىنلا ئەلا ئۆلۈم ئەمەسمۇ!

ئەمدى قېچىش كويىغا چۈشتۈم. بىراق ھەچەر

موماي ماڭا سايەمدەك ئەگىشۋالىدىغان بولدى. ئاخىر تويى بولىدىغان كۈنمۇ كەلدى. ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن مۇشۇ ئېسىل كىيىملەرنى ماڭا كىيدۈردى، قۇلىقىمغا ماۋۇ ھالقىنى ئاستى، قولۇمغا ماۋۇ ئۈزۈكلەرنى سالدى. يېرىم كېچە بولاي دېگەندە مېنى ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇشتى.

ئەل تارقىدى. قورۇ ئىچى جىمىدى. مەن ھويلىغا چىقتىم. ھەجەر موماي دەرھال يېتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا يەڭگە قىلىپ قويۇلغانىدى.

— نەگە، بالام؟ خۇدا دىلىڭغا سالدىمۇ، خېلى خۇشالغۇ سەن، — دېدى ئۇ.

— ھىممىتىڭىزدىن ئايلىناي ،موما، — دېدىممەنمۇ، — بىر چۈگۈن ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بېرىڭ، ھاجەتكە چىقىمەن.

شۇنداق دېدىم - دە، ھاجەتخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭ پاكار تېمىدىن ئارتىلىپ ئۇ ياققا چۈشۈپ كەتتىم. قورۇنىڭ كەينى دۆڭلۈك - ئېدىرلىق ئىدى. ئوقتەك يۈگۈرۈپ دۆڭگە چىقتىم - دە، چاپتىم، ھالسىراپ يىقىلغۇچە چاپتىم. تاڭ ئاتقاندا تاغقا ئۇلىشىۋالدىم. ئۇلار مېنى يالغۇز، قىز جېنىدا بۇياققا قاچمايدۇ، دەپ ئويلىغاندۇ، بەلكى مەھەللە ئىچىنى، مەن بارىدىغان تونۇش ئۆيلەرنى ئاختۇرغاندۇ ياكى دەريا بويلىرىنى قىدىرغاندۇ. نېمە بولسىمۇ، بەختىمگە كەينىمدىن قوغلاپ كەلگەنلەر كۆرۈنمىدى. تاغ ئىچىگە كىرىپ بىر كۈن ماڭدىم، ئاخىر سىزگە يولۇقتۇم، شۈكرى خۇدايىم، سىزگە يولۇقۇپ قاپتۇمەن...

قۇددۇس بۇ مىسكىن، گۈزەل قىزنىڭ پېشانىسىگە شۇنچە ئېغىر ۋە ئازابلىق سەرگۈزەشتىلەرنىڭ پۈتۈلۈپ

www.uyghurkitap.com

قالغانلىقىغا ئېچىنىپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈپ كەتكەنىدى: ئەمدى بۇ قىز خارلانماسلىقى، ئازابلانماسلىقى كېرەك، دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن بۇ ئويى ئۇنىڭ خىيالىغا قانداق مەقسەتتە كەلدى؟ ئۇ قىزغا مەڭگۈلۈك بەخت، خۇشاللىق بەخش ئېتەلەمدۇ؟... ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

نازاكەت پۈتۈن ھەسرەتلىرىدىن قۇتۇلغاندەك چوڭقۇر بىر تىندى - دە، بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى.

— مانا مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار، — دېدى ئۇ قۇددۇسقا تىكىلىپ، — مېنىڭ كىملىكىمنى بىلگەنسىز، مەن ئاران سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىلا بىلىمەن.

قۇددۇس قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى ئالدىدىكى پەسلىككە پىرقىرىتىپ تاشلىدى.

— مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارمۇ سىزنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، — دېدى ئۇمۇ، — سۆزلىسەم گەپ تولا، قىسقىراق دەي: مېنىڭ ئانام كىچىككىمدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. دادامغا ئەگىشىپ يۈرۈپ چوڭ بولدۇم، دادام ئوۋچى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «ساۋۇر ئوۋچى» دەيتتى. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتەتتى. دادام قېرىغاندىن كېيىن، ئوۋچىلىق قىلىشتىن قېلىپ، بىر باينىڭ جاڭزىسىغا قارىدى. بايلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشمۇ ياكى بىزنىڭ يولۇققىنىمىز شۇنداقمۇ، بۇ بايمۇ زالىم ئادەم ئىدى. دادام ئۆلىدىغان چاغدا ماڭا: «ئوغلۇم، بىراۋنىڭ قاپقىغا، چىشىنىڭ ئىقىغا قاراپ ياشاش — خارلىنىپ ياشاشتەك ئوسال تۇرمۇش بولمايدۇ. تاغلاردا ياشاش — ھايۋانلارچە ياشاش، خارلىنىپ ياشاشتىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا. كەت، ئوغلۇم، غەمسىز ياشايسەن» دېگەنىدى. دادام ئۆلگەندىن

كېيىن مانا مۇشۇ يەرلەردە ياشاۋاتىمەن. ناھىيە بازىرىدا بىر ئېغىزلىق ئۆيۈم بار، ئۇنىڭدا ئاز تۇرىمەن، كۆپ ۋاقتىم مۇشۇ كەڭرى دۇنيادا ئۆتىدۇ، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، دۇنيادا مېنىڭدىن ئەركىن ئادەم يوق.

نازاكەت ھاياجانلىنىپ كەتتى:

— دۇنيادا ئەمدى مېنىڭدىنمۇ ئەركىن ئادەم يوق، — قىز ھاياجىنىنى باسالماي قۇددۇسنىڭ مۇرىسىدىن تۇتتى، — ئېيتىڭا، خۇدايىم ئىككى يېتىمنى قانداق ئۇچراشتۇرۇپ قويغاندۇ؟

— خۇدا قوشتى دېگەن مۇشۇ...

— بۇ ئەمدى ئۆتكۈر ئەمەس، ئىككىمىزنىڭ ئۆيى، بىز مۇشۇ كەڭرى دۇنيانىڭ خوجايىنلىرى.

نازاكەتنىڭ كۆزلىرىدە ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم قوزغالغان مۇھەببەتنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. قۇددۇس قىزنىڭ كۆزىدىكى ساپ مۇھەببەتتىن بېرىۋاتقان نازۇك بېشارەتنى كۆردى. ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە ئوت كەتكەندەك بولۇپ، يۈرىكى دۇپۇلدەپ ئۇرۇپ كەتتى-دە، ئىختىيارسىز ھالدا قىزنى مۇرىسىدىن قۇچاقلىۋالدى. سىمابتەك تىترەپ كەتكەن نازاكەت ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋالدى:

— توختاڭ... بىز تېخى نامەھرەممىز، نىكاھ ئوقۇشمىز كېرەك.

قۇددۇسنىڭ ئۇنى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقتى:

— ئوقۇيلى... ئوقۇڭ...

قىز ئۆزىنى كۆلكىدىن ئاران - ئاران تۇتۇۋېلىپ ئوقۇدى:

— هاي، ساۋۇر ئوۋچىنىڭ ئوغلى قۇددۇسجان، سىز ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ئەمردىنىنىڭ قىزى نازاكەتخاننى ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟

— ئالدىم.

ئەمدى قۇددۇس ئوقۇدى:

— خوش، ئەمردىنئاخۇننىڭ قىزى نازاكەتخان، سىز ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ساۋۇراخۇننىڭ ئوغلى قۇددۇسنى ئۆزىڭىزگە قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، قىلدىم.

ئىككىسى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي قېلىشتى ۋە ئۇزاققىچە قۇچاقلىشىپ تۇرۇشتى...

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېڭى ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ قېلىشتى.

## 3

قۇددۇس بىلەن نازاكەت بىپايان ئاسماندا پەرۋاز قىلغان قۇشلاردەك ئەركىن - ئازادە، غەمسىز بولۇپ، ھەربىر كۈندىن رازى بولۇشۇپ ياشىماقتا ئىدى. ياش ئەر - خوتۇنلار ئۈمىدۋار بولدۇ. نەچچە كۈنلەپ توختىماي ياغقان قار ئارىلاش يامغۇرلارمۇ، بەزى - بەزىدە بولىدىغان كۈنلەپ ئاچ قېلىشلارمۇ ئۇلارنى قىلچە ئۈمىدسىزلىككە سالالمىدى. ئۇلارغا دۇنيادا جاپا - مۇشەققەت، ئوڭۇشسىزلىق يوقتەك تۇيۇلاتتى. كۆڭۈللۈك كۈن ئاققان يۇلتۇزدەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، كۆڭۈلسىز كۈن

سۆرەلمىلىك بىلەن ئۆتىدۇ. نازاكەتكە باي قورۇسىدا ئۆتكەن ئۈچ يىللىق هايات ئۈچ يۈز يىلدەك بىلىنگەن بولسا، بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن ئون بەش كۈن ئون بەش سائەتتەكمۇ بىلىنمىدى. دۇنيانىڭ شۇنداقمۇ ئازادە، خاتىرجەم جايلىرى بار ئىكەنغۇ، نېمىشقا ئادەملەر مۇشۇنداق جايلاردا ياشىمايدىغاندۇ؟...

تاغلاردا، بولۇپمۇ مۇنداق ئېچكىرى تاغلاردا قىش بۇرۇن چۈشۈپ كېتىدىكەن. تاغ تېرىكى، قېيىنلارنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن، هەر كۈنى ئىزغىرىن شامال چىقىپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچلانغان شاخلىرى ئاچچىق شىۋىرلايتتى. بوران ئۇرۇپ تۇرغان غار - ئۆڭكۈرلەردىن قورقۇنچلۇق ئاۋازلار كۆتۈرۈلەتتى ۋە ئەتراپقا ئاچ بۆرىلەر يىغىپ كەتكەندەك ۋەھشىي هۇۋلاشلار ئاڭلىناتتى. قۇددۇس ئۇزۇن جۇۋىنى، نازاكەت بولسا قىسقا جۇۋىنى سالالمايدىغان كۈنلەر كۆپەيمەكتە ئىدى.

— بايقاۋاتامسىز، — دېدى بىر كۈنى قۇددۇس، — قىش بۆرە جۇۋىسىنى كىيىپ كېلىۋاتىدۇ.

نازاكەت ئۇنىڭغا يىللىق كۈلۈمسىرىدى:

— ئادەم خاتىرجەم بولسا، تەبىئەتنىڭ هەممىلا كۈنى كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىكەن.

— كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى تېخىمۇ ياخشىراق ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىنى قىلمىساق بولمايدۇ، چۈنكى بىز مۇشۇ ئۆڭكۈردە قىشلايمىز...

نازاكەت ئۇنىڭ سۆزىنى دەرهال بۆلدى:

— ئۆڭكۈر دېدىڭىزما؟

— ھە راست، ئۆيمىز - دە. ئۆيمىزگە كىرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاش كېرەك، تېخى ئاتقا ئېغىل سېلىش، ئوت - چۆپ يىغىش، بازارغا چۇشۇپ چىقىش كېرەك.

— چۇشۇپ چىقىڭ، مەن تۇرۇپ تۇرىمەن.

— بۇ قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئەمەس، ئىككى قېتىم چۇشۇپ چىقىشقا سەككىز - توققۇز كۈن كېتىدۇ، سىزنى قانداق يالغۇز تاشلاپ كېتەلەيمەن.

— ئەمىسە، مەن قانداق قىلىمەن؟

— مەشەدىن كۈنچىقىشقا قاراپ يېرىم كۈن ئاتلىق ماڭساق خۇددى بىزگە ئوخشاش ياشاۋاتقان بىر بوۋاي بىلەن موماي بار، سىزنى شۇلارغا ئامانەتكە قويماقچىمەن. قانداق دەيسىز؟

— ئامانەتنى چىڭ ساقلىيالىسا مەيلى، — دېدى نازاكەت كۈلۈپ.

× ×

شۇنىڭدىن كېيىن قۇددۇس تىنىمسىز ھەرىكەت قىلدى. ناھىيە بازىرىغا چۇشۇپ تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى توشۇدى، ئوتۇن يىغىپ تەقلىدى. نازاكەتنى يەنە ئۆڭكۈرگە قايتۇرۇپ ئەكەلگەندىن كېيىن، ئاتقا ئېغىل ياساپ، ئوت - چۆپ يىغىش ئىشىغا كىرىشتى.

قۇددۇس ھەر كۈنى دېگۇدەك ئوۋغا كېتەتتى. ئۇ كۆك ئېتىغا مىنىپ ماڭغاندا، نازاكەت خۇددى ئەتىۋارلىق مېھمىنىنى ئۇزىتىپ چىققاندەك ئۇنىڭ بىلەن خېلى

يەرلەرگىچە بىللە ماڭاتتى ۋە: «پەخەس بولۇڭ، ئېيىق بار يەرلەرگە بارماڭ» دەيتتى. كۆن قايرىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن باقاتتى

قاتتىق قىش باشلاندى، قۇددۇس ئۇۋىغا چىقمايدىغان بولدى. ھەممە ياق قېلىن قار بىلەن چۈمكەلگەنىدى. يىراقلاردىكى تاغلار، ئۇچما چوققىلار ئۆزىنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرىنى يوقىتىپ، ئاق تونلۇق ئادەملەرگە ئوخشىشىپ قالدى. بوران ھەر كۈنى دېگۈدەك چىقىپ تۇراتتى، قار قويۇنى تاغدىن - تاغقا، جىرادىن - جىراغا ئۇرۇلۇپ، پىرقىراپ ئويناتتى. شۇڭا مۇنداق شىۋىرغانلىق كۈنلەردە ئۇۋغا چىقىش خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلارنىڭ رىزقىسى بولغان كېيىك ۋە تاغ ئۆچكىلىرى بەزىدە ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالاتتى.

ئوچاقتا قارىغاي ئوتۇنى چاراسلاپ ياناتتى، ئۆڭكۈر ئىچى ئىسسىق، يىللىق ئىدى. نازاكەتنىڭ ئوت يالقۇنى چۈشۈپ تۇرغان خاتىرجەم چىرايىدىن بەخت نۇرى چاقنايتتى، ئۇ مۇشۇ ياۋايىلارچە تۇرمۇشتىن جەننەتكە كىرگەندەك خوشال ئىدى. ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆڭكۈردە سولىنىپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرغىنى يوق، بەلكى بۇنىڭغا ئۇ رازى ئىدى. ئەنە، ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى قۇددۇسنىڭ بارماقلىرى تاراپ تۇرۇپتۇ.

—قۇددۇس، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بەخت دېگەن نېمە؟

www.uyghurkitap.com

— بەخت؟ — تۇيۇقسىز بېرىلگەن سوئالدىن قۇددۇس تەمتىرەپ قالدى.

— بەخت دېگەن خاتىرجەملىك، — دېدى نازاكەت.

— ئىككىمىز خاتىرجەمغۇ؟

— شۇڭا ئىككىمىز بەختلىك. مەن سىزگە ئۆزۈم كۆرگەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي: باينىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان گۈلسۈم ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى، ئۇ بىر كەمبەغەل بالىنى ياخشى كۆرەتتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى يەنە بىر باينىڭ بالىسىغا بەرمەكچىدى، بىراق قىز ئۇنى قىلچىمۇ ياقتۇرمايتتى. گۈلسۈم ئاخىر ھېلىقى كەمبەغەل بالا بىلەن قېچىپ كەتتى. باينىڭ ئۆيىدىكىلەر: نومۇسىمىز تۆكۈلدى، دەپ ئۆزلىرىنى كاچاتلاشتى. ئانىسى: «بەختسىز بولغۇسى كەلدى بۇ جۇۋانىمەكنىڭ، تارتقۇلۇقى بار...» دەپ قاقشىدى. مېنىڭچە، گۈلسۈم بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. بېشىغا ئالتۇن تاج كىيىۋالسىمۇ، تۇرمۇش كۆڭۈلسىز بولسا، ئۇنى قانداقمۇ بەختلىك تۇرمۇش دېگىلى بولىدۇ؟! كۆڭۈل خالىغان ئىشنى قىلىشنى نومۇسسىزلىق، خالىمىغان ئىشنى قىلىشنى نومۇسلۇق دەپ قارايدىغانلار يەختىنى ئەنە شۇنداق ئۆلچەيدۇ.

نازاكەت سۆزىدىن توختاپ قۇددۇسقا تىكىلدى.

— باياشات ئائىلىدە چوڭ بولغان قىز ئاشۇ تۇرمۇشقا كۆنەرمۇ؟ — دېدى قۇددۇس ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن.

— شۇ كەمبەغەل يىگىتنى چىن دىلىدىن سۆيسە، ئۇنىڭ جاپاسىنى راھەت دەپ بىلىدۇ، ئاشۇ تۇرمۇشقا قانائەت قىلىدۇ، بەختلىك بولدى دېگەن شۇ.

نازاكەت كۆپ ئويلايتتى، كۆپ سۆزلەيتتى. سۆزلىگەندىمۇ ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي سۆزلەيتتى. ئۆكتۈرگە سولىنىپ ئۆتكەن قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرى، ئۇزاق تۈنلىرى مۇشۇنداق سۆھبەتلەر بىلەن بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى. قارلار ئېرىپ مۇزلار يېرىلىپ، ئەتىياز ئۆزىنىڭ يېشىل تونىنى كىيىشكە باشلىدى. جىرالار، سايلاردا دەھشەتلىك شاۋقۇن سالغان سۇلار يىقىلغان دەرەخلەرنى قىرغاقلارغا ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ ئېلىپ ماڭماقتا ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئەنە شۇنداق شىددەت بىلەن ئاققان سۇ قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرىنى، غەلدى-غەشلىرىنى ئەكەتتى - دە، باشقىچە بىر دۇنيا يۈز ئېچىشقا باشلىدى.

ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ ئەڭ گۈزەل مەزگىلى يېتىپ كەلدى. ھەر يىلى بىر كېلىدىغان باھار شۇنداق گۈزەلمىدۇ ياكى بۇ يىل شۇنداق چىرايلىق ھۆسن بىلەن كەلدىمۇ؟ نازاكەت باھار ھۆسنىگە مەپتۇن بولۇپ، ئەتراپقا پۈتۈن ئىشقى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۆكتۈرنىڭ ئۈستىدىن ھەممە ياق ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭ ئاۋۇ ئېگىز چوققىلارنى ئاپئاق بۇلۇتلاردەك قۇچاقلىغۇسى، باغرىدا ئۈزگۈسى ۋە يەنىمۇ ئېگىزلىكلەرگە چىققۇسى كەلدى. كېيىن ئۇ گۈل دەستە تىزىشنى ئويلىدى. رەڭگارەڭ گۈل بىلەن بېزەلگەن يانتۇلۇققا بېرىپ، قايسى خىلدىكى گۈلنى ئوتتۇرىغا، قايسى خىلدىكى گۈلنى چۆرىسىگە تىزىشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى - دە، ئېگىشتى، ئاۋۋال لەيلىقازاقنىڭ يۇمشاق غولىنى تۇتتى. دەل شۇ چاغدا گويا بىرى: «ھاي، ھاي» دېگەندەك،

قولىنى دەررۇ تارتىۋالدى. ئېمىشقا ئۇزىمەن؟ سولىشىپ كەتمەمدۇ؟ ئۇنىڭەن يېرىدە ياشىرىپ تۇرسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ ... دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە، ئېگىشىپ تۇرۇپ ئۇنى پۇرىدى: «ئۇھ ... مۇرادىغا يېتىپ، خۇددى مەندەك ئېچىلغان گۈل، تېخمۇ ئېچىل، ئېسىل پۇراقلىرىڭنى چاچ. مەڭگۈ مۇشۇنداق يايراپ تۇر ...» ئۇ گۈللەرگە زوقمەنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى.

قۇددۇس كېيىك گۆشىنى پارچىلاپ، قازانغا سالغۇدەك قىلىپ قويدى - دە، قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ ئۆرلەپ ماڭدى. ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ بېشىغا چىقىپ، نېرىدا گۈللەر ئارىسىدا نېمىگىدۇر تىكىلىپ تۇرغان نازاكەتنى كۆردى. بېشىغا پەرەڭ ياغلىق تاڭغان نازاكەت خۇددى يېنىدىكى گۈللەرگە ئوخشىشىپ قالغانىدى. قۇددۇس پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇنىڭغا يېقىنلىدى، ئالدىدىكى كىچىك ئازگالغا چۈشتى - دە، ئۇرۇقچىلىك تاشنى ئېلىپ، نازاكەتنىڭ غولىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئاتتى، تاش دېگەن يەرگە تەگدى.

— بىلدىم، بۇ سىز، — دېدى نازاكەت كەينىگە قايرىلىپمۇ قويماي.

قۇددۇس كۈلۈپ بېشىنى كۆتۈردى:

— قانداق بىلدىڭىز؟

— تېشىڭىزنىڭ ئەركىلەپ تېگىشىدىن.

ئىككىسى يۇمشاق چۆپ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى، ھەيۋەتلىك، كۈمۈش رەڭلىك چوققىلارغا تىكىلدى.

نازاكەت ئەركىلەپ بېشىنى قۇددۇسنىڭ مەيدىسىگە قويدى، قۇددۇس يوغان بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ چېچىنى



www.uyghurkitap.com

تاغ شاماللىرىدەك يەلپۈپ تاراشقا باشلىدى. نازاكەت مۇھەببەتنىڭ لەززەتلىك پەيزىنى سۈرۈپ، تامامەن مەست بولۇپ كەتتى...

— قۇددۇس، — دېدى نازاكەت، — بىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئاشۇ قۇشتەك غەمسىز، بەختلىك-ھە؟

— شۇنداق، —دېدى قۇددۇسمۇھاياجان بىلەن، — ئەنە، ئاۋۇ قىردا ئېچىلغان بىر جۈپ گۈلنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆرمەيچۇ.

— بىز ئادەمزات يارالغاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم تاغدا ئېچىلغان بىر جۈپ قىزىلگۈل!

— تاپتىڭىز، بىز بىر جۈپ گۈل، ئەمما گۈل سولىشىدۇ، بىز ئەبەدىي سولاشمايدىغان گۈل.

مەنىلىك گەپلەر، تاتلىق خىياللار ئۇلارنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى، كېلەچەك ھەققىدىكى گۈزەل ئارزۇلىرىنى ئىپادە قىلاتتى. بۇ بەختلىك دەملەر ھەر ئىككىسىنى مەست قىلىۋەتكەنىدى.

نازاكەت بىردىنلا جانلاندى:

— قۇددۇس!... قاراڭ، مىدىرلاۋاتىدۇ... ئاخشامۇ مىدىرلىغاندەك قىلغان...

— راستمۇ؟

— قولىڭىزنى قورسىقىمغا قويۇپ بېقىڭا.

قۇددۇس قولىنى سۇندى.

— قانداق ئىكەن؟

— راست ئىكەن، تېپىۋاتىدۇ، شوخ ئوخشايدۇ، سىزنى دورىسا شوخ بولىدۇ.

— ياق، كۆچلۈك ئوخشايدۇ، سىزنى دورىسا كۆچلۈك

بولىدۇ.

نازاكەت خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىدى. قۇددۇس ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا مەستلىكى كېلىپ، چەبدەس ھەرىكەتلىرىگە زوقلاندى. ئۆز ھاياجىنىنى باسالمىغان نازاكەت كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قۇددۇسنى چىڭ قۇچاقلىدى...

× ×

كۈن يېگىلا پېتىپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئاچ قىزىل، ھال رەڭ نۇرلىرى ئاسماندا لەيلەپ تۇرغان ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە قالدى، بۇ تاغلار ئارىسىدىكى كەچكى گۈزەللىك پەيتى ئىدى. شۇ گۈزەللىكتىن روھى كۆتۈرۈلگەن نازاكەت ئەپچىل ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇششاق توغرالغان ياۋا پىياز بىلەن سامساقنى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا پۇرۇقلاپ گۆش قايناۋاتقان قازانغا سېلىۋەتتى - دە، خېمىرنى يېيىشقا تۇتۇندى.

يىراقتىن مۇشۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق كىشى كۆرۈندى.

— ئاۋۇ كىمدۇ؟ — سەل دەككە - دۈككىدە سورىدى نازاكەت. قۇددۇس ئورنىدىن تۇرۇپ نازاكەت كۆرسەتكەن تەرەپكە زەن سېلىپ قارىدى:

— ھە، ئۇ ھېزىم ئوۋچى.

— ئاۋۇ چاغدا كەلگەن بوۋايما؟

— ھەئە، مەن ئۇنى تۈنۈگۈن كۆرگەن، ئېيىق ئىزدەپ يۈرۈپتىكەن.

هايال ئۆتمەي ئاتلىق كىشى يېتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھېزىم بوۋا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ھېزىم ئۇۋچى ئېتىدىن چۈشتى. ئۇ گەۋدىلىك، تەمبەل، يېشى ئاتمىشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئادەم ئىدى. ئۇ بېلىگە قىل ئارقاننى قەۋەتمۇ قەۋەت ئورىۋالغانىدى. غانجۇغىسىدا قوڭۇر ئېيىق تېرىسى تۇراتتى.

— پاھ ... تېپىپسەن - دە، ئامىتىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ.

— مۇشۇنى دەپ تۆت كۈن قاڭقىرىپ يۈردۈم. دېگىنە.

ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغىلا سېلىنغان بۆرە، ئېيىق تېرىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. پىياز، سامساق بىلەن ئارىلىشىپ پىشقان كېيىك گۆشىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى ۋە ئېغىزلارغا سېرىقسۇ كەلتۈرەتتى. نازاكەت گۆش سۈزۈلگەن كىچىك تەڭنىنى ئىككىسىنىڭ ئالدىغا قويدى، تەڭنىدىن قويۇق ھور پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

— ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە كېلىدۇ، دېگەن گەپ بار، — دېدى قۇددۇس، — قېنى، بەكەڭنى ئال.

— ئۆزۈممىغۇ گۆشنىڭ پۇرىقىنى بىر كۈنلۈك يەردىن سېزىمەن.

ھېزىم بوۋا بەكسى بىلەن گۆشلەرنى پارچىلاپ توغرىدى. نازاكەت قۇرغاق گۆشنىڭ ئۈستىگە ياغاچ ساپلىق بىلەن يەنە شورپا قۇيدى، ئۇلار تاماققا

كىرىشتى. بىر تەڭنە نىرىن يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ياغاچ چىنىلەردە شورپا ئىچىشتى. قورساق ئوبدان تويغاندىن كېيىن، نازاكەت قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇشقا ئېلىپ ماڭدى. قۇددۇس قولىنى ئېرتىۋېتىپ ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ تاماكا يۆگىدى.

ئۆڭكۈر ئالدىدىكى تاغ سۈيى تېخىمۇ قاتتىق شارقىراشقا باشلىدى، قاڭتۇرۇپ باغلاپ قويۇلغان ئات مۆگدەيتتى، ئاستا ئۆرۈۋاتقان شامال شۇۋىرلايتتى، كەچكى نەم ھاۋا ئۇلارنىڭ غوللىرىنى كىرىشتۇرۇپ مۇزلىتاتتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى، يۇلتۇزلار چاراقلاپ ياندى. تاغ — كۆندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ گۈزەللىك بىلەن تولغان خىسلەتلىك جاي ئىدى.

ھېزىم ئۇۋچى بىلەن قۇددۇس ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپ قىلىپ، ئاخىر ئېيىق ئوۋىنىڭ گېپىگە چۈشتى:

— ئېيىقنى نەدە ئۇچراتتىڭ؟

— يالغۇز بۇلاقتا.

— خېلى ئېلىشقان ئوخشىمامسەن، كىيىملىرىڭ قانغۇ؟

— ئېلىشماي ... ئاسانمۇ؟ تاقىرجىرادىن ئايلىنىپ يالغۇزبۇلاققا چىقىشىمغا، يائاللا خۇدا كۆرسەتمىسۇن، تەسكەيدىكى چاتقاللىقتىن ئالدىمغىلا چىقىپ قالدى دېمەمسەن، ھېلىمۇ ياخشى بىلىكىمگە توم قىلىپ قىل ئارقاننى ئورىۋاپتىكەنمەن، كاساپەت بىر چىرقىرىدى- دە، بىردىنلا ئۆرە بولۇۋېلىپ، ئالدى ئىككى قولى بىلەن بىراقلا چاڭگال سالدى. ئارقان ئورىغان قولۇمنى ئاغزىغىلا تۇتۇپ بەردىم. ئۇمۇ ئېغىز سالدى، مەنمۇ ئوڭ قولۇمغا ئالغان خەنجەرنى يۈرىكىگە كەينى-كەينىدىن ئىككى-

ئۇچنى ئۇرۇۋىدىم، ئۇنىڭ قوللىرى بوشىشىپ قالدى. مەيدىسىگە كۆچەپ تۇرۇپ بىر تېپىۋىدىم، كەينىدىكى پەسكە دومىلاپ چۈشتى، مەنمۇ كەينىگە ئون - ئون بەش ماڭدام چېكىنىۋالدىم. مۇنداق چاغدا ئېيىق قانچە كۆپ ھەرىكەت قىلسا، شۇنچە كۆپ قان كېتىدۇ - دە، ئاڭغىچە ئۇمۇ يۇمىلاپ قوپۇپ، مەن تەرەپكە قەھرى بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئېتىلدى، بىراق بىرنەچچە ماڭدامدىن كېيىن بولالمىدى، تىزلىنىپ يىقىلدى...

— مۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالغا بۇلتۇر مەنمۇ بىر يولۇقتۇم، — دېدى قۇددۇس، — نەق شۇ يەردە، خۇددى ساڭا يولۇققاندەك، ئېيىق مېنىڭمۇ ئالدىمغىلا چىقىپ قالدى، ماڭمۇ بىراقلا چاڭگال سالىمەن، دەپ ئالدى ئىككى قولىنى كۆتۈردى، مەنمۇ بەتلەكلىك مىلتىقىمنى ئۇنىڭغا تەڭلەپلا تۇرۇپ قالدىم، ئۇنىڭغىمۇ جان كېرەك ئىكەن، ئۇمۇ شۇ ھالدا تۇرۇپ قالدى. مىلتىقنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى، ئېيىقمۇ كۆزىنى باشقا ياققا بۇرالمايتتى، مەنمۇ بۇرالمايتتىم، تەپكىنى باستىم، كاساپەت چىلكىنى قارىمامدىغان، پىستان چاقمىدى. ئەمدى ئۆلۈپتىمەن دەپ ئويلىدىم - دە، ئىككىنچى قېتىم بېسىۋىدىم، خۇدايا شۈكرى، ئېتىلدى. ئېيىق قاڭقىپ كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئېتىلىپ كېلىدىغان نەدە ھالى، بىردەم تېپىرلاپ ئاخىر جىممىدى، مۇشۇ ئاستىڭدىكى تېرە شۇ ئېيىقنىڭ تېرىسى.

ئوۋچىلارنىڭ گېپى قىزىقارلىق ئەمما ۋەھىمىلىك بولىدۇ. ئاجايىپ دەھشەتلىك ۋەقەلەرنى، ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىنى سۆزلەش ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكىلا ئىش،

لېكىن ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋە قورقۇنچلۇق بولدۇ. نازاكەت شۇنداق تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، بېرىلىپ تىڭشىدى ۋە ئۆزىدە بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى خېلى داۋاملاشتى. ۋاقىت يېرىم كېچىگە ئۇلاشقاندا، ئاندىن يېتىپ قېلىشتى، ئەتىسى چايدىن كېيىن، ھېزىم ئوۋچى ئېتىنى توقۇپ، پۇتىنى ئۈزەڭگىگە ئالغاندا، قۇددۇس بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى:

— ئۆزۈڭ بىلسەڭ، بىز ناھىيىگە چۈشەلمەيمىز، سەن مۇنۇنى سېتىپ، بۇداقى چىقىشىڭدا نازاكەتكە بىر قۇر كىيىم - كېچەك ئالغاچ چىقساڭ، ئۇنىڭ تۇرغان تۇرقى شۇ.

— بولىدۇ، خەير، ئامان بولۇڭلار.

ئوۋچى يۈرۈپ كەتتى.

× ×

ھېزىم ئوۋچى بىر قونۇپ ناھىيىگە يېتىپ كەلدى. ئەتىسى ناھىيە بازىرىدا ئېيىق تېرىسى بىلەن ئالتۇن ھالقىنى چاپسانلا سېتىۋەتتى. ھالقىنى خېلى جىق پۇلغا ساتقاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن نازاكەتكە كىيىم - كېچەك ئېلىش ئۈچۈن بازار ئارىلىدى. تاغقا لايىق، چىداملىقراق تۇپلەي ئالسام دەپ خېلى ئۇزاق ئايلاندى. ئاخىر بىر ۋاپۇرۇشنىڭ دۇكىنىدىن بىر پار تۇپلەينى سۆزلىشىپ ئالدى. بىراق

پۇلنى تۆلەيدىغان چاغدا، نېمىشقىدۇر ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.
— ھە، يالتىيىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى ۋاپۇرۇش.
— يالتىيىپقۇ قالمىدىم، كىچىك كېلىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.
— كىمگە ئالدىڭىز؟ — دېدى دۇكاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرى.
— بىر قىزغا ئالاتتىم.
— كىيدۇرۇپ ئالغانلىرى ياخشى.
— كىيدۇرۇپ ئالغىنىمغۇ ياخشىدى، يىراق ئۇ قىز تاغدا - دە.
— تاغدا؟ ... قازاق قىزىمۇ؟
— ياق، بىز خەق.
— تېخى يايلاق ۋاقتى يېتىپ كەلمىسە، ھېلىتىن تاغقا چىقىۋالغان قانداق بىز خەقتۇ ئۇ؟
ھېزىم ئۇۋۇچى چۆچۈپ كەينىگە قايرىلىپ، سۆزلەۋاتقان ئادەمگە قارىدى، بۇ مەخسۇتباي ئىدى، بوۋاي چۆچۈپ كەتتى...نېرى-بېرى گەپنى قويۇپ، پۇلنى تۆلىدى - دە، توپلىيىنى ئېلىپ، خۇددى بىرنەرسىنى يىنتۇرۇپ قويغان ئادەمدەك ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. مەخسۇتباي ئۇۋۇچى بوۋاينىڭ ھەرىكىتىگە تىكىلىپ قارىدى - دە، كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتى. ئۇنىڭ سۇرلۇك چىرايى تاتىرىپ، بۇرۇتلىرى دىردىيىپ كەتتى. بوۋاي ئۇ يەردىن يېنىپ، چاپان بازىرىغا كەلگەنىدى. مەخسۇتباي بىردەمدىلا ئىككى چاكىرىنى تېپىپ كېلىپ، بوۋاينى يىراقتىن كۆرسىتىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:
— ئەنە شۇ، ھېزىم دېگەن ئۇۋۇچى ئىكەن، كەينىگە چۈشۈڭلار. ئۇ كىيىم - كېچەك ئېلىۋاتىدۇ،

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى نازاكەت دېگەن قاچقۇنغا ئېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئۇ تاغدا ئوخشايدۇ. بۇ قېرى بەلكىم ئەتكىچە تاغقا ماڭىدۇ. كۆزگە كۆرۈنمەي كەينىگە كىرىڭلار، بوگۈن ئۆيىنى كۆرۈۋېلىڭلار، ياخشى خىزمەت كۆرسەتسەڭلار، تاپان ھەققىڭلارنى دېگەندەك بېرىمەن، قالغان گەپنى ئاخشاملىققا دېيىشىمىز.

دېگەندەك، ھېزىم ئۇۋچى ئەتىسى ئەتىگەندە، نازاكەتكە ئالغان نەرسىلەرنى خۇرجۇنغا سېلىپ، ئاتلىق يولغا چىقتى. مەخسۇتباينىڭ ئىككى چاكىرىمۇ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتى. ئۇلار بوۋاينى قارا - كۆرە كۆرۈپ كەينىدىن مېڭىۋەردى، لېكىن يېقىنلاشمىدى، ئىككى چاكار بوۋاينى ھەم يىتتۈرۈپ قويماسلىق، ھەم كۆزگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشىپ، بىردە ئىتتىكلەپ، بىردە ئاستىلاپ يۈرمەكتە ئىدى. بىر يەرگە كەلگەندە قېرى ئۇۋچىنى يىتتۈرۈپ قويدى. ئاڭغىچە ئۇلار ئۆزىمۇ ئۇلۇك تەرەپكە كەتكەن جىرا ئېغىزىغا كېلىپ قالدى. قاياققا ماڭغاندۇ؟ ئۇدۇل ساي ئىچى بىلەن ماڭدىمۇ ياكى مۇنۇ جىراغا بۇرۇلدىمۇ؟ ... ئۇلار تېڭىرقاپ قاياققا ماڭغانلىقىنى قىياس قىلالمايلا تۇرۇپ قېلىشتى، ئۇنىڭ جىندەك يوقلىپ كېتىشى ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغانىدى. ئۇلار ۋەھىملىك خىياللار بىلەن تۆت ئەتراپقا قارىشىپ يېرىم سائەتتەك تۇرۇپ قېلىشتى. ئەگەر ئۇدۇل كەتكەن بولسا، ئاۋۇ ئېگىزلىكلەردە كۆرۈنمەسمىدى؟ ئۇنداق بولسا، مۇنۇ جىراغا بۇرۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ - دە.

ئۇلار ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ جىرا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ماڭدى. ئۇۋچىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن جىرا ئۈستىگە چىقتى، ئالدىدا يەنە بىر ئېگىزلىك كۆرۈندى، ئۇنىڭ ئۈستىگىمۇ چىقىشتى. شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتە يىراق بىر يەردە كۆكۈچ ئىسنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى، ئۇلار باشقىدىنلا جانلىنىپ، شۇ ياققا قاراپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلارنى ئەڭ ئاۋۋال نازاكەت كۆرۈپ قالدى ۋە ئۆڭكۈرگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىردى:

— ئىككى ئاتلىق كىشى كېلىۋاتىدۇ! — دېدى ئۇ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ.

چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ھېزىم بوۋاي بېشىنى كۆتۈردى:

— ئوۋچىلاردۇ؟

— ياق، ئوۋچى ئەمەستەك قىلىدۇ، مىلتىقسىز.

قۇددۇس ئەتىگەن ئوۋغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يوقلۇقى نازاكەتنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى ۋە يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى ...

ئىككىيلەن ئۆڭكۈرگە سالام - سائەتسىزلا كىرىپ كېلىشتى:

— ھە، نازاكەت خېنىم، سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز-دە، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.

نازاكەت ئۇلارنى تونۇيتتى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى - دە، غەزەپ - نەپرەتنى بىردىنلا چىرايىغا ئۇخچۇپ چىقتى:

— ھە، مەشەدىمەن. چاشقاننىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈكى يوق دېگەن راست ئىكەن. بۇ يەرنىمۇ تىمىسقىلاپ تېپىشتىڭمۇ؟ بىر پارچە قاتتىق ناننى ئۆمۈر بويى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

غاجىلايدىغانلار.

— تىلىڭنى تارت، سەن بايىنىڭ ئەمرىدىكى خوتۇنسەن...

ئېلىشىش مۇشۇنىڭ بىلەن باشلاندى. ئۇلار نازاكەتنى سۆرەپ ماڭغاندا، بوۋاي ئۇنىڭغا ئېسىلدى. چاكارلارنىڭ بىرى يېرىپ كەسلەپ قويغان قارىغاي ئوتۇن بىلەن بوۋاينىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز ئۇرۇۋەتتى. بوۋاي يىقىلىپ ھوشسىزلاندى ۋە قانغا مىلىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇلار شۇنداقتىمۇ نازاكەتنى ئۆكۈردىن ئاچىقىپ كېتەلمىگەن بولاتتى، ئەمما ئۇمۇ تاياق زەربىسىدىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئىككىسى ئۇنى ئۆكۈردىن سۆرەپ ئاچىقتى ۋە ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىشتى.

قۇددۇس كەچكە يېقىن ئۇۋدىن قايتتى. ئۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى تاغ ئۆچكىسى ئاتقانىدى. ئۇ نازاكەتنى خۇش قىلىمەن، دەپ ئويلايتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن قۇددۇس ئوۋغا ماڭغاندا:

— بۇ قېتىم پال سالايلى، — دېگەنىدى نازاكەت ئېگەرنىڭ قېشىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئەگەر سىزگە تاغ ئۆچكىسى يولۇقسا، بالىمىز ئوغۇل، كېيىك يولۇقسا قىز بولىدۇ.

— ھەر ئىككىسى يولۇقماي قالسىچۇ؟

— ئۇ چاغدا ... قىز - ئوغۇللۇقىنى بىلەلمىگەن بولايلى.

— سىزچە قايسىسى يولۇقسا بولار؟

— تاغ ئۆچكىسى.

— نېمىشقا؟

— سىزنىڭ يالغۇزلۇقىڭىزدا ئوغۇل بولسا دەيمەن-دە.

— سىزمۇ يالغۇزمۇ؟

— مەنمۇ يالغۇز... ئىككىنچىسى...، — نازاكەت ھۆپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى...

قۇددۇس شۇ گەپلەرنى ئەسلەپ، ئىچىنى دىۋىتىپ، ئىتتىكلەپ كەلمەكتە ئىدى. بىراق ئۇ ئۆڭكۈرگە قانچە يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە ھەيران بولدى. چۈنكى ئۇ ھەر قېتىم ئۇۋدىن قايتقاندا، نازاكەت ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىقاتتى، بۇ قېتىم نېمە بولغاندۇ؟... ئۇتۇن تەرگىلى كەتكەنمىدۇ؟ سۇ بويىغا كىر يۇغىلى چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ چىقاتتىغۇ؟ ... يا بىرەر يەرگە مۆكۈنىۋالدىمىكىن؟...-

ئۇ ئۆڭكۈرگە يېقىن كېلىپ، چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرنى كۆردى، شۇئان يۈرىكى بىرقىسما بولۇپ كەتتى. ئالدىراپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆڭكۈرگە كىردى، كىرگەن پېتى قېتىپلا قالدى: ھېزىم بوۋاي سونايلىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى، چاچ - ساقاللىرى قىپقىزىل قان بىلەن بولغانغان بولۇپ، قورقۇنۇچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغانىدى، نازاكەت كۆرۈنمەيتتى...

— بوۋا، ھېزىم بوۋا! ... نېمە ئىش بولدى؟ ... نېمە ئالامەت بۇ؟ ... نازاكەت قېنى؟

بوۋاي مىدىرلاپمۇ قويمايتتى، لېكىن تىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قۇددۇسنىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى، كىكىردىكىگە ئۆتكۈر پىچاق تىقىلغاندەك ئېغىر تىناتتى، ئۇ شۇنچىلىك ھودۇقۇپ - قايمۇقۇپ ئۆزىنى بىلەلمەي قالدىكى، بوۋاينى تاشلاپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالغانلىقىنى سەزمىدي. ئۇ سۇ بويىغا چىقتى،

www.uyghurkitap.com

ئىزلارغا سەپسالدى، ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىگە چىقتى، جىرالارغا تىكىلدى، قايسى كۈنى ئۈينىشىپ نازاكەتكە تاش ئاتقان ئازگالغىمۇ قاراپ كەلدى. ئاخىر ئۆزىنى باسالماي، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى:

— نا — زا — كەت!...

تەرەپ - تەرەپتىن «نا — زا — كەت» دېگەن ئەكس سادالار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى جاراڭلاپ، تاغ ئىچىنى بىر ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا سادا ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئۇيياقىقا قارايتتى، بۇياققا قارايتتى، يۈزلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن، قۇلاق چۆرىلىرىدىن تەر تامچىلىرىنىڭ چىپىلداپ ئېقىۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى ... بىر چاغدا ئۇنىڭ يادىغا ھېزىم بوۋاي كەلدى - دە، ئۆڭكۈرگە قاراپ يۈگۈردى. بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، يۈزلىرىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتتى، تازىلىدى. شۇ چاغدا بوۋاي مىدىرلىغاندەك قىلدى، سەل تەۋرەندى، كۆزىنى قىيا ئاچتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى يېغى تۆكۈلگەن چىراغتەك نۇرسىز ئىدى. گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى قورۇلۇپ ئۇمچىيىپ تۇراتتى. بوۋاي ناھايىتى تەسلىكتە كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ بولغان ۋەقەنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلىدى. قۇددۇسنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىققاندەك بولۇپ، غەزەپتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەشكە باشلىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئات سالسۇنمۇ؟ بىراق، بوۋاينى شۇ ھالدا تاشلاپ ماڭغىلى بولامدۇ؟

ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى تۇۋرۇككە مەھكەم باغلاپ قويۇلغان، ئەمما بىر ئورۇندا تۇرالماي يەرنى چاپچىپ،

چېپىشقا تەييار تۇرغان ئاتنى ئەسلىتەتتى. قۇددۇس شۇ هالدا بوۋاينىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ بىر كۇندۇز، بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. بوۋاي ئەمدى ئۇلتۇرغۇدەك، ئاز - تولا بىرنېمە يېگۈدەك بولدى. شۇ چاغدا ئۇ، قۇددۇسنىڭ تالاغا ئىنتىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— تۇر، بالام، زەينەپمۇ كاككۇكنى ئىزدەپ، تىنماي «كاككۇك - كاككۇك» دەپ قىچقىرىدۇ، ئاشۇ قۇش جېنىدا ئۆز يارى ئۈچۈن شۇنچىلىك سەكپارە بولىدۇ. سەن ئادەم ئەمەسمۇ، سەنمۇ نازاكەتنى ئىزدە، تاپ! ئۇنى چىلبۆرىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇر! ماڭا قارىما. مەن ئەمدى ئۆلمەيمەن.

قۇددۇس كۆك ئاتنى توقۇدى - دە، ئاتلاندى، ئۇ ئات ئۈستىدە بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ خۇددى ئاتنىڭ ئۈستىدىن بىردىنلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك قىياپەتتە ئولتۇراتتى. گويا ئۆزى چېپىۋاتقاندەك ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازىدىن ناھىيىگە يېقىنلىغانلىقىنى بىلدى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە نازاكەتنىڭ مەخسۇتباينىڭ قورۇسىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، كىيىملىرىنى دەرھال يەڭگۈشلەپ، قەلەندەر سىياقىغا كىردى. مەخسۇتباي بازارغا ماڭغاندا، ئۇ ئالا خۇرجۇننى مۈرىسىگە سېلىپ، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ باينىڭ قورۇسىغا كىرىپ باردى.

— ئىلاھا ئامىن... ياخشىلارنىڭ سادىغىسى بولغاي...

www.uyghurkitap.com

ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا توشقانچاقتەك تۈگۈلۈپ، بېشىنى تىزىغا قويۇپ چوڭقۇر غەم بىلەن ئولتۇرغان نازاكەت بىردىنلا جانلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ قۇددۇسنى ئاۋازىدىن تونۇغانىدى. «نەق شۇ — قۇددۇسنىڭ ئاۋازى!» ئۇنىڭغا گويا زۇلمەت كېچە يورۇپ كەتكەندەك، قويۇق بۇلۇتلارنى بورانلار سۈرۈۋەتكەندەك، قاراڭغۇ جاڭگالدىن داغدام يول ئېچىلغاندەك بىلىندى. ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پارچە ناننى كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقتى.

— مۇشكۈللەر ئاسان بولغاي ... يارەنلەرنىڭ سادىغىسى بولغاي، ئىلاھا ئامىن ...

قۇددۇس! يىرتىق چاپان، چاڭگا ساقال ئىچىدە كۆلۈمسىرەپ تۇرغان قۇددۇس! نازاكەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى قۇددۇسقا ئاتماقچىدى، بىراق، باي ئۇنىڭ كەينىگە ھەجەر مومايىنى سېلىپ قويغان.

قۇددۇس نازاكەتنىڭ قولىدىن ناننى ئېلىش ئارىلىقىدا كۆزى بىلەن تالا تەرەپنى شەرەت قىلدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى.

قاراڭغۇ تۈن، يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى يۇمغان. ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقاندا، باينىڭ قورۇ تېمىغا ياماشقان نازاكەت سىيرىلىپ كوچىغا چۈشتى. خېلىدىن بېرى تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈپ تۇرغان قۇددۇس ئۇنى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈۋېلىپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى - دە، ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ بۇ يەردىن تېزلا غايىب بولدى.

# 4

ئىككىلەن شەھەرگە قېچىپ كىرگەندىن كېيىن كۆك ئاتنى ساتتى-دە، بىر قۇردىن كىيىم-كېچەك ئالدى. دەڭلەردە يېتىپ-قوپۇپ، ئون بەش كۈننى ئۆتكۈزدى. ئاخىر، رەخمىدىن ئاتلىق بىر باينىڭ قورۇسىغا ئىشقا كىردى. رەخمىدىن باي بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى سەلىمە ھېچنېمىسى يوق بۇ يېتىم، ياش ئەر-ئايالنى ئىشقا ئالغانلىقىدىن .قانچە مەمنۇن بولۇشقان بولسا، قۇددۇس بىلەن نازاكەتمۇ بۇ يىللىق چىراي بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ قورۇسىدا تۇرۇپ قالغانلىقىدىن شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆلگىنە ئىسسىلىك يالغۇز بىر تاللا قىزى بار ئىدى. يېشى ئۆتۈپ كەتكەن بۇ قىز نېمىشقىدۇر ھازىرغىچە تۇرمۇشلۇق بولمىغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئادەمگە يۇقۇشلۇق، خۇش مۇئامىلىلىك قىز ئىدى. قۇددۇس بىلەن نازاكەتكە تامىلىرى ئېگىز، دەرۋازىسى مۇستەھكەم، ۋاڭ - چۇڭسىز بۇ قورۇ بەكمۇ ياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئېچكىرى تاغلار ئارىسىدىكى ئۆڭكۈردە ئۆتكىنىدەك كۆڭۈللۈك ھاياتى قايتا باشلاندى. ئۇلار ئاستى تاختايلىق يوغان بىر ئېغىزلىق ئۆيگە جايلاشقانىدى. قۇددۇس باينىڭ قورۇسىغا قارايتتى، ئات - كالىلىرىنى باقاتتى. نازاكەت تاماقىقا قارىشاتتى، كىر - قاتلارنى يۇياتتى، كالا ساغاتتى ۋە ئۆيلەرنى تازىلايتتى. قىپقىزىل چوغدەك ياسالغان سارايلارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى، نازاكەت بىمالال ھالدا ئۇ سارايلارغا كىرىپ چىقىۋېرەتتى.

«ئايرىم» تاماق ئەتمەڭلار، — دېگەنىدى سەلىمە مومىاي، — بىز نېمە يېسەك، سىلەرمۇ شۇنى يەڭلار». رەخمىدىن بايمۇ ھەر قېتىم تاماق ۋاقتىدا: «ھاي، قۇددۇس، ئۇستىلىگە قولشالمىدىم دېگىنىڭ نېمىسى، بېرى كەل، تاماقنى بىللە يەيمىز» دەپ تۇراتتى.

قۇددۇس بىلەن نازاكەت ئۆزلىرىنى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى. ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تېپىپ قىلىشاتتى، بۇيرۇشنى كۈتۈپ تۇرمايتتى. قۇددۇسنىڭ ئىشچانلىقى، نازاكەتنىڭ چاققان - تېتىكلىكى، ئۆيلەرنى پاكىز تۇتۇشى، بولۇپمۇ گۈلگىنەنىڭ ئايرىم ئۆيىگە ھەر كۈنى بىر دەستە گۈل ئەكىرىپ سۇغا چىلاپ قويۇشى بوۋاي - مومىاي بىلەن گۈلگىنەنى تولىمۇ خۇشال قىلدى. كىشىلەر سىڭنىڭ ئەمگەك، ئەجرىڭنىڭ قەدرىگە يەتسە، ساڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇكاپات بولمايدۇ - دە. شۇڭا قۇددۇس بىلەن نازاكەت ئۆزلىرىنى گويا مۇشۇ باياشات ئائىلىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىدەك ھېس قىلىشىدىغان بولدى.

× ×

بىرنەچچە ئاي شاد - خۇراملىق ئىچىدە تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. نازاكەتنىڭ ئاي - كۈنى توشۇپ كۆزى يورۇدى، بوۋاق ئوغۇل ئىدى. رەخمىدىن بوۋاي مۇشۇ قورۇدىكىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەزان قىچقىرىپ ئۇنىڭغا «ئەركىنتاي» دەپ ئىسىم قويدى. ئەركىنتاينىڭ دۇنياغا كېلىشى كىچىك ھۇجرىنىڭلا ئەمەس، مۇشۇ ھەيۋەتلىك چوڭ قورۇنىڭمۇ

خۇشاللىقى بولۇپ قالدى، بوۋاي خۇشاللىق بىلەن بالىنى قولىغا ئېلىپ، ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ بىزنىڭ نەۋرىمىز، — دېدى. سەلىمە موماي بولسا نازاكەتكە:

— بىر ئايغىچە قىمىرلىماي يات، سېنى ئۆزۈم باقىمەن، — دېدى. ياخشى سۆزمۇ ئادەمنى خىجالەت قىلاتتى. نازاكەت خىجىل بولۇپ:

— رەھمەت، سەلىمە ئاپا، سىز ئاۋارىچىلىك تارتىپ قالىسىز، مەن ئۈچ - تۆت كۈندىلا تۇرۇپ كېتىمەن، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ تۇغۇت دېگەن بىر جەڭ. سەن بىزنى نەچچە ئاي باقتىڭ، مەن سېنى بىر ئاي باقالمامدىم؟ ... سەن يەردىن بىر باش چامغۇرنى يۇلۇۋالغىنىڭ يوق، پۈتۈنسۈرۈك بىر ئادەم تۇغدۇڭ ...

گۈلگىنەنىڭ كۆرسىتىۋاتقان خەيرخاھلىقلىرىمۇ بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ ھەر كۈنى نازاكەتكە تۇغۇتلۇق ئايالغا لايىق تاماقلارنى — سۈتئاش، شورپا، شويلا، چۆچۈرىلەرنى ئېتىپ ئەكىرەتتى. ئەتىگىنى سۈت قاينىتىپ ئۇنى ئىچۈرۈۋەتمىگۈچە، ئەتكەن تاماقلىرىنى يېدۈرۈۋەتمىگۈچە ھۇجرىدىن چىقمايتتى. بۇنداق كۆيۈمچانلىق كىمنىڭ ئېسىدىن چىقسۇن، ئۆز ئاتا - ئانىڭ بولسىمۇ شۇنچىلىك قىلار...

شۇڭا قۇددۇس بىلەن نازاكەتنىڭ بۇ باي قىزنىغا بولغان ھۆرمىتى، ئىشەنچى بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. قۇددۇس ئويلاپ قالدىكى، ئەرلەرگە قارىغاندا كىبىرسى كۆچلۈك بولىدىغان ئاياللاردا، بولۇپمۇ مۇنداق

www.uyghurkitap.com

باي قىزلىرىدا بۇنىڭدەك ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. شۇڭا قۇددۇسنىڭ قەلبىدە گۈلگىنەگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەت، ئىشەنچ پەيدا بولۇپ قالدى.

گۈلگىنە قۇددۇس بىلەن نازاكەتنىڭ ھۇجرىسىغا پات - پات كىرىپ تۇراتتى. قىش كىرگەنىدىن بۇيان ئۇنىڭ كىرىپ-چىقىشى تېخىمۇ كۆپىيىپ قالدى. قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرى ئۇلارنىڭ تۈگىمەس پاراڭلىرى بىلەن ئۆتىدىغان بولدى. گۈلگىنەنىڭ پاراڭلىرىدىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى كىچىك ۋاقىتلىرىدا بۇۋىلىرى بىلەن روسىيىگە چىقىپ كېتىپ قازان شەھىرىدە تۇرۇپ قالغان ۋە شۇ يەردە ئوقۇپ چوڭ بولۇپ، شۇ يەردە توي قىلىشقان. سەلىمەنىڭ بۇرۇن تۇغقان باللىرى تۇرماي، قىرىغاندا تۇغقان قىزى گۈلگىنە تۇرۇپ قالغان ۋە ئەتىۋارلىنىپ بېقىلغانىكەن. رەخمىدىن باي ئوقۇمۇشلۇق سودىگەرلەردىن بولۇپ، گۈلگىنە بەش ياشقا كىرگەنىدە ئالمۇتاغا كۆچۈپ كەلگەن. گۈلگىنە ئالمۇتادا رۇس مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇ ئون تۆت - ئون بەش ياشلارغا كىرىپ، گىمنازىيىنى تۈگىتىدىغان يىلى، يەنى يېزا ئىگىلىكى كوللېكتىپلىشىپ، قەھەتچىلىك باشلانغان يىلى رەخمىدىن ئائىلىسىنى ئېلىپ بۇياققا ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بۇياققا ئۆتكىنىگە ئون ئىككى - ئون ئۈچ يىل، دادىسىنىڭ قېرىپ سودىگەرچىلىكتىن قالغىنىغا ئىككى - ئۈچ يىل بوپتۇ. ھازىر قولىدا ئون نەچچە قورۇ قوي، ئىككى - ئۈچ يۈز يىلقىسى، ئىككى جاڭزىسى، ئۈچ يەردە كاتتا مېۋىلىك بېغى بار ئىكەن، گۈلگىنە قۇددۇس بىلەن

كۆپرەك ئوۋچىلىق توغرىسىدا سۆزلىشەتتى، ئۆزىمۇ ئوۋچىلىق ھەققىدە يېزىلغان روسچە كىتابلارنى پات - پات ئوقۇپ ئۆرۈپ بېرەتتى.

— قېنى، قۇدىدۇس، سۆزلەڭا، — دېدى گۈلگىنە، — مەن ئوۋچىلىققا ناھايىتى قىزىقىمەن، ئوۋچىلىق كۆڭۈللۈك ئىش- ھە؟

— شۇنداق، گۈلگىنە ھەدە، — دېدى قۇدىدۇس كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ كۆڭۈللۈك ئىش، بىراق دادامۇ، مەنمۇ ئوۋچىلىقنى پەقەت قورساق بېقىش ئۈچۈنلا قىلغان.

— ئەلۋەتتە، — دەپ قوللىرىنى كەردى گۈلگىنە، — ئادەملەر قورساق بېقىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك ئىشلارغا ئۇرىدۇ، بەزىلەر قورسىقىنى ئاسانلا باقىدۇ، بەزىلەر تەستە. بۇنىڭ ئىچىدە ئوۋچىلىق بىلەن قورساق بېقىش كۆڭۈللۈكرەك ئەمەسمۇ؟

— ئوۋچىلىق ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم خەتەرلىك ئىش.

— تۇرمۇشتا خەتەرلىك ئىش كۆپ، قۇدىدۇس، لېكىن بىز دۇنيادا ياشاۋېتىپتىكەنمىز، بىز بىللە ياشاۋاتقان ھايۋانلارنى، قۇشلارنى بىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقلىرىنى تونۇشىمىز كېرەك - دە.

— سىز ھايۋانلارنىڭ، قۇشلارنىڭ مىجەز - خۇلقلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئوخشايسىز، گۈلگىنە ھەدە؟

— مەن قۇشلارنى بىرئاز بىلىمەن، نۇرغۇن ئادەملەر دىققەت قىلمايدۇ. قۇشلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن بىز قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ چاققان، ئەڭ كېرەكلىك خىزمەتچىمىز، شۇنداقلا ئەڭ ئېسىل، ئەڭ يېقىملىق كۆڭۈل ئاچقۇچىمىز. دۇنيادا بولبۇلدەك

سېھىرلىك ئاۋازغا ئىگە قۇش بارمۇ؟! مەن بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسام، شۇنچىلىك ھوزۇرلىنىپ، تەن - تېنىمگە سىغماي قالىمەن، شۇڭا باھارنىڭ بەزى كېچىلىرىنى ئۇنىڭ كۈيىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈۋېتىمەن. ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئادەم خۇددى ئاشۇ بۇلبۇلدەك مەست بولۇپ كېتىدۇ، قارلىغاچچۇ، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقچۇ... باھار پەيزىنى، گۈزەللىكنى ئىنسانلارغا ئۇ بىرىنچى بولۇپ بەخش ئېتىدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزدىن، ئازار بەرمىگەنلىكىمىزدىن ئۆي ۋە لاپاسلىرىمىزنىڭ ئاستىلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ. قارىغوجىنىڭ دورامچىلىقىچۇ، ئۇ پۈتۈن قۇشلارنى دوراپ سايرىيالايدۇ، ئۇ ئاجايىپ ھېكمەتلىك قۇش...

— دەرەختىكى قارىغوجىنىڭ ئۇۋىلىرىنى سىز ياساپتىكەنسىز - دە، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ قالغان قۇددۇس.

— بولتۇر مەن ئاشۇنداق ساندۇقچىدىن سەككىزنى ياسىغانىدىم. كۈزدە قاتتىق بوران چىقىپ، بەشىنى ئۈچۈرتۈپ كەتتى. يەنە ياسايمەن. يەتتە - سەككىز قارىغوجا ھەرخىل قۇشلارنى دوراپ سايرايدىغان بولسا، كىشى ئاجايىپ سېھىرلىك دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك، تەبىئەت ئالىمىنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ناۋالىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىدۇ. مەن يېقىندا بىر كىتاب ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدا قۇشلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ياردەمچىسى ئىكەنلىكى يېزىلىپتۇ. بىر مۈشۈكياپىلاق بىر يازدا مىڭدىن ئوشۇق چاشقان يوقىتىپ، يەتمىش پۇت ئاشلىقنى ساقلاپ قالالايدىكەن. بىر قارلىغاچ بىر يازدا

يەتتە - سەككىز يۈز مىڭ چىۋىن يەيدىكەن.

سىغىزخانچۇ، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوقتەك، شاراقلاپلا يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن، بىر يىلدا ئون بەش مىڭ تۈكلۈك قۇرتنى يوقىتىپ، بىر تالاي يەردىكى قارىغاينى قوغداپ قالالايدىكەن. ئويلاپ بېقىڭا، بىزنىڭ مىڭ چاشقاننى يوقىتىشىمىز ئاسانمۇ؟ ئەگەر شۇنداق ۋەزىپە بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشسە، قانچىلىك كۈچ سەرىپ قىلارمىز؟ يەتمىش يۈت ئاشلىق قانچىلىك ئەمگەك بىلەن قولغا كېلىدۇ؟ ئۇ بەش - ئالتە ئادەمنىڭ بىر يىللىق ئوزۇقى ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياردەمچى دوست تېپىلامدۇ؟ ...

گۆلگىننىڭ ئېيتقانلىرى قۇددۇس بىلەن نازاكەت ئۈچۈن ئاڭلىمىغان يېڭىلىق، قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئىدى. شۇڭا، قانداق گەپ باشلىسا، ئۇنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەيدىغان گۆلگىننىڭ ئاغزىغا ئىككىسى ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشاتتى، تۇرمۇشتا ئۇلار ھېس قىلمىغان، كۆرمىگەن ئىشلار شۇنچە كۆپ ئىكەن - دە، قايسى كۈنكى سۆزلىگەن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ياددىدا شۇنچە ئېنىق تۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى قىز ئاتىنىڭ زېرەكلىكى، ئىتنىڭ سەزگۈرلۈكى توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىق، ھەيران قالارلىق نەرسىلەرنى سۆزلىگەندى. گۆلگىننىڭ مۇنداق يېڭىلىقلىرى كۆپ. شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان، ئادەمنى باي، كەمبەغەل دەپ ئايرىمايدىغان، كىشىلەرگە ھەر قاچان مېھر - شەپقەتنى ئېقىپ تۇرىدىغان مۇنداق قىزغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ھۆرمەت تۇغۇلىدۇ - دە.

گۆلگىننىڭ ئۇۋچىلىق توغرىسىدىكى گەپلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. بىراق قۇددۇس بۇ توغرىدا ئانچە كۆپ بىرنېمە دېمەيتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ گۈلگىنەنىڭ ئالدىدا سۆزلەشتىن نومۇس قىلاتتى. بۈگۈن قىز ئۇنى يەنە قىستاپ تۇرۇۋالدى:

— قۇددۇس، سىز ئۇۋچىنىڭ ئوغلى، ئۆزىڭىزمۇ ئۇۋچى، ئەمما سىز ئۆزىڭىز ئۇۋلايدىغان ھايۋاننىڭ مىجەزىنى بىلمىسىڭىز، ئۇنى قانداق ئۇۋلايسىز؟ دىققەت قىلماپتىمەن دېسىڭىز، بۇنىڭغا شەيتانمۇ ئىشەنمەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، نازاكەت؟

— ياق، ئۇ بىلىدۇ، — دېدى بۆشۈكتىكى بالىسىنى تەۋرىتىپ ئولتۇرغان نازاكەت، — ئېيىق، چوشقىلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھايۋان ئىكەنلىكى، بۆرىنىڭ ياۋۇزلۇقى، تۈلكىنىڭ قۇۋلۇقى ھەققىدە ماڭا نەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەن.

— تۈلكىنى نېمىسىگە قاراپ قۇۋ دەيدۇ، قۇددۇس؟

گۈلگىنەنىڭ نەچچە قېتىم قويغان سوئاللىرىغا ئەمدى جاۋاب بەرمەسلىككە ئورۇن قالمىغانىدى.

— ئۇنىڭ قۇۋلۇقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ، — دېدى ئاخىر قۇددۇس سۆزگە كىرىشىپ، — ئادەتتە تۈلكە ئۇۋلايدىغانلار كۆپ بولىدۇ. ئەگەر تۈلكىنى ئۇۋچىنىڭ ئىتى قوغلىغان بولسا، ئۇ يېتىشىۋېلىپ باسىدىغان چاغدا، تۈلكە قۇيرۇقىنى تاشلاپ بېرىدۇ. ئۆزىنى ئۇرۇپ كەلگەن ئىت تۈلكىنى باستىم، دەپ ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى بېسىپ قالىدۇ. تۈلكىنىڭ تۈكلىرى ناھايىتى پارقىراق - سىلىق بولىدۇ. ئۇ ئىتنىڭ ئاستىدىن قۇيرۇقىنى سۇغۇرۇۋالىدۇ - دە، قاچىدۇ. ئىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى يەنە قوغلىغۇچە

تۆلكە ئۇزاپ كېتىدۇ. ئەگەر تۆلكىنى بۈركۈت قوغلىغان بولسا، تۆلكە قېچىپ بېرىپ، يا ئۆتكۈر - قىرلىق تاشلار، يا چاتقاللىقلار ئارىسىدا يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالىدۇ. شىددەت بىلەن كەلگەن بۈركۈت يا قىرلىق تاشقا، يا چاتقالغا ئۆزىنى ئۇرۇپ زەخملىنىدۇ - دە، كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم شۇڭغۇپ كەلگۈچە، تۆلكە ئۆزىنى پىنھان جايغا ئالىدۇ. مۇنداق قۇۋلۇق تۆلكىدىن باشقا ھايۋاندا بولمايدۇ.

— تۆلكە باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا ئاجىزراق بولغاچقا، — دېدى نازاكەت، — ئاشۇنداق قۇۋلۇقنى ئۆگەنگەن - دە...

— توغرا ئېيتتىڭىز، نازاكەت، — دېدى گۈلگىنە جانلىنىپ. پاراڭ قىزىسا ئۇ خۇشال بولاتتى، — قۇۋلۇق ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتىدۇ. ئەگەر ئۇ باشقا يىرتقۇچلاردەك ئېلىشمەن دېسە، بەلكى نەسلىمۇ تۈگەپ كەتكەن بولاتتى.

قۇددۇس قىزىپ قالدى.

— كۈچلۈك ھايۋانلار دۆتەك كېلىدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يىرتقۇچلار ئىچىدە بۆرە ئەڭ ياۋۇزمىكىن دەيمەن، ئۇ بالىلىرىغا ياۋۇزلۇقنى قالتىس ئۆگىتىدىكەن. دادام مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر بۆرىنىڭ قوي قوزىسىنى دۈمبىسىدىن چىشلەپ ئەكېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. دادام ماڭا: «بۆرىنىڭ قانچىلىك يىرتقۇچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قوي» دېدى. ئىككىمىز بىر پىنھان جايغا بېرىپ ماراپ تۇردۇق. بۆرە قوزىنى بالىلىرىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ

www.uyghurkitap.com

تاشلىدى. باللىرى ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىقلى تۇردى.
قوزا بىچارە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، دىرىلدەپ - تىترەپ
تۇراتتى. باللىرىنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسىلىپ بىر چەتتە
قاراپ تۇرغان بۆرە قوزىنىڭ بىرنەچچە يېرىدىن چىشلەپ
بېسىپ، تارتىپ تۇرغۇزۇپ، يەنە چىشلەپ بېسىپ ئۇنىڭغا
ھۇجۇم قىلىشنى كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن باللىرىمۇ
ئۇ قىلغاننى قىلىپ، قوزىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە ئېغىز
سېلىشقا باشلىدى. چىشلەپ بېسىش، سۆرەش، دومىلىتىش
بىر ئاز داۋام قىلغاندىن كېيىن، بۆرە ئۆتكۈر چىشلىرى
بىلەن بىرلا تاشلىنىپ، قوزىنىڭ قارنىنى يېرىۋەتتى.
شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى قوزا گۆشىگە چاڭ سالدى.

— ئېتىۋەتمىدىڭلارمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى نازاكەت.

— دادام ئېتىۋەتتى.

قىزىقارلىق گەپلەر بىلەن ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچىگە
بېرىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم تۇيمىدى. قاتتىق كۈلكىدىن
ئەركىنتاي ئويغىنىپ كەتكەندىلا، گۈلگىنە ئۇلارغا ياخشى
چۈش كۆرۈشنى تىلەپ چىقىپ كەتتى. گۈلگىنە چىقىپ
كەتكەندىن كېيىن، قۇددۇس بىلەن نازاكەت ئۇنىڭ
بىرمۇنچە ياخشى تەرىپىنى قىلىشىپ يېتىپ قالدى.

× ×

ئەتىسى كەچقۇرۇن ھويلىغا پات - پات كىلىپ
تۇرىدىغان ئېگىز بويلۇق، قاملاشقان يىگىت — ئەخمەت
يەنە كەلدى - دە، گۈلگىنەنىڭ ئاستى - ئۈستى
تاختايلىق، چىرايلىق بېزەلگەن ئايرىم ھۇجرىسىغا كىرىپ

كەتتى. چىراغ يېقىلدى، دېرىزىلەرنىڭ سۇس قىزىل يىپەك پەردىلىرى چۈشۈرۈلدى، لېكىن پەردىلەر نېپىز بولغاچقا، ئۆيئىچىدىكى ئادەملەرنى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى. خۇپتەنگە ئەزان ئېيتىلغاندىن كېيىن، رەخمىدىن بوۋاي بىلەن سەلىمە موماي نامازلىرىنى ئوقۇشۇپ يېتىپ قېلىشتى. ئەخمەت شۇنىڭغىچە قايتمىدى. قۇددۇس لاپاس ئاستىدا ئاتلارغا بېدە توغراپ، كاللارغا چۆپ سېلىپ يۈرەتتى.

ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىش ئۈچۈن ماڭدى، بىراق گۈلگىنەنىڭ مېھمىنىنىڭ تېخى كەتمىگەنلىكىنى ئويلاپ كەينىگە ياندى. ئۇ ھويلىغا سۇس يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، ئۆيئىچىگە قارىدى - دە، تۇرۇپلا قالدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسى-دا ئەخمەت بىلەن گۈلگىنە بىر - بىرىگە يېقىن تۇرۇشاتتى. ئەخمەت گۈلگىنەنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ ھەدەپ ئۆزىگە تارتاتتى. گۈلگىنە بولسا بىر خىل نازلىق قىياپەتتە ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرەتتى.

ئەسلىدە گۈلگىنە ئەخمەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن يەتتە - سەككىز ئاي بۇرۇن دەل مۇشۇ ئۆيدە ئەخمەت گۈلگىنەگە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغاندا، ئۇ قىلچىمۇ قارشىلىق قىلمىغانىدى، لېكىن ئەخمەت ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە ئىنتىلگەندە، قىز ئەخمەتنىڭ قولتۇقىدىن كۆكۈلنى ئايىنتىدىغان بىر خىل قاڭسىق - بەتبۇي پۇراقنىڭ گۈپۈلدەپ پۇراۋاتقانلىقىنى سېزىپ لاسسىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوتتەك قىزىق مۇھەببىتى بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. ئەمما، ئەخمەتنىڭ

مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، ئۇتتەك يېنىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۈمىد - ئىنتىزارلىقتا قىزنىڭ ئالدىغا كېلەتتى - دە، روھى چۈشكەن، ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ھالدا قايتاتتى. بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزگەچكە جېنى تاقىلداپ كېتەتتى، چۈنكى دەسلەپكى سۆيۈشنىڭ لەززىتى ئۇنىڭ لېۋىدىلا ئەمەس، يۈرەك قېتىدا قالغانىدى. ئەگەر قىز شۇ يېقىمسىزلىقنى سەزمىگەن بولسا، بۇ چاغقىچە توي قىلغان بولاتتى.

قۇددۇس ئۆيگە كىرگەندە، نازاكەت بۆشۈك قۇچاقلاپ، بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇراتتى.

— بۈگۈن كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟

— ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرۈپ كىردىم، — قۇددۇس كۆرگەنلىرىنى نازاكەتكە تولۇق سۆزلەپ بەردى.

— قىزلىق نومۇسى ئۇ. قىز بالا كۆڭلى خالاپ تۇرغان ئىشنى نومۇس كۈچى بىلەن بەزىدە قىلالمايمۇ قالىدۇ، — دېدى نازاكەت، — مەنلا ئىككى نەمە نىغۇ سىزگە ئۆزۈمنى ئېتىپلىۋەتكەن...، — نازاكەت شۇنداق دېدى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — مەيلى ئەمەسمۇ، ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە ئۆزىنى ئېتىۋەتكەننىڭ نېمە يامىنى... مەن سىزنى قاچان ياخشى كۆرۈپ قالدىم، بىلەمسىز؟ ئۆتكۈرگە كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى شۇنداق ۋاخچە ئورنۇمدىن تۇرسام، سىز ماڭا كاۋاپ پىشۇرۇۋېتىپتىكەنسىزغۇ؟

— ھە - ھە ...

— شۇ چاغدا سىز مېنى كۆرمىدىڭىز، مەن شۇنداق قاراپ كەتتىمكى، نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن...، — نازاكەت

يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ــ ئېيتىڭا، قۇددۇس، سىز مېنى قاچان ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟

ــ مەنمۇ شۇ چاغدا.

ــ ياق، مەن ئاۋۋال ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىز كېيىن ...

ــ راستىمنى ئېيتسام، دەسلەپ سىزگە ئىنتايىن ئىچ ئاغرىتتىم، كېيىن بارا - بارا ياخشى كۆرۈشكە باشلىدىم.

ــ ئۇھ ... خۇدا، بىزدەك بەختلىك ئەر - خوتۇن بارمىكىن؟ ــ دېدى نازاكەت، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، يۈزلىرىدىن بەخت نۇرى يېغىپ تۇراتتى، ــ ئاشۇلارمۇ بىزدەك ئىناق ئائىلە بولۇپ كەتسە - ھە، قۇددۇس؟

ــ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، بىراق توي قىلغاندىن كېيىن، گۈلگىنە بوۋاي - موماينى تاشلاپ كېتەرمۇ ياكى ئۇ يىگىت ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرەرمۇ؟ گۈلگىنە چىقىپ كەتسىغۇ بىز بۇ قورۇغا تېخىمۇ كېرەكلىك ئادەملەر بولۇپ قالىمىز. ئەگەر ئۇ كىرسە خوجايىنغا ئايلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۆتىمىز، مەن مۇشۇ تەرەپلىرىنى ئويلاۋاتىمەن.

ئۇلار قىزىق پاراڭ بىلەن بولۇپ، بۇگۈنمۇ ئەخمەتنىڭ گۈلگىنەنىڭ ئالدىدىن قايسى ۋاقىتتا چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمىدى.

## 5

يەتتىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى، يازلىق ئالمىلارنىڭ

ۋايىغا يېتىپ پىشقان مەزگىلى. باغلار، ھويلىلار، كوچىلار، بازارلاردىمۇ ئالما پۇرايدۇ. ئالمىنىڭ ھىدىنى ئالغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كېلىدۇ، پىشقان ئالمىلارنىڭ رەڭگى، تەمى ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەشنالىقى ئوپئوخشاش.

ھاۋا ئىسسىپ كەتكەنىدى. گۈلگىنە يازلىق چايخانا ئالدىدا مۇزدەك سۇ بىلەن يۈز - كۆزىنى يۇيۇۋېتىپ، لاپاسىنىڭ ئاستىدا ھارۋا جابدۇقلىرىنى ئوڭشاۋاتقان قۇددۇسنى كۆرۈپ قالدى - دە، چۆگۈننى قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كۈن قىزىپ كەتتى، ئۇخلىماپسىزغۇ، گۈلگىنە ھەدە؟ — دېدى قۇددۇس ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرمەي.

— ھازىر ماڭا ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

— ئەمىسە نېمە كېلىدۇ؟

— خىيال كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا باغلارنى ئايلاندۇرۇپ كېلەيمۇ؟

گۈلگىنەنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى:

— ئەجەب ئەقىللىق يىگىتسىز، كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، دائىم كۆڭلۈمدىكىنى تاپسىڭىز نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە...

— تېپىۋاتىدىغاندىمەن؟

— ياق. تېخى يىراق ... خادىك ھارۋىنى قوشۇڭ، تۆۋەنكى باغقا چىقىپ كېلەيلى.

— ھازىر قوشاي.

گۈلگىنە تېتىكلىشىپ ئۆيگە ماڭدى. قۇددۇس ئىشنى ئالمان - تالمان تۈگىتىپ، خادىككە قاراگىر ئاتنى



www.uyghurkitap.com

قوشۇشقا باشلىدى. قىزىل گىلەم سېلىنىپ، ھارۋا تەييار بولغاندا، قىز ئۆيدىن چىقتى. لىغىرلاپ تۇرىدىغان ئاق پوبلىن كۆڭلەك كىيگەن، كۆكسى كۆتۈرۈلگەن، يۈزلىرىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان گۈلگىنە ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرغاندا، قۇددۇس ئاتىنىڭ بوجىسىنى سىلكىدى. رېسسورلۇق ھارۋا يېنىك لىڭىلداپ، بىردەمدىلا ئۇلارنى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئاچىقتى. تۆۋەنكى باغ شەھەردىن ئون ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. كېتىپ بېرىپ قۇددۇسنىڭ كۆڭلىدە نارازىلىق پەيدا بولۇپ قالدى: گۈلگىنە نېمىشقا نازاكەتنىمۇ ئېلىۋالايلى، بىز بىلەن ئويناپ كەلسۇن، دېمەيدۇ؟ ئۇمۇ ئەركىنتايىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، قۇددۇسنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولسا ياخشى بولماسمىدى ...

قۇددۇس قاراگېر ئاتقا بىر قامچا سالدى.

— ئاستىراق ھەيدەڭ، — دېدى گۈلگىنە ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرۇپ، — ئەتراپنى كۆرۈپ ماڭايلى. ئاۋۇ بۇغدايلىقنى قاراڭ، خۇددى سېرىق دۇردۇن يېپىنىۋالغان كۆلدەك چايقىلىدۇ. پىشىپ كېتىپتۇ، نېمىشقا ئورۇمىغاندۇ؟

— بىرەر كەمبەغەللىڭدۇ، يا ئاغرىپ يېتىپ قالغاندۇ، يا چامى كەلمەيۋاتقاندۇ.

— مەن ھەيران، — دەپ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى گۈلگىنە، — بەزىلەر باي - كەمبەغەل دەپ ئايرىپ كېتىدىكەن، بىزدە ئۇنداق ئىش يوق. سىزمۇ بايقىغانسىز، ئاپام كاتتا باينىڭ قىزى ئىكەن، دادام ئىنتايىن نامرات دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەن، ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قاپتىكەن، بوۋىمىز

www.uyghurkitap.com

كىشلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ ئىككىسىنى چېتىپ قويۇپتۇ. بىزنىڭ بايلىقىمىز ئەسلى ئاپامنىڭ بايلىقى، ئەمما بىرىنچى خوجايىن دادام. گەپ كۆكۆلدە، كۆكۆل خالىسا، باي قىزى بىلەن كەمبەغەل يىگىت بىللە ياشاۋېرىدۇ. تېخى باشقىلاردىن ياخشىراق ياشايدۇ، قانداق دېدىم، گەپ قىلمايسىزغۇ؟

— توغرا دېدىڭىز.

شۇ چاغدا يول بويىدىكى چىغ تۇۋىدىن تۇيۇقسىز بىر توشقان چىقىپ قالدى. ئات ئۈركۈپ ئۆزىنى يانغا تاشلىدى، خادىكمۇ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشكە قىللا قالدى. «ۋاي — جان!» گۈلگىنە قاتتىق چىرقىراپ، قۇددۇسنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

قۇددۇس بوجىنى چىڭ تارتىپ، ئۈركۈپ كەتكەن ئاتنى تەسلىكتە توختىتىۋالدى. گۈلگىنە قۇددۇسنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ ھاسىرىماقتا ئىدى.

— نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭىز، گۈلگىنە ھەدە؟

— ياللا ... بەختىمىز بار ئىكەن، ساق قالدۇق، يۈرىكىمنى تۇتۇپ بېقىڭا، پىرىلداي دېدى، ئەكىلىڭا قولىڭىزنى.

قۇددۇس قولىنى تارتىنىپراق سۇندى، گۈلگىنە ئۇنى كۆكسىگە قويۇپ، ئۈستىدىن ئالقىنى بىلەن چىڭ بېسىپ تۇرۇۋالدى.

قۇددۇس قىزىرىپ قولىنى ئاستا تارتىۋالدى.

قاراكىر ئات بىرخىل يۈرۈشكە چۈشتى. گۈلگىنە ھېلىلا قورقۇپ تىترىگەن بولسا، مانا ئەمدى باشقا بىر نەرسىدىن تىترىمەكتە ئىدى. كۆكسى يۇقىرى -

تۆۋەن بولاتتى، كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى.
— تېخىچىلا تىترەيسىزغۇ، گۈلگىنە ھەدە، تازىمۇ قورقۇنچاق ئىكەنسىز - ھە؟
— ھەدىڭىز نېمىسى؟ بۇنىڭدىن كېيىن گۈلگىنە دەڭ.
— ھۆرمەتسىزلىك بولار.
— ئىسمىمنىلا ئاتىسىڭىز، تازا ھۆرمەت قىلغان بولىسىز، «سەن» لىسىڭىز تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن.
قۇددۇس ئاتىنىڭ بوجىسىنى سىلىكىدى. ئەتراپتىن بۆدۈنىنىڭ سايرىشى ئاڭلىناتتى، چېكەتكىلەر چىرىلدايتتى، قىزىپ كەتكەن يولدىن توپىنىڭ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى، ئىسسىق شامال يۈزلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى. ئون ئىككى چاقىرىم ئارىلىق تېپچەكلەپ تۇرغان ئات ئۈچۈن قانچىلىك يول. ئۇلار بىردەمدىلا باغقا يېتىپ كېلىشتى. هارۋا باغ ئىشىكىدىن جاراڭلاپ كىرگەندە،ئۇلارنىڭئالدىغاساقال - بۇرۇتلىرى تەكشى ياسالغان، پاكىز قېرىغان باغۋەن چىقتى ۋە سالام قىلدى. گۈلگىنە هارۋىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ كۆل بويىغا كەلدى. كۆل ئەتراپى ھەرخىل گۈللەر بىلەن بېزەلگەن، يېنىدىكى سۇپا سۇ چېچىپ سۇپۇرۇلگەن، سالقىن ئىدى. گۈلگىنە مۇزدەك سۇدا تەرلىگەن يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى - دە، سالقىنداپ بىردەم ئولتۇردى ۋە بەدەنلىرىنىڭ راھەتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاندىن قۇددۇسنى ئەگەشتۈرۈپ باغ ئارىلىدى.
ئۇ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئالمىلاردىن بىرنەچچىنى ئۈزۈۋالدى - دە، ئارىسىدىن مەي باغلىغان بىرىنى چىشلىدى:

www.uyghurkitap.com

— پاھ ... نېمدېگەن تاتلىق، مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق تاتلىق ئالمىنى كۆرمىگەن،قەنت- قەنت، — دېدى ئۇ ۋە چىشلەپ قويغان ئالمىنى قۇددۇسقا تەڭلىدى،— يەپ بېقىڭ.

— قولۇمدا بار.

— ياق، مەن چىشلىگەن يېرىدىن چىشلەڭ.

— يېمىسەممۇ تاتلىقلىقىنى بىلمەن.

— يېمىگەن ئادەم بىلمەيدۇ.

قۇددۇس ئالمىنى ئالدى - دە، بىر چىشلەپ:

— راست تاتلىق ئىكەن، — دېدى.

— مېنىڭدەك تاتلىقمىكەن؟

قۇددۇسنىڭ يۈزى قىزىرىپ، ئوت ئالغاندەك ۋىللىداپ كەتتى - دە، يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— سىز مېنىڭ قانچىلىك تاتلىق ئىكەنلىكىمنى بىلمەيسىز - دە ...

قۇددۇس ئەيىبلىك ئىش ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك، بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سېلىپ نېرى كەتتى ۋە ئويلاپ قالدى: كىشلەرمۇ قىزىق بولىدىكەن، كۆڭلىگە كەلگەن گەپلەرنى سەت بولار دېمەيلا دەۋېرىدىكەن. تۈپتۈزلا قىز - دە بۇ. يا يېشى چوڭ بولۇپ كەتسە، شۇنداق بولۇپ قالامدۇ؟ كۆڭلىگە نېمە كەلسە، شۇنى دەۋېرىدۇ، « بىز ئاڭلىق » دېگىنى مۇشۇمىكىن؟ ...

قۇددۇس كۆن بويى نومۇسلىنىپ يۈردى.

× ×

گۈلگىنە قۇددۇسقا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى.

دەسلەپتىلا — قۇددۇس بىلەن نازاكەت بۇ ئۆيگە ئىش ئىزدەپ كەلگەندە، رەخمىدىن بوۋاي: « قانداق قىلساقكىن؟ بۇلار بىر يەردىن قېچىپ كەلگەنمىدۇ؟ » دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، گۈلگىنە قۇددۇسنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى ئاستىدا چاقناپ تۇرغان كۆزىدىن قانداقتۇر بىر يېقىملىق ھالەتنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىغانسېرى شۇنداق كۆزلەرگە تەشنا قەلبىدە ئىسسىق تۇيغۇنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن. شۇنىڭ بىلەن دادىسىغا « ئېلىپ قالايلى » دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى. كېيىن ئۇ قۇددۇس بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشنى خالايدىغان بولۇپ قالدى، پۇرسەتلا تاپسا قۇددۇسنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەتتى، پاراڭلىشاتتى، چاقچاقلىشاتتى. ئەگەر قۇددۇس بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ تېز قايتىشىنى كۈتەتتى. نەچچە كۈنلەپ يوقلىپ كەتسە، بارا - بارا سېغىنىدىغانمۇ بولۇپ قالدى. ئېمىشقا شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

گۈلگىنە خېلى كىتاب ئوقۇغان، بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ ئىدى. قۇددۇس بىلەن نازاكەت ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ھەر دائىم بۇلار ئۈچۈن يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلاتتى. بىلىدىغانلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئۈچۈن، ياخشى تىڭشىغۇچى كېرەك - دە؟ قۇددۇس بىلەن نازاكەت ياخشى تىڭشىغۇچى، زوقلانغۇچى ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلگىنە نامازشامگۈلنىڭ نېمىشقا كۈننى كۆرگەندە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، كۈن ئولتۇرغاندا كۆزىنى ئېچىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، قاتتىق بېرىلىپ تىڭشاۋاتقان قۇددۇسنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى يېقىملىق كىرپىكلىرى گۈلگىنەنىڭ يۈرىكىگە قادالغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسسىق بىر تۇيغۇ پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كۆزلىرى بىردىنلا خۇمارلىشىپ، بەدەن - بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى، سۆزلىرىدىنمۇ ئاداشتى ... ھۇجرىسىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىنمۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى ...

گۈلگىنە ئەتىسىدىن باشلاپ، قۇددۇسنىڭ ئاشۇ يېقىملىق كۆزلىرى ئۆزىدە يوشۇرۇن مۇھەببەت ئويغاتقانلىقىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇددۇسنى ياخشى كۆرۈپ، نازاكەتنى ئۆچ كۆرۈشكە باشلىدى، ئاتا - ئانىسى نازاكەتنى ماختىسا، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ «راست، نىمدىگەن ئىشچان، پاكىز، ئاق كۆڭۈل» دەپ تۇرىدىغان گۈلگىنە، مانا ئەمدى ئۇنى تەرىپلىسە، گەپ قىلمايدىغان، دۇدۇقلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

قايسى كۈنى ئىككىسى باغقا چىقىپ كېتىپ بېرىپ، ئات ئۈركۈپ ھارۋىنى ئېلىپ قېچىشقا تاس قالغاندا، ئۇ قۇددۇسنى ئەتەي مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇۋالغان. شۇ چاغدا ئۇ قۇددۇسنىڭ بەدىنىدىن ئاجايىپ كۈچلۈك ماگنىتلىق ھارارەتنى سەزگەن ۋە ئۇنى پەقەت قويۇۋەتكۈسى كەلمىگەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرەك ئارزۇسى، تەشنالىقى، تىنچسىزلىقى، شۇنداق ھالەتتىن ئارام ئالاتتى. شۇڭا ئۇ چىققىلى بولمايۋاتقان تاغقا چىقىپ، ئارزۇلىغان گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ بىردىنلا يايراپ كەتكەندەك بولغانىدى ... ئۇ ئەخمەتتىن سەسكەنگەن بولسا، قۇددۇستىن ھۇزۇرلاندى. بىراق شۇ چاغدا قۇددۇس نىمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ قانداق

ھېسلارغا چۆمۈلگەندۇ؟ ئەگەر ئۇمۇ گۈلگىنەدەك ھېسسىياتقا كەلگەن بولسا، گۈلگىنەنىڭ ئارزۇسىغا يېتىشى ئاسانغا چۈشەتتى - دە، شېرىن خىياللىرى، يوشۇرۇن ئازابلىرى تۈگىگەن بولاتتى. لېكىن ھازىر قۇددۇستا ئۇنداق ئالامەت كۆرۈلگىنى يوق، ئەلەم قىلىدىغىنى، ئازابلايدىغىنى مۇشۇ ... شۇ سەۋەبتىن ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئۇخلىيالماس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

بۈگۈنمۇ يېرىم كېچە بولدى، ئۇيقۇ ئۇنىڭدىن تامامەن قاچقان. ئۇ تولغىناتتى، ئىچ - ئىچىدىن ياناتتى، ئۇ ياققا ئۆرۈلەتتى، تىنچلىنالمايتتى. ئۇ مۇھەببەتنىڭ تەگداشسىز كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئادەمنى شۇنچىلىكمۇ ئازابلارغا سالالايدىغانلىقىنى بۈگۈن تازا چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا ئىككىنچى قېتىم تالاغا چىقتى. ھاۋا تىنچىق ئىدى، ئاي قوتانلاشقان، ئۇ قىز كۆڭلىدەك خىرە، ھەم شېرىن، ھەم ئازابلىق خىياللار بىلەن پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالغان گۈلگىنەگە ئارام بېرىدىغان نېمە بار؟ ئۇ چېچىلىپ كەتكەن كۆڭلىگە ئارام ئىزدەپ چىققان ئەمەسمىدى، يۈرەكنى سەگىتىدىغان كېچىنىڭ ئويناق شامالليرى بۈگۈن نەلەردە چېپىپ يۈرىدىغاندۇ؟ كېچىچە چاڭىلداپ چىقىدىغان قۇشلار ئۇخلاپ قالدىمىكىنە؟ ... تووا، ئاۋۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئالتۇن كىرپىكلىرى تۈكۈلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ بۈگۈن دەريانىڭ شارقىراشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ.

ئۇ ئۆز ھويلىسىدا خۇددى ئوغرىدەك قەدەملىرىنى شەپىسىز يۆتكەپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، قۇددۇسلار-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدى. قۇلىقىنى ئىشىككە ياقتى، نېمىنى ئاڭلىماقچى؟ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۆيىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ئۇ بىرەر شەپىنى، قۇددۇسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. خېلىغىچە تۇردى، بولمىدى، يەنە شۇنداق شەپە چىقارماي، ئۆز ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. مانا ئەمدى ئۇ قۇددۇسنىڭ تۇيۇقسىز چىقىپ قېلىشىنى كۈتتى. كېچىسى تالاغا چىقىپ قېلىشلار بولىدۇغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاتلارغا بېدە سېلىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن - دە... بەلگىسىز كۈتۈش — ئازابلىق كۈتۈش، ئۈمىدسىز كۈتۈش، ئۇ شۇ ئازابقىمۇ چىداپ كۈتۈۋەردى. ئېھ... تەقەززالىق ئۇنى قىيناۋاتقان چاغدا ئۇ چىقىپ قالسا، قاراڭغۇلۇقتىن چاراسلاپ يۇلتۇز يانغاندەك بولار ئىدى. گۈلگىنە ئىشتىك بىرىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتاتتى - دە، ئۆزىنىڭ ھەشىمەتلىك ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرەتتى. ياخشى كۆرگەندىن ئادىمىگدىن نومۇس قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى، ئۇنى قۇچاقلايتتى، سۆيەتتى، ھەرگىز قويۇۋەتمەيتتى...

تەشنالىقتا كىم چىدايدۇ؟ ئاخىر ئۇ قۇددۇستىن خاپا بولدى، ئاچچىقلاندى، تېرىكتى ۋە ئۇنى غايىبانە تىللىدى: شۇنچە قىلغانلىرىمنى چۈشەنمىگەن دۆت، بىر چىقساڭ ئۆلەمسەن؟ ئاتلارغىمۇ بېدە سالغىلى چىقمايسىنا؟

گۈلگىنە پەرىشان تەلمۈرۈشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، بوشاشقان ئاياغلىرىنى ئاران يۆتكەپ، ئۆيىگە يېنىپ كىردى - دە، ئۆزىنى سىم كارىۋاتقا تاشلىدى ۋە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. «ئەي خۇدا، — دەپ نالە قىلدى ئۇ، — نېمىشقا ئاياللىق ئادەمگە مەيلىمنى باغلاپ

قويغانسەن؟ ئايالسىز يىگىت مېنى بىزار قىلىدۇ، ئاياللىق يىگىت ئوت - يىراقتا سالىدۇ، بۇ نېمە تەقدىر؟ مەيلى، كۆڭلۈمگە ياققىنى ئەۋزەل، بۇنىڭدىن باشقا كىم مېنىڭ مەيلىمنى ئالالىغان؟ ئادەملەر ئۆز مەقسىتىگە ئاسانلا يەتمىگەن بولغىيتتى، ئۇلارمۇ خېلى تىلسىملىق، يوشۇرۇن يوللارنى باسقان بولغىيتتى، مەنمۇ شۇنداق يوللارنى باسالامدىم؟! مەنمۇ ئىنسانغۇ، ھەۋىسىم، ئارزۇيۇم بارغۇ، ئۇنىڭغا يېتەلمىسەم، مېنىڭ ئارزۇلىرىم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسە ياكى جۇدۇندا قالغان گۈلدەك سولىشىپ كەتسە مەيلىمۇ؟! مەنمۇ چارە ئىزدىشىم كېرەك» .

گۈلگىنە يەنە ئورنىدىن تۇردى، تالانى تىڭشىدى: ھەممە ياق ئۆلۈكتەك جىمجىت ئىدى. ئۇ ئۆز ئارزۇسىغا ئاسانلا يېتەلىدىغان خىياللارغىمۇ، ناھايىتى تەستە يېتىدىغان ئويلارغىمۇ بېرىلدى. بىرىنى يىغلاتمىسا، ئۆزى كۈلەلمەيدۇ - دە، شۇڭا ئۇ بىردە ھاياجانلىنىپ خۇشال بولسا، بىردە چۆچۈپ قورقۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ چىگىش كىرىپ كەتكەن خىياللىرىنىڭ ئاخىرى شۇ تاپتا بۆشۈك قۇچاقلاپ ئالىسىنى ئېمىتىۋاتقان نازاكەتكە بېرىپ تاقالدى . . .

ئۇ قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە بېشىغا بىرنەرسە سانجىلىۋاتقاندەك قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىدىن ئويغىنىپ كەتتى.

— نازاكەت!

— خوش، ھەدە، — نازاكەت قولىدىكى سۈپۈرگىنى تاشلاپ، گۈلگىنەنىڭ ئالدىغا تېز يېتىپ كەلدى.

— ماڭا ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ بىر چىنە سۇيۇقئاش ئېتىپ بېرىڭ.

www.uyghurkitap.com

ــ مانا هازىر.

نازاكەت سۈيۈقئاشقا تۇتۇش قىلدى، بالىسى بىغلاپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا قارىمىدى، گۈلگىنە ھەدەم ساقسىز بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، تېزرەك ئېتىپ بېرەي، دېگەننىلا ئويلايتتى ئۇ.

نازاكەت سۈيۈقئاشنى جوزىغا قويغاندا، گۈلگىنە تېتىپ كۆرۈپ:

ــ نېمانچە ئاچچىق بۇ؟! كۆڭۈل قويۇپ ئەتسىڭىز بولمامدۇ؟ ــ دېدى ئاچچىقى بىلەن.

ــ بىرئاز تەرلەتسە، بېشىڭىز ساقىيىپ قالار، دەپ ئاچچىقراق ئەتكەن، ــ دېدى نازاكەت تەمتىرەپ.

ــ ئېلىك بۇ نېمىڭىزنى؟

كەچقۇرۇنلۇقى ئەخمەت كەلدى. بۇ قېتىم گۈلگىنە ئۇنى ئالاھىدە كۈتتى، ئوچۇق چىراي بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ ئەخمەت، مەن نېمە دېسەم، شۇنى قىلالامسىز؟

ــ سىز بۇيرۇسىڭىز تاغنىمۇ يۆتكىيەلەيمەن، ئوتقىمۇ كىرەلەيمەن.

ــ ئۇنداق بولسا، مالاي خوتۇنىڭىزنىڭ ئۆيىگە كىرىسىز، ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىسىز.

ئەخمەت تەئەججۈپلىنىپ ئۇنىڭغا قارىدى:

ــ قاچان؟

ــ مەن دېگەن چاغدا.

ــ نېمە، ئۇنىڭدا ئۆچىڭىز بارمىدى؟

ــ ئۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ئىشىڭىز بولمىسۇن. مەن دېگەننىلا قىلسىڭىز، سىزنى چوقۇم رازى قىلىمەن.

— جەزمەن! — ئەخمەت خۇشاللىق بىلەن شۇنداق دېدى.

× ×

ئەركىنتاي ھەركىمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك بۇدرۇق، ئەركىن چوڭ بولماقتا ئىدى. رەخمىدىن بوۋاي، سەلىمە موماي لارمۇ بالىنى ھەر كۈنى بىر - ئىككى قېتىم قولىغا ئالاتتى، ئەركىلىتەتتى، سۆيەتتى، بۆگۈنمۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئۇلار سۇ چېچىپ پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھويلىدا بالىنى بىردەم ئەركىلىتىپ ئوينىتىپ، ئاندىن ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. قۇددۇس ئوغلىنى ھاۋاغا بېشىدىن ھالقىتىپ تاشلاپ ئوينىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىغا قاچا - قومۇچلارنى يۇيۇپ بولغان نازاكەت كەلدى.

— ئەركىنتاي، دادا، مېنى سۆيۈپ قوي، دە.

— ئوغلۇم، — دېدى قۇددۇسمۇ كۈلۈمسىرەپ، — سېنى سۆيۈپ قويايمۇ، ئاپاڭنىمۇ؟

قۇددۇسنىڭ قولىدىكى بالا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، ئاپىسىغا تەلپۈنگەنىدى، قۇددۇس:

— ھە، ئاپامنى دەۋاتامسەن؟ ... ھازىر سېنى سۆيۈپ قوياي، ئۆيگە كىرگەندە ئاپاڭنى، جۇمۇ، — دېدى.

شۇ سۆزدىن كېيىن، قۇددۇسمۇ، نازاكەتمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۆز ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا قىلىنىۋاتقان بۇ گەپلەرنى گۈلگىنە ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەمدى بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاشقا تاقىتى قالمىدى...

شۇ كۈنى كېچىنى ئۇيەنە ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى. - دە، ئەتىسى دوستلىرىمنى چاقىرىمەن، دەپ نازاكەتكە ئۆيىنى تازىلاتقۇزدى. بازاردىن ئالدىغان نەرسىلەرنى ئۆزى بېرىپ ئەكەلدى. كۈن ئولتۇرغان چاغدا قۇددۇسنى چاقىرىپ:

— ئەتە ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ، ھازىرلا تۆۋەنكى باغقا بېرىپ ياخشى ئالمىلاردىن بىر سېۋەت ئەكېلىپ بېرىڭ، — دېدى.

قۇددۇس دەرھال ئاتلىنىپ باغقا ماڭدى.

گۈلگىنە نىڭ قەلبىنى غەلىتە خىياللار چۇلغىۋالدى. ئۇ دەرۋازىدىن بېشىنى چىقىرىپ كوچىغا قارايتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، يىراقتىن بىرەر قارا كەۋدە كۆرۈنسىلا، دەررۇ ئۆيگە يېنىپ كىرىپ، ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سالاتتى.

كېچە ئايسىز ئىدى، ئۇ قاپقى يامان ئادەمدەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. گۈلگىنەگە ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. گۈلگىنە شۇنداق تاقەتسىزلىنىپ تۇرغاندا ھويلىغا ئەخمەت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ دەل مۇشۇ چاغدا كېلىشى گۈلگىنەنى خۇشال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنسىرەش، ۋەھىمە ئۇنى تېخىمۇ چىڭ چىرمىۋالدى...

ئۇزۇن ئۆتمەي قاراڭغۇ ئاتنى دۈپۈرلىتىپ، بىر سېۋەت ئالما ئېلىپ قۇددۇس يېتىپ كەلدى. بايا ماڭغىنى چاغدا گۈلگىنە نىڭ ئېيتقان سۆزىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان غەشلىك تېخى تارقالمىغانىدى. سېۋەتنى يەرگە قويۇپ، ئاتنى تۈۋرۈككە باغلاپ تۇرۇشىغا، ئۆيدىن



www.uyghurkitap.com

گۇدۇڭلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. «گۈلگىنە بىزنىڭ ئۆيدە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان قۇددۇس ئىشىكنى تارتتى. ئىشىك ئىچىدىن ئىلىقلىق ئىدى. ئۆيئىچىدىن نازاكەتنىڭ:
— قويۇۋەت مېنى، ئەنە قۇددۇس كەلدى! —
دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
قۇددۇس غەزەپ بىلەن ئىشىكنى كۈچەپ بىرلا تارتىپ ئىلغۇنى يۇلۇۋالدى - دە، ئۆيگە كىردى ۋە داڭ قېتىپ قالدى: ئۆيدە ئەخمەت تۇراتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەن نازاكەت قۇددۇسقا ئۆزىنى ئاتتى.
— قاراڭ، قۇددۇس، مۇنۇ بايۋەچچە ماڭا زورلۇق قىلىپ ئىسىلىپ ...، — ئۇ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى، ئەركىنتايمۇ ئويغىنىپ يىغلاشقا باشلىدى، گۈلگىنەمۇ كىرىپ كەلدى.
— ئەخمەت بايۋەچچە، — دېدى قۇددۇس ئەخمەتكە قاراپ غالىلداپ تىترەپ، — مېنىڭ ئۆيۈمگە نېمىگە كىردىڭ؟
— يالغان سۆزلىمە! — دېدى ئەخمەت نازاكەتكە قاراپ، — ئادەم تېپىلماي ساڭا زورلۇق قىلامدىم؟! ئۆزۈڭ «قۇددۇس يوق چاغدا كىر» دېمىگەنمىدىڭ؟ مەن مۇشۇنىڭ بىلەن نەچچە كىردىمغۇ ...
— ۋىيەي ... توۋا قىلدىم، ماۋۇ تۆھمەتنى ... شۇنداق دېگەن بولسام ئۆلەي، قۇددۇس!
قۇددۇس نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى، قوللىرى تېخىمۇ قاتتىق تىترەۋاتاتتى ۋە ئاخىرىدا ۋارقىرىدى:
— ئىشىكنى ئىلغان كىم؟
— ياش جېنىم تۇرۇپتۇ، راست گەپنى قىلاي:

ئىشىكنى قايسى ئارىلىقتا ئىلىۋالغانلىقىنى بايقىماي قاپتۇ-
مەن... مەن نېمىشقا ئىلاتتىم؟! قاراڭ، كۆلكىنە
ھەدە، ماڭا نېمە تۆھمەت بۇ؟!
— كۆلگىنە ھەدەم كىرىپ قالدۇ، ئىشىكنى ئىلىۋالايلى
دېمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئەخمەت ھۆركىرەپ.
— تۇۋا قىلدىم خۇدايىم، يالغاننى مۇنداقمۇ
قاملاشتۇرىدىكەن - ھە!
— ئېيتمىغانمىدىم، قۇددۇس، بايا سىز باغقا ماڭىدىغان
چاغدا ئېيتقىنىم راستمىكەن؟ ... ھايۋاننىڭ ئالىسى
تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، دېگەن راست گەپ.
مەن ئەخمەتنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بارغانلىقىنى
نەچچە كۆرگەن، لېكىن مۇنداق ئىش بولار دەپ
ئويلىماپتىمەن ...
— جېنىم كۆلگىنە ھەدە، ئەمدى سىزمۇ تۆھمەت
قىلىۋاتامسىز؟
— ئۆزۈڭ ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىسەن، ئۇياتسىز، مەن
ساڭا تۆھمەت قىلىدىغان ئادەممىدىم؟!
— تۇۋا ... تۇۋا قىلدىم، مۇنداقمۇ ناھەقچىلىقنى
كۆرىدىكەن كىشى ...
نازاكەت ياقىسىنى تۇتۇپ، جىلىلىكتە بوغۇلۇپ كېتىپ
باراتتى، ئۇ قىقىراپ يىغلاۋاتقان بالىسىغىمۇ قارىمىدى.
ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ كېرىكى يوقتەك، باش كۆتۈرۈپ يۈرۈشىمۇ
مۇمكىن ئەمەستەك بىلىندى. كۆزلىرىدىن ياش ئۇنچىلىرى
قايناۋاتقان بۇلاقتەك تۆكۈلەتتى، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ
يىغىسىغا قارىغىنى يوق. قۇددۇسنىڭ قويۇق قاشلىرى
تىكلىشىپ، كۆزلىرى دەھشەتلىك يانماقتا ئىدى. ئۆيدىكى



www.uyghurkitap.com

بۇ دەھشەتلىك مەنزىرە ۋە كۆلگىنەنىڭ گۇۋاھلىقى قۇددۇسنىڭ نەزەرىدە نازاكەتنىڭ ئىنتايىن پەسكەش، بۇزۇق ئىكەنلىكىنى تولۇق دەلىللەپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭدا كۈچلۈك نەپرەت قوزغالدى.

— ھايۋان بولسىمۇ مېنىڭ ياخشىلىقىمنى بىلەتتى، — دەپ ۋارقىرىدى قۇددۇس نازاكەتنى ياقىسىدىن ئېلىپ، — سېنى مۇنداق رەسۋا ئىشنى قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن!

قۇددۇسنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپنىڭ چىققانلىقىغا نازاكەت ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالدى.

— ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — دېدى نازاكەت ياش تولغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، — مۇشۇ تۆھمەتلەرگە ئىشەندىڭىزمۇ؟

— تۆھمەت ئىمىش! ... ئۆل رەسۋا! — قۇددۇس ئۇنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، نازاكەت ئۇڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى.

— تۇر ئورنۇڭدىن! — دەپ قەھرى بىلەن ۋارقىراپ ئۇنى تەپتى قۇددۇس، — ئۆيدىن چىق!

نازاكەت ئۆمىلەپ كېلىپ، قۇددۇسنىڭ ئايىغىنى قۇچاقلىدى ۋە ئەلەملىك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— قۇددۇس، جېنىم قۇددۇس ... مەن ... مەن ئاقمەن ... مېنى ناھەقتىن خارلىماڭ... ماڭا ئىشىنىڭ...

— ماڭا ئىشىنىڭ؟ ھىم! ساڭا ئىشىنەمدىمەن، سېنىڭ نومۇسسىزلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپ؟! سېنىڭ بەدىنىڭدە تىكەننىڭ بارلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن، ئەمدى بىلدىم.

قۇددۇسنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ، بوغداي ئۆڭ

چىرايى قارىداپ كەتكەن ۋە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى.

— ياق، ماڭا ئىشىنىڭ ... بۇ تۆھمەت ... قايسى تىلىم بىلەن چۈشەندۈرەي، قۇددۇس، ئۇنداق قىلماڭ...

قۇددۇس ئاخىرقى قېتىم قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ئۆيدىن يوقال!

نازاكەت مۇ يىلىنىش ھالىتىدە قۇددۇسقا ئاخىرقى قېتىم قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مېھىر - مۇھەببەتتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانلىقىنى كۆردى.

ئەخمەت ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتكەنىدى. قاپاقلىرى تۈرۈلگەن گۈلگىنەمۇ نازاكەتكە قاتتىق ۋارقىرىدى:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ - يا؟ مېنىڭ ھويلامدا سەندەك بۇزۇقلارغا ئورۇن يوق!

نازاكەتكە ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى مۇشۇ بولدى. ئۇ ھالسىراپ كەتكەن ئادەمدەك دەلدەڭشىپ بېرىپ، بۆشۈكنى يەشتى، بالىسىنى يۆگەپ كۆتۈرۈپ تالاغا ماڭدى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، گۈلگىنەگە بىر ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە، چىقىپ كەتتى. قۇددۇس تۇرغان ئورنىدا تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى...

نازاكەت بالىسىنى باغرىغا باسقىنىچە كوچا كەزمەكتە ئىدى. نەگە بارىدۇ؟ قەيەردە توختايدۇ؟ ئۇنىڭ مەنزىلگاھى بارمۇ؟ ئۇ ئاياغلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىدىن قالغان، كۆز ياشلىرىمۇ قۇرۇغان، قورقۇش - ئەنسىرەشمۇ ئۇنتۇلغان. ناگان - ناگاندا بىرەر - يېرىم ئادەم

ئۇچراپ قالمىسا، كوچا پۈتۈنلەي بوش ۋە جىمجىت، ئۇ ئۆزىنى قازان كۆيسىدەك قاپقارا كۆرۈنىدىغان ئاسمان بوشلۇقىدا كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ قاياققا بارىدۇ؟ بۇ يۈرۈشىنىڭ چېكى بارمۇ؟ بۇنى بىلمەيتتى، ئەمما مېڭىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. مۇشۇنداق مېڭىۋەرسە، كوچىلارمۇ تۈگەر، ئېتىزلار، دالىلارغا چىقىپ قالار، يوللارنى، زېمىننى مېڭىپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟ ئۇ بىر يەردە يېتىشى، ئۇخلىشى، ھېچ بولمىغاندا ئولتۇرۇشى، ئارام ئېلىشى كېرەك ئىدىغۇ، توخۇلارمۇ تەرەپ - تەرەپتىن چىللاۋاتقىلى نېكەم. ئۇ ھازىر بۇلارنى ئويلىمايدۇ. كىشى خارلانسا، ناھەق جازالانسا، بوھتانغا ئۇچرىسا، مانا مۇشۇنداق جۇنۇن ھالىغا كېلىپ قالىدۇ، ئەقلى - زېھنى كېسىلىدۇ.

يىراقتىن بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ھېرىپ - ھالسىراپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭدا بىر ئۈمىد پەيدا بولۇپ، يۈرىكىنى قاماللىۋالغان، تۈۋىگە يەتكىلى بولمايدىغان خىياللار ئۈزۈلدى. ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ يورۇق كۆرۈنگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ بىر ناۋايخانا ئىدى. خىرە يورۇغان دېرىزىدىن دۇكان ئىچىگە قارىدى، تونۇرنىڭ سۇپىسىدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى، ئېھتىمال، ناماز ئوقۇۋاتسا كېرەك. نازاكەت بوۋاينىڭ ناماز ئوقۇپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇردى. شامال شىۋىرلايتتى، يىراقلاردا ئىت ھاۋشىيتتى، يەر ئاستىدىن غەلىتىلا ئاۋازلار كەلگەندەك قىلاتتى. بىر چاغدا بوۋاي ئورنىدىن تۇردى. نازاكەت ئىشىكنى ئېچىپ دۇكان ئىچىگە كىردى. بوۋاي كېچىدە كىرگەن بالا كۆتۈرۋالغان ئايالنى كۆرۈپ

چۆچۈپ كەتتى ۋە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدى.
نازاكەت سەھرادىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ماڭغانلىقىنى،
لېكىن تېنەپ كېتىپ كىچىكە قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بوۋاي قاپقارا يوغان چۆگۈننى تونۇرغا سېلىپ،
بىردەمدىلا چاي قايناتتى، لېكىن نازاكەت بىر يۇتۇمنۇ
ئىچمىدى، ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى...

نازاكەت بوۋاينىڭ ھازىرلاپ بەرگەن ئورنىدا
بالىسىنى يېنىغا ئېلىپ ياتتى، ئەمما ئۇيقۇسى كەلمىدى.
ئۇ ھامان بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى
ئىشلارنى، كۆلگىنىنىڭ مۇشۇ يېقىندىن بېرى قىرىنچە -
يېنىچە تېگىدىغان بولۇپ قالغانلىقلىرىنى ئويلايتتى. بولۇپمۇ
بۈگۈنكى غەلىتە ئىشلارغا ھەيران بولاتتى ۋە ئىشەنگۈسى
كەلمەيتتى.

تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئۇ بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ،
بالىسىنى باغرىغا باسقىنىچە دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.
ئۇنىڭ نىشانسىز سەپىرى يەنە باشلاندى. ئەتىگەنلىك
چاي ۋاقتىدا ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر يېزىغا يېتىپ
چىقتى.

يېزىنىڭ چېتىدە، غورۇلۇق ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق
ياقىسىدا كەككە ساقال بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. نازاكەت
يېقىن كېلىپ، بوۋايغا سەپسېلىپ بىر قارىدى - دە،
ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاي ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدىمۇ ياكى
مۇنداقلا سوراپ باققۇسى كەلدىمۇ:

— توختاڭا، قىزىم، نەگە بارىسىز؟ — دېدى.

نازاكەت توختاپ، كەينىگە ئاستا بۇرۇلدى:

— ھېچ نەگە.

كۆپنى كۆرگەن بوۋاي نازاكەتنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە، سولاشقان چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى - دە، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— جاپا چېكىپ قاپسىز، قىزىم، بارىدىغان يېرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە.

بوۋاينىڭ سىلىق، يۇمشاق گەپلىرى نازاكەتنىڭ كۆڭلىنى بۇزدى ئېھتىمالىم، ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى:

— نەگە بېرىشنى بىلمەيمەن ...، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ماڭدى.

— ئۇنداقتا ... توختاڭ، قىزىم، ئۆيۈمدە سىز قورۇنغۇدەك ھېچكىم يوق، بىر تاللا قىز نەۋرەم بار.

سەل ئالدىغا ئېڭىشكەن بۇ مۆلايىم بوۋاي نازاكەتنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈندى - دە، تۇرۇپ قالدى.

— يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرىڭ، قىزىم.

ئۇ، بوۋاينىڭ كەينىدىن تارتىنىپ مېڭىپ ھويلىغا كىردى. توققۇز - ئون ياشلار چامىسىدىكى چاچلىرى پاخپاق بولۇپ كەتكەن بىر قىز يازلىق ئوچاققا ئوت قالاپ ئولتۇراتتى. قىز نازاكەتكە بىرنەرسىدىن ئۈركۈگەن توشقاندەك بۆجىيىپ قاراپ قالدى. بوۋاي نەۋرىسىگە:

— ئادالەت، ساڭا ھەدە ئەكەلدىم، قولىدىن بالىنى ئال، قىزىم، — دېدى ئۇ نازاكەتنى ئۆيگە باشلاۋېتىپ.

نازاكەت ئۆيگە كىرىپ تاپسىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆز ياشلىرىنى توختىتۋالماي قالدى، قۇچاقتىكى بالىسمۇ ئويغىنىپ كەتتى. لېكىن بوۋاي ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

نېمشقا كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى سورىمىدى، سورىمىسىمۇ توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشنىڭ ئاچچىق ئەلەم، ھەسرەتلىك قىسمەتنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.

چايدىن كېيىن بوۋاي نەۋرىسىگە مۇنداق دېدى:

— ھەدەڭ ھېرىپ كېتىپتۇ، بىردەم ئارام ئېلىۋالسۇن، سەن بالىنى ئوينىتىپ كىر. قولۇم - قوشنىلار سورىسا، بوۋامنىڭ ئىنىسىنىڭ يىراقتىكى قىزى كەلدى، دەپ قوي.

ئادالەت ئەركىنتايىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

## 6

نازاكەتكە مۇشۇ مېھرىبان بوۋاي باشپاناھ بولدى. ئۇ ئاتا، نازاكەت بالا بولۇپ، مۇشۇ باغلىق ھويلىدا قالدى.

نازاكەت بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى — ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ تاكى ئەركىنتايىنى كۆتۈرۈپ تېنەپ - تەمتىرەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغۇچە بولغان ھەممە ئىشلارنى بوۋايغا قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىچ - قارنى بوشاپ، دەرد - ئەلەملىرى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىنمۇ مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ دەردىمۇ نازاكەتتىن قېلىشمايدىكەن: بوۋاي ئۆمرىدە بىر تاللا ئوغۇل تاپقان ۋە ئۇنى بار - يوقىغا قارىماي ئوقۇتقان. ئوغلى بەشىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن يىلى ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. يالغۇز ئوغلۇمنى ئۆگىلەپ - خارلاپ قويارمىكىن، دەپ ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئۆيلەنمەي ئۆتكەن. ئوغلى ئوقۇشلىرىنى

تۆكتىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئوغلى ئۆيلىنىپ، ئادالەت ئەمدىلا ئىككى ياشتىن ئاشقان چاغدا، يەنى 1937 - يىلى شىپك شىسەي ئوغلىنى تۇتۇپ كەتكەن ۋە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كېلىنى ئۇزاقى يىلى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆلاردىن يالداما بولۇپ مۇشۇ ئادالەت قالغان.

بوۋاي بىلەن ئادالەتنىڭ كونى ئەللىك - ئاتمىش تۈپ مېۋىلىك دەرىخى بار مۇشۇ باغ بىلەن ئۆتىدىكەن. ئانچە - مۇنچە ئوتياش تېرىيدىكەن. بوۋاي كۆزلۈك ئالمىلارنى سېتىپ، شۇنىڭ پۇلى بىلەن قىشنى چىقىرىۋالىدىكەن. ئوغلى ئوقۇپ، ئەپەندىچىلىك بىلەن داڭق چىقىرىپ، ئاخىر بالا - قازاغا يولۇققان بولسىمۇ، بوۋاي بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمەي، نەۋرىسىنى ئوقۇتۇۋېتىپتۇ. بوۋاينىڭ: قىز بالا نادانلىقتا قالسا، قاناتسىز قۇشتەك خارلىنىپ قالىدۇ، دېيىشلىرى، هازىرمۇ قىزلاردىن نى - نى ياخشى ئەپەندىلەرنىڭ چىققانلىقى، مۇشۇ يېزا مەكتىپىدىلا شۇندا قلاردىن بىر - ئىككىسىنىڭ بارلىقىنى ماختىنىپ سۆزلەشلىرى نازاكەتكە چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

— ئادەم تۈرلىپ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكۈچە مىڭبىر قىسمەتلەرنى كۆرىدۇ، قىزىم، — دېدى ئەرشىدىن بوۋاي، — بولدى، قوپۇق، يىغلىماڭ، كۆپ يىغا ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ. بۇ بەش كۈنلۈك ئالەم. ئۆمرىمىز شۇنچە قىسقا بولسىمۇ، كۆرىدىغىنىمىز كۆپ. نېمشقا دېسىڭىز، بالام، زامان تەكشى ئەمەس، ئادەملەرنىڭ مېڭىشىمۇ تەكشى ئەمەس، بىرى تۈز يولدا ماڭسا، بىرى قىڭغىر يولدا ماڭىدۇ. بۇ كۆك ئاسماننىڭ تېگىدە نېمە قىسمەتلەر

بولمايدۇ دەيسىز. ئېرىم چىرايلىقتى، ماڭا تۆھمەت قىلغانلارغا ئىشىنىپ كەتتى، دەۋاتىسىز. شۇنداق بولىدۇ، ھەيران قالماڭ، چىرايلىق ئادەمنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرىدىغانلار كۆپ بولىدۇ، قايمۇقتۇرالمىسا ھەر خىل ھىيلە - مىكىرلەرنى قىلىدۇ، تۆھمەت قىلىشمۇ شۇنىڭ ۋەجىدىن بولغاندۇ؟ ئۇمۇ بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىدۇ. چۈشەنمىسە، بىلمىسە، ئۇ ئىشنىڭ باشقىلارغا ساۋىقى قالىدۇ.

لېكىن نازاكەت قايغۇرمايمەن، دېسىمۇ قايغۇرۇپ يۈرەتتى. بوۋاي يوق چاغلاردا، تولىراق كېچىلىرى يىغلايتتى. يىغلايتتىيۇ، يېنىدا ياتقان بالىسىنى سىيلايتتى، ئاستا سۆيەتتى، ئاشۇ بالا بىلەنلا، ئاشۇ سۆيۈش بىلەنلا كۆڭلىدىكى مەيۈسلۈك، ئاچچىق ئەلەم كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، ئەمما ئۆزىنى ئالدىراپلا ئاسماندىكى قۇشتەك بەختلىك ھېسابلاپ يۈرگىنىگە ئۆكۈنەتتى. چۈنكى تۇرمۇش يولىنىڭ ئەگرى - توقايلىقى ئەمدىلا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تەمىنى تېتىتماقتا ئىدى.

نازاكەت سەھەر تۇرۇپ، ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈپ، سۇ چاچاتتى، گۈللەرگە سۇ قۇياتتى، ئاندىن سىيىر ساغاتتى، نازاكەتنىڭ قولى بىلەن ئەرشىدىن بوۋاينىڭ ئۆيى، ھويلىسى، بېغى ھۆسن تاپتى. ئۇ كەلگەندىن بېرى بوۋاينىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى كىر بولمىدى، ئادالەتنىڭ چاچلىرى پاكىز يۇيۇپ تارالدى. ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە ھەممە ئىشنى كۆيۈپ - پىشىپ قىلاتتى. كەچتە قولى بوشىغاندا يەنە خىيالغا چۆكەتتى. ئېھتىمال، ئۇ ئادەم ئىزى كەم چۈشكەن ھېلىقى تاغلار ئىچىدە قۇددۇس بىلەن بىر - بىرىگە نىكاھ ئوقۇغان پەيتلىرىنى ياكى

ئۈگكۈرنىڭ ئالدىدا بىر زىخ كاۋاپنى تەڭ تارتىشىپ يېگەن چاغلىرىنى ئەسلىگەندۇ. ئېھتىمال، ئۇ قىردا ئېچىلغان ھېلىقى بىر جۈپ گۈلنى ئۆزلىرىگە قىياس قىلىشقان مەزگىللىرىنى ۋە ياكى تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالىسىنىڭ ئوغۇل - قىزلىقىغا پال سالغانلىرىنى ئويلىغاندۇ. ئېھتىمال، ئۇ قۇددۇسنىڭ قەلەندەر سۇرىتىگە كىرىپ، باي قورۇسىدا ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان ۋە ئۇنى ئېلىپ قاچقان چاغلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندۇ... ھازىر ئۇ كۈنلەر يوق، ئۇنىڭ پەقەت ئەسلىمىسىلا قالدى، دېغى قالدى، يارىسى قالدى. يارا ساقايمىسا نېمە چارە، ئۇ ئاغرىيدۇ، قىينايدۇ، ئازابلايدۇ.

ئائىلە ئەزالىرى تاماق ۋاقتىدا جوزىغا يىغىلغاندا، ئەركىنتاي ھەممىلەننىڭ خۇشاللىقى بولاتتى. ئۇ كىچىككىنە قارا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ كىمگە ئېسىلسا، تەلپۈنسە، شۇ ئۇنى قولغا ئالاتتى، سۆيەتتى، ئەمما نازاكەت جوزىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ كەملىكىدىن مەيۈسلىنەت-تى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىكار ۋاقتىنى بوۋاينىڭ ئوغلىدىن قالغان كىتابلارنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

— ئەمدى ياخشى دوست تاپتىڭىز، قىزىم، — دېدى ئەرشىدىن بوۋاي بىر كۈنى خۇشال بولۇپ، — كىتاب ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ، خىيالنى تولۇقتۇرىدۇ، كۆزىنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

بىر كۈنى ئەركىنتاي تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى، ئاغرىغاندىمۇ كېچىچە قىزىپ ئوت - كاۋاپ بولۇپ چىقتى. ۋەھىمىگە چۈشكەن نازاكەت بالىنىڭ بېشىدىن بىردەممۇ نېرى كېتەلمىدى. ئەركىنتاينىڭ ئاغرىقىنىڭ ئېغىرلىقىغا

www.uyghurkitap.com

قاراپ، ئەرشىدىن بوۋايمۇ، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئادالەتمۇ قاتتىق قايغۇرماقتا ئىدى. كېچىدىن بېرى بالا كۆز ئاچماي ياتاتتى. ئەتىگەن تېۋىپنىڭ ئەكەلگەن دورىلارمۇ كار قىلماي ۋاتاتتى.

— كۆز قارىچۇقۇم، ئۇمىدىم، — دەيتتى نازاكەت خۇددى ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك بىر قىسما روھىي ھالەتتە، — تىكەندەك يالغۇزلۇقۇمدا مېنى تاشلاپ كەتسەڭ، مەن تىرىك ئۆلەمەدىم ...، — ئۇ ئۆز سۆزىدىن قورقۇپ كەتتى - دە، بالىنىڭ قانسىز مەڭزىگە ئاستا سۆيدى. ئاھ! ... يەنە شۇ ھال: بالىدىن دادىسىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى.

نازاكەتنىڭ كۆڭلى ئەركىنتاي بىلەن كۆتۈرۈلەتتى. ھازىرچۇ، ھېلىتىنلا يالغۇزلۇق ھېس قىلىشقا باشلىدى. ۋەھىمە، يالغۇزلۇق تۇمۇرنى دات يېگەندەك ئۇنىڭ جېنىنى يېمەكتە ئىدى. ئۇ ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقان بالىسىدەك ئىڭرايتتى، كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۆكەتتى، كۆكرىكىنى قانداقتۇر بىر نەرسە مۇجۇۋاتقاندەك قىينىلاتتى. ئۇ بالىدىن پەقەت كۆز ئۈزمەيتتى، تەلمۈرەتتى، كۆز ئېچىشىنى، ئانىسىغا قارىشىنى تىلەيتتى، ئەمما بارغانسېرى ئۈمىدسىزلىنەتتى.

— ئەركىنتاي، يالغۇزۇم، باغرىم ... كۆزۈڭنى ئاچقىنا، مەن بىر قانتى سۇنغان قۇشمەن، سېنىڭمۇ ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟ ...

نازاكەتنىڭ كىچىككىنە لاچىنى، يۈرەك پارىسىنىڭ ئازابىنى بېسىپ تۇرغان قوزىسى بارغانسېرى ئۇساللاپ كېتىپ باراتتى. ئەرشىدىن بوۋاي بالىنىڭ ياخشى

بولالمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە نازاكەتكە چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىدى. كۆڭۈلگە كەلگەن ھەممە گەپنى دەۋەرگىلى بولمايدۇ - دە، بالا ئارىلىقتا بىر قېتىم كۆزىنى ئاچقان ۋە ئانىسىغا كۈلۈمسىرىگەندەك قارىغان. شۇ چاغدا نازاكەتتە ئۈمىدمۇ پەيدا بولغان، لېكىن ھايال قىلماي ئۇنىڭ يەنە كۆز يۇمۇشى ۋە نەپەس ئېلىشىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئۈمىدنى خۇددى تېز يېنىپ ئۆچكەن مەڭگەن ئوتىدەك يوق قىلىۋەتتى.

دادىسىغا ئوخشاش چىرايلىق، قوشۇماقاش ئەركىنتاي ئانىسىنىڭ كۆز يېشىغا، يالۋۇرۇشلىرىغا، ئاھۇپەريادىغا قارىماي، ھاياتتىن مەڭگۈ كۆز يۇمدى. شۇنىڭ بىلەن نازاكەت ئىككى قانىتىدىن ئايرىلغان قۇشتەك شۇمشىيىپ قالدى. بالىنىڭ قازا قىلىشى بىلەن نازاكەتنىڭ يۈرىكىدە ئۇنىڭ دادىسىغا يوشۇرۇن ساقلىنىۋاتقان مۇھەببەتمۇ قازا قىلدى ۋە ئۇنىڭ مۇھەببەتتىن ھېچنېمە قالمىغان يۈرىكىگە يەككە - يېگانىلىق ئازابى كۆزگە كۆرۈنمەس يىڭنە بولۇپ سانجىلىشقا باشلىدى.

× ×

مىسكىن ھايات ئۈششۈك ئۇرۇپ كەتكەن گۈلگە ئوخشىشىدۇ. نازاكەتتە نە تېتىكلىكتىن، نە گۈزەللىك يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان، ھەمىشە ئۆتكۈر ۋە تازا نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزىمۇ خىرەلەشكەن، بىر يەردە ئولتۇرسا كەچكىچە ئورنىدىن

تۇرمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.
نازاكەتتىكى بۇ ئۆزگىرىش، بۇ چىدىغۇسىز جىمغۇر هالەت ئەرشىدىن بوۋاينى چوڭقۇر ئازابقا سالاتتى.
— قىزىم، — دەيتتى ئۇ بەزىدە، — ئىنسانىنىڭ كۆرگىنىدىن كۆرمىگىنى كۆپ، ئازاب، ئەلەم، نادامەت بىزگە ئۇزاقتىن بېرى هەمراھ، بۇ سىزگىلا كېلىۋاتقىنى يوق. ئاۋۇ قوشنىمىز كۆلگۈنچەك ئايالنىڭ دەردىنى سوراپ بېقىڭا، تاغدەك تۇرۇپتۇ. ئېرى تۈرمىدە ئۆلگەن، دادىسىنى چېرىكلەر ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىلىندۇرمەي يۈرىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ چۆچۈرىدەك تۈت بالىسىنى كىم باقىدۇ؟ سىز تېخى ياش، ياشىشىڭىز، ئۆمرىڭىزنى ئاسرىشىڭىز كېرەك. ئادەم قايغۇنىڭ ئەمەس، ئۈمىدنىڭ بەندىسى بولۇش كېرەك. زامان تەۋرىنىپ قالدى، ياخشى كۈنلەرنى كەلمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! ياخشى كۈنلەرنى ئۈمىد قىلىش كېرەك. شۇنداق كۈنلەر كەلسە، سىزمۇ بەختىڭىزنى، خۇشاللىقىڭىزنى يەنە تېپىشىڭىز مۇمكىن، هېلىتىنلا تۈگىشىپ كەتسىڭىز بولامدۇ؟!
ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ دەيدۇ، قولى ئىشقا بارماس بولۇپ، هەممە نەرسىدىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئۇن-تىنسىز يۇرۇشنى خالاپ قالغان نازاكەت گويا قايتىدىن جان كىرگەندەك تىرىلدى. تىرىلدىيۇ، كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتى، بېرىلگەندىمۇ قاتتىق بېرىلدى. نە كۈندۈز، نە كېچە ئۇنىڭ قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان بولدى. بەزى كېچىلىرى هاياجانلىنىپ، هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقاتتى، سېھىرلىك ئاسمان بوشلۇقىغا، يۇلتۇزلارغا



www.uyghurkitap.com

تىكىلەتتى، بىرەر شەپنى كۈتكەندەك شامالنىڭ شۇىرلاشلىرىغا قۇلاق سالاتتى، ئوي-خىياللارغا پاتاتتى... كۈمۈشنىڭ ① تەقدىرىگە ئېچىناتتى، تۈنەدىن ② يىرگىنەتتى، رىتا ③ نىڭ ھايات يولىدىن تەسىرلىنەتتى، نوزۇگۈمنىڭ قىلىچ ئالدىدا باش ئەگمىگەنلىكىدىن روھلىناتتى... ئەمما قۇددۇس ئېسىگە كەلسىلا دەردلىرى يەنە قوزغىلىپ، بىرقىسما بولۇپ قالاتتى، كۆيەتتى، ياناتتى، ئازابلىناتتى...

ئۇنىڭچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەرشىدىن بوۋاينىڭ ھويلىسى، بېغى كۆرۈمسىز تۇسكە كىرىپ قالدى. بۇ كۆڭۈلسىز مەزگىل نازاكەتنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماي قالمىدى: ئۇ ھەر كۈنى سارغايغان يوپۇرماقلارنىڭ بەرگىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، خۇددى يۈرىكى بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك بولاتتى. ئېرىق بويىدىكى سولاشقان گۈللەرنى ئۆزىگە قىياس قىلاتتى، ئۇلاردىن نە چاقناش، نە كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان كۆركەم ھالەت، نە يېقىملىق پۇراقلاردىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. يازچە چاڭىلداپ سايرىغان نەغمىچى قۇشلار نەگە كەتكەندۇ؟... باغ ئىچى نازاكەتنىڭ سادىسىز كۆڭلىگە ئوخشىتاتتى، قۇرۇغان يوپۇرماقلار مۈڭلۈق شىلدىرلايدۇ، ئاچچىق شاماللار شۇىرلايدۇ... ئەنە، گۈللەر تۈۋىنى تاتىلاپ، ئارام بەرمەيدىغان تىنىمسىز چارتوخۇ بىر پۈتلىنىپ، تۇمشۇقىنى ئىچىگە تىقىپ، خۇددى

---

① كۈمۈش — ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىكى پېرسوناژ.
② تۈنە، ③ رىتا — ن.ئوستروۋسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىكى پېرسوناژ.

www.uyghurkitap.com

نازاكەتتەك شۈمشىيىپ قاپتۇ. قىزىل خورازمۇ تۈتۈنلەشتىن قالغان، كەنجى چۈجىلەرمۇ ئانىسىنىڭ قانىتى ئاستىدىن چىقالمايدۇ. كۆكۈلگە ئارام بېرىدىغان نىمە بار؟ كىتابچۇ؟ ياق، كىتاب ئوقۇشقا ئۈندەيدىغان زوقلارنى ئاچچىق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەتكەن. تەبىئەتنىڭ بۇ كۆرۈمسىز مەزگىلى نازاكەتنىڭ ئۈنتۈشقا كىرىشۋاتقان ھەسرەتلىك ئەلەملىرىنى قايتا قوزغاپ قويغان: «تۈۋا، — دەپ ئازابلىناتتى ئۇ، — مەن كىشىلەرنىڭ زۇلۇم - زورلۇقلىرىنى، پەسكەشلىك ۋە ياۋۇزلۇقلىرىنى جىق كۆرگەن، بىراق تۆھمەت قىلىشلىرىنى، ھۆرمەتكە لايىق، ئىشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ، يەنە كېلىپ سېنىڭ بېشىڭنى سىيلىغان ئادەملەرنىڭ تۆھمەت قىلىشلىرىنى كۆرمەپتىكەنمەن، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمنىڭ — مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈمنىڭ ئاشۇ تۆھمەتلەرگە ئىشىنىشىنى تېخمۇ ئويلىماپتىكەنمەن ... دۇنيادا ھەق بىلەن ناھەق، ئىشەنچ بىلەن ئىشەنچسىز-لىك، تۆھمەت بىلەن ھەقىقەت ھامان بىللە ياشايدىكەن، بۇنى كۆرمەسلىك، بىلمەسلىك — كۆلكىنى كۆرۈپ، زەھەرخەندىلىكنى كۆرمەسلىك، شېكەرنى بىلىپ، زەھەرنى بىلمەسلىك بىلەن باراۋەر ئىكەن. ئويلا، چوڭقۇر ئويلا، ئادەملەرگە تازا سىنچىلاپ قارا، زەن قوي، ئەتراپىڭغا باق، نازاكەت...»

نازاكەت سارغايغان كاۋا بارىڭىنىڭ ئاستىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرغاندا، تالادىن ئەرشىدىن بوۋاي كىرىپ كەلدى. بوۋا يېنىڭ چىرايىدا كۈندىكىدىن باشقىچە ھالەت— ئۆز يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان تېتىكلىك، چەبدەسلىك يېغىپ تۇراتتى، قولىدا بىر ۋاراق قەغەز پۇلاڭلايتتى.

— ماۋۇنى ئوقۇڭ، قىزىم، — دېدى ئۇ نازاكەتنىڭ
يېنىغا كەلگەندە، — بىر ئاجايىپ ئەگۈشتەر تېپىۋالدۇق...
ئوقۇڭ، قىزىم، ماۋۇ كارامەتنى كۆردىڭىزمۇ، ئۇن
ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا ... كىمدۇ بىرى مۇنۇ
سادىر ئەپەندىنىڭ قورۇسىغا تاشلاپ كېتىپتۇ.
نازاكەت ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى. بوۋاينىڭ خەت
كېلىدىغان ئادىمىمۇ يوق ئىدى. بۇنى كىم تاشلاپ
كەتكەندۇ؟ قۇددۇسنىڭ خېتىمۇ - يا؟ ئۇنىڭ پۈتۈن
ئەزايى - بەدىنى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ
كەتكەندەك بولدى -. دە، تىترەۋاتقان قولىنى بىلىپ
بولماس ئۈمىد بىلەن خەتكە ئاستا سۇندى.
— ئۈنلۈك ئوقۇڭ، قىزىم.
ئۇ ئوقۇشقا كىرىشتى، بىر ۋاراق قەغەزگە مۇنۇ
قۇرلار تىزىلغانىدى:

« قېرىنداشلار!
گومىنداڭنىڭ شەپقەتسىز زۇلۇمى چىداپ تۇرغۇسىز
دەرىجىگە يەتتى. بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ، زوراۋانلىققا قارشى
تۇرىدىغان ۋاقت كەلدى! باشنى كۆتۈرۈش — قوزغىلىش
دېمەكتۇر! قان تۆكمەي ئازادلىققا چىققىلى بولمايدۇ.
دۈشمەندىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ۋە
ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىقنى ۋە ئەركىنلىكنى سۆيۈش
روھى بىزنى ئىلھاملاندۇرماقتا. ھەر مىللەت خەلقى بىر
نىيەت، بىر ئارزۇ يولىدا كۈرەشكە ئاتلىنايلى!...
دۈشمەن مەغلۇبىيەتلىك كۈنلىرى قانچە يېقىنلاشقانسېرى
شۇنچە تېپىرلىماقتا. ياۋۇزلۇقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقى

ياۋۇزلۇقنىڭ يوقىلىشىدىن بىشارەت بەرمەكتە. ئىلغا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ يوقىتىشى بۇنىڭغا ئىسپات! دۈشمەن ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز!

قوزغىلايلى، قېرىنداشلار!
ئازادلىق سېپىگە ئۇيۇشايلى!
قولىمىزغا قورال ئالايلى!
يوقالسۇن گومىنداڭ!
ياشىسۇن ئىنقىلاب!

ئازادلىق ئىتتىپاقى»

نازاكەت خەتنى ئوقۇۋاتقاندا، ئەرشىدىن بوۋاي ئۇنىڭ چىرايىدا خېلى كۈنلەردىن بېرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان مەيۈسلۈك، غەمكىنلىك ئالامەتلىرىنىڭ بارغانسېرى يوقىلىپ، ھاياجانلىق ھىس - تۇيغۇلارنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسا، خەتنى ئوقۇپ بولغاندا، ئۇنىڭدا ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن بىر روھىي ھالەتنى — پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىنىڭ يېنىپ، يۈزلىرىنىڭ ھۇپپىدە ئوت ئالغانلىقىنى ئېنىق كۆردى.

— ئۇن ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، دېگىنىم مۇشۇ، قىزىم، ئەۋاختىن بېرىقى مىش - مىش گەپلەر ئەمدى راستقا ئايلاندى، — دېدى ئەرشىدىن بوۋاي جانلىنىپ. نازاكەت يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى بىلەن بوۋايغا تىكىلىپ قارىدى.

بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن نازاكەت جىمىپ كەتتى، كىتابمۇ ئوقۇماس بولدى. كۆرەشكە چاقىرغۇچى مەخپىي

تەشكىلات — «ئازادلىق ئىتتىپاقى» ئۇنىڭ قەلبىگە قانداق ئوتلارنى ياقتى، ئۇ نېمىلەرنى ئويلاپ، قانداق كۈچنىڭ تەسىرىدە ئازابلىق تولغىنىۋاتىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن بوۋاينىڭ سىنچى كۆزلىرى بارا - بارا نازاكەتنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن ئوتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ ئوتنىڭ ئۇنى ھامان كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى.

— قىزىم، شۇك بولۇپكەتتىڭىزغۇ، — دېدى ئەرشىدىن بوۋاي بىر كۈنى، — «ئازادلىق ئىتتىپاقى» دېگەن خۇپىيانە تەشكىلات، پەممىچە، سىزنى ئويغا سېلىپ قويدىغۇ دەيمەن، ئۇنى ئىزدەپ تاپاي دەمسىز نېمە؟

— ئاغزىڭىزغا قەنت، جېنىم بوۋا! — نازاكەت قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك يايراپ كەتتى، — مېنىڭ ئازابلىرىم، يۈرەك دەردلىرىم شۇ تەشكىلاتنى تاپسام ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى...

نازاكەتنىڭ نازۇك كىرپىكلىرىگە ياش ئىلىندى. ئۇنىڭ ھاياجانلانغان يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىگە دەممۇ دەم، توختىماي ئۇرۇلماقتا ئىدى. ئۇ يەردە ئەمەس، كۆكتە تۇرغاندەك، قەيەردىندۇر يىراق بىر يەردە تەۋرەپ كەتكەن ئادەملەر توپى ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك، تاغ تەرەپكە تىكىلىپ ئىنتىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نەملەشكەن كۆزلىرىدە مەيۈس نۇرلار يېنىكەن، ئوت ئالغان يۈزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتكەنىدى.

بوۋاي ئۇنىڭ شۇ ھالىتىدىن ھاياجانلاندى:

— بېرىڭ، ئىزدەڭ، تېپىڭ، قىزىم، زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە باش كۆتۈرۈپ چىققان مايىمخانىمۇ سىزگە

ئوخشاش قىز ئىدى. سىزمۇ مايىمخانىدەك غەيرەتلىك، جۈرئەتلىك بولۇڭ، مەنمۇ سىزگە ھەمدەم بولىمەن ...

— بوۋا! ... كۆڭلۈمدىكىنى تاپقان بوۋا، غەيرەتلىك سۆزلىرىڭىزدىن ئايلىناي...

ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان نازاكەت ئەرشىدىن بوۋاينى قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ، تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

## 7

قۇددۇس دەسلەپكى بىر ئاينى چوڭقۇر ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدى. بېشى تۆرەپ قالغان ئادەمدەك بىرقىسما بولۇپ قالدى. يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىنى كۆزگە كۆرۈنمەس ئۆتكۈر تىرناقلار تاتىلاۋاتقاندەك قىلاتتى. نازاكەتنىڭ تۇتقان قاچا - قۇچىلىرىنى، ئوغلى ياتقان بۆشۈكنى، ھەتتا بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان سۈپۈرگىنى كۆرسىمۇ يۈرىكىدىن ئېچىنىش، ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ئۆيگە كىرسە نازاكەتنىڭ ئۆز قولىغا سۇ ئالىدىغان چاغلىرى، بىر ياقلارغا كېتىپ قالسا، يېرىم كېچىلەرگىچە، تاكى ئۆزى قايتىپ كەلگۈچە ئۇخلىماي ئۆرە ئولتۇرغان پەيتلىرى، ھويلىنى سۈپۈرگەن چاغدىكى قىياپەتلىرى ھامان قۇددۇسنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇنى كۆپرەك نازاكەتنىڭ ئۆيدە قالغان كىيىم - كېچەكلىرى قىينايتتى، ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئاپىرىپ بەرگۈسى، ئوغلىنى كۆرگۈسى كېلەتتى.

كېيىنكى بىر ئاي قۇددۇستا شۇنداق خاتىرىلەرنى

ئۇنتۇلدۇرۇشقا باشلىدى، چۈنكى گۈلگىنە ئۇنىڭ مەيۈس، غەمكىنلىشىپ قالغان كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشماقتا ئىدى. تەشنا يۈرەكتىن چىقىۋاتقان مۇھەببەتلىك سۆزلەر، سىلىق مۇئامىلىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقىچە ھېس - تۇيغۇلارنى قوزغاتماي قالمىدى. تۇرمۇش مۇساپىسىدە مۇھەببەت شېرىنلىكىنى غەزەپ، قايغۇنىڭ ئورنىنى شادلىق، مەيۈسلۈكنى تېتىكلىك ئالغان چاغلار كۆپ بولدۇ. ھېكايە - چۆچەكلەرنى كۆپ ئاڭلىغان قۇددۇس، پادىشاھنىڭ گۈزەل قىزى پادىچى يىگىتكە كۆيۈپ قالغىنىدەك، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرۈشكە باشلىدى.

—كېيىملىرىڭىزنى يۆتكەڭ، — دەيتتى گۈلگىنە قۇددۇسقا، — كانۋا بېسىپ كۆڭلەك تىكىپ قويدۇم، سىزگە ئاتاپ قارا كۆكسارجىدىن كاستۇم-بۇرۇلكا بۇيرۇتتۇم...

قۇددۇس مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ھۇپپىدە قىزىرىپ كېتەتتى - دە، يەرگە قارىۋالاتتى. لېكىن گۈلگىنە قۇددۇسنىڭ قەلبىگە بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭ مەيلىنى، مايىللىقىنى قوزغايتتى. «دادام سىزنى قۇددۇس، ئۆز بالىمىزدەك بولۇپ قالدى، چارۋىلارنى، مالچىلارنى باشقۇرسۇن، قورۇ خىزمەتچىلىكىگە باشقا ئادەم تاپىمىز، دەۋاتىدۇ» دېگەن گەپلەرنى پات - پاتلا دەيدىغان بولدى. قۇددۇس ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ بۇ؟ دەپ ھەيران بولۇپ يۈردى.

گۈلگىنەمۇ، قۇددۇسمۇ ئۆز ھۇجرىلىرىدا يالغۇز ياتاتتى. گۈلگىنە قۇددۇسنىڭ ئىشىكىنى يېرىم كېچىلەردە پات - پاتلا ئۇرىدىغان بولدى: «قارا بېسىپ قاپتۇ،

قورقۇۋاتىمەن، ماڭا ھەمراھ بولۇڭ...»

دەرۋەقە، قۇددۇس گۈلگىنەگە بىرنەچچە قېتىم ھەمراھ بولدى ...

مانا بۈگۈن شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى، يېرىم كېچىدە گۈلگىنە قۇددۇسنى ئويغىتىپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئاچىقتى. ئۆز يېنىغا — سىم كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى. ئىچ كۆڭلەك بىلەن ئولتۇرغان گۈلگىنەنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى قۇددۇسنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ، مۇرىسى مۇرىسىگە تېگىپ تۇراتتى. ئۇ قۇددۇسنىڭ يېرىك قولىنى يۇمشاق ئالقىنىغا ئېلىۋالغانىدى. قۇددۇس گۈلگىنەنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى - دە، ئۆزىمۇ سىمابتەك تىترەپ، نېرىراق ئولتۇرۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئۆينىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىزا - نومۇسنى، تارتىنىشنى يوشۇرۇپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ ئائىلىنىڭ خوجايىنى ئەمدى سىز بولىسىز،— دېدى گۈلگىنە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — پۈتۈن ئىگىلىكىمىزنى باشقۇرىسىز.

— ياق، باشقۇرالمايمەن.

— نېمە دېگىنىڭىز؟ بەخۇدۇك باشقۇرۇپ كېتەلەيسىز.

— بايلىقىڭلارغا مېنىڭ ئەجرىم سىڭمىگەن ...

— ئەمدى سىڭىدۇ، دادامنىڭمۇ، ئاپامنىڭمۇ ئېيتىدىغىنى شۇ ... ئۇلار سىزگە رازى.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم رازى ئەمەس.

گۈلگىنە مۇشۇ پەيتنى چىڭ تۇتۇشنى ئاللىقاچان ئويلىغانىدى:

— بوپتۇ، بۇنى كېيىن سۆزلىشەيلى، ئەمما مېنىڭغۇ باشقۇرالارسىز؟ قۇددۇس، مەن ئىختىيارىمنى سىزگە

بەردىم ...
گۈلگىنەنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىلا ئەمەس، سۆزۈك لەۋلىرىمۇ قۇددۇسقا قاتتىق تەلمۈرمەكتە ئىدى. قۇددۇس مەڭدەپ قالدى. ئاسانلا كېلىۋاتقان ئامەت، بايلىق، ئۇنىڭغا قاتتىق تەشنالىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان گۈزەل قىز، بىلەكلىرىنى ئاستاغىنا سىلاۋاتقان يۇمشاق قول، ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئىسسىق نەپەسلەر ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەۋرىتىۋەتكەنىدى. قۇددۇس مەست ئادەمدەك بولۇپ قالدى، يېقىملىق ئىسسىق ئېقىملار بەدەنلىرىگە ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك بولدى. گۈلگىنە شۇ سۆزدىن كېيىن قۇددۇسنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، كۆكسى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىنى غىدىقلاشقا باشلىدى ... قۇددۇس سېھرىلىك دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى ۋە ئۆزى سەزمىگەن ھالدا گۈلگىنەنىڭ سېغىنىش بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئوتتەك قىزىق لەۋلىرىگە سۆيدى ...
لەززەتلىك سۆيۈشنىڭ بىرىنچى تەمىنى تېتىغان قىز ئەمدى كېيىنكى قەدەملىرىنى ئىشەنچلىك باسماقچى بولدى - دە، بىھوش ئادەمدەك قۇددۇسقا يۆلەندى ۋە بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى، بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن:
— ئەخمەتنى دەمسىز؟ — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا ۋە قۇددۇسنىڭ ئەخمەتنى قاچان تىلغا ئالغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، — مەن ئەمدى ئۇنى ئۆيگە كەلمەس قىلىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ، قۇددۇس، ئۇ مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالغان كۆردىڭىزغۇ، ئۇنداق شەرمەندىنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىمغا ئالمايمەن ... مەن سىزنىڭمەن ... سىزنىڭ ...

قۇددۇسنى بېھوش قىلىدىغان بۇ پىچىرلاشلار ناكى ناماز بامداتقىچە داۋام قىلدى ... ئەزان ئېيتىلغاندا، ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا يېنىپ چىقتى.

قۇددۇس ئەتىسىدىن باشلاپ بۇ ھەشىمەتلىك قورۇدا يېرىم خوجايىنغا ئايلاندى. بىراق، ئۇنىڭ ھەر قىسما خىياللىرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى: «مەن كىممەن؟ گۈلگىنە كىم؟ — دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى ئۇ، — ئۇنىڭغا ئۇمىدىمنى مەڭگۈلۈك باغلىسام بولامدۇ؟ ئۇنىڭ تەقدىرى راستىنلا بەلگىلىنىپ، ئۆز ئىختىيارىنى ماڭا مەڭگۈلۈككە بەرگەنمىدۇ؟ ئۆزۈمگە ئوخشاش يېتىمدىن — بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە، مەن ئەسقاتقان ئادەمدىن شۇ ئىشلار چىققان يەردە، پۈتۈن بەختىنى بايلىق، گۈزەللىك بىلەن ئۆلچەيدىغان مۇنۇ باي قىزىدىن شۇنداق ئىشلار چىقماسمۇ؟ مېنى قورچاق قىلىپ ئويناتماسمۇ؟ يوغىزەك قىلىپ دوملاتماسمۇ؟ ... شاھانە تۇرمۇش ئىچىدە چوڭ بولغان قىزنى مېنىڭدەك گادايىنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرغان، كونا، يىرتىق، ھەتتا مەينەت كىيىملىرىمگە ۋالىلداپ تۇرىدىغان، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل كىيىملىرىنى ياقتۇرغان، تېخى تەر پۇراپ تۇرغان يۈز - كۆزلىرىم، ماللارنىڭ ئايىغىنى تازىلايدىغان سۆپۈرگە تۇتقان قوللىرىمنى توختىماي سۆيدۈرۈۋاتقان مېھىر، كۈچ نېمىدۇ؟ راستىنلا مۇھەببەتمىدۇ؟ ... ھەي نازاكەت، شەرمەندە نازاكەت، سېنى قۇتۇلدۇرغىنىم ئۈچۈنلا، كۈنۈڭنى ئېلىش ئۈچۈن ماڭا ئەگەشكەنمىدىڭ؟ ماڭا شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتتۇيدىڭ، مەنسىز ياشىيالمايدىغاندەك قىلىۋېدىڭ، ھەممىسى ئالدامچىلىق ئىكەن - دە. ھېلىقى بايۋەچچە بىرلا كۆلۈپ قويسا، ئۆزۈڭنى ئېتىۋەتتىڭ، بايلارچە تۇرمۇش ئۆتكۈزىمەن دەپ ئويلىغانسەن،

ئىست، ئىست ... ئوغلۇمنى كىملەرنىڭ ئالدىدا خار قىلىپ يۈرىدىغانسەن؟ تېخى ماڭا ئىشىنىڭ، دەيسىنا ئۇياتسىز ... لېكىن ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئاتا - ئانىسىز قارا يېتىم ئىدىڭ، بوراندا قالغان قامغاقتەك دەشت - باياۋانلاردا دومىلاپ يۈرۈۋاتقانسەن؟ ...»

[illegible]

- دەھشەت! نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئىشلار بۇ -

ھە! ... قۇددۇس ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي قالدى.

[illegible]

يۈرىكىگە ئۇرۇلغاندەك، تۇيۇقسىز ھاۋا گۇلدۇرلەپ چاقماق

[illegible]

ئېتىلدى. ئامال قانچە، ئاتقان ئوقنى ياندۇرۇۋالغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

قورۇنى بىر - ئىككى ئايلانغان قۇددۇس ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنىڭ ئۇزىراپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئاخىر چىدىمىدى. دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، ئۆيئىچىگە سەپسالدى. گۈلگىنە بىلەن ئەخمەت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەلگە يېنىچە يۆلىنىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئەخمەت قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، ھەدەپ ئۆزىگە تارتاتتى، گۈلگىنە ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرەتتى. نېمە كارامەت بۇ - ھە؟! قۇددۇسنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىگە تىترەك ئولىشىپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتتى...

— ۋەدىڭىز شۇمىدى؟ — دېدى ئەخمەت گۈلگىنەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ياق، زورلىماڭ، بولدى قىلىڭ، كۆڭلۈم خالىمىغان ئىشقا ئۆزۈمنى زورلىمايمەن.

— سىز ماڭا نېمە دېگەن؟ ئىككىمىز نېمىدەپ مەسلىھەت قىلىشقان؟ — دېدى ئەخمەت گۈلگىنەگە تېخمۇ يېقىن كېلىپ، — مەن سىز ئۈچۈن، سىزنىڭ يول كۆرسىتىشىڭىز بىلەن دۇنيادا ئەڭ يىرگىنچلىك ئىشنى قىلىشتىنمۇ يانمىدىمغۇ، بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋەتتۇقغۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

دەھشەت! نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئىشلار بۇ - ھە! ... قۇددۇس ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. ئەخمەتنىڭ ئاچچىقىدا ئۈستەلگە ئۇرۇلغان مۇشتى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلغاندەك، تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقاندەك بولدى - دە، كۆڭلىگە چۈشكەن داغلار، ئىشەنمەسلىكتىن پەيدا بولغان قويۇق تۇمانلار خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بۇلۇتلاردەك يوقىلىپ كەتتى.

مانا ئەمدى سۈزۈلگەن، كۆندەك يورۇغان قەلبدە بىردىنلا كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت قوزغالدى.

— ئىپلاسلار! ...

ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، شۇيەردىلا ۋارقىرىۋەتتى-دە، ئۆيگە خۇددى يولۋاستەك ئېتىلىپ كىردى. ئىككىسمۇ هاڭ - تاڭ بولۇشۇپ قاراپلا قالدى. قۇددۇسنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتكەنىدى. ئۇ كىرگىنىچە ئەخمەتنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

— رەزىللەر! ... سەنلەر ئادەممۇ؟!

ئەخمەتنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، يۈزى پۈرۈشتى ۋە ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ تىترەشكە باشلىدى، غەزەپتىن ئۆزىنى باسالمىغان قۇددۇسنىڭ بازغاندەك ئېغىر مۇشتى بىلەن ئۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا يىقىلدى ۋە ئۆمىلەپ قوپۇپ تالاغا قېچىپ چىقىپ كەتتى. يۈزىدە قان قالمىغان گۈلگىنە يىغلامسىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— مېنىمۇ ئۇرۇڭ، لېكىن مۇھەببىتىمنى خارلىماڭ.

— سەنلەر قىلغان ئىشنى هايۋانمۇ قىلماس!

— قۇددۇس، جېنىم قۇددۇس، مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن شۇنداق قىلغان.

— ياخشى كۆرسەڭ، تۆهمەت قىلامسەن - هە؟ مەن ساڭا قانچىلىك ئىشەنگەن!

— قانداق قىلىمەن، ياخشى كۆرۈش گۇناھ ئەمەسقۇ؟!

— ياخشى كۆردۈم دەپ، يالا چاپلاپ بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىش گۇناھ ئەمەسمىكەن؟!

ئۇ ئالدىدا پەرىشانلىققا چۈشۈپ، تىترەپ تۇرغان گۈلگىنەنى مەيدىسىدىن كۈچ بىلەن ئىتترىۋەتتى. گۈلگىنە

ئوگدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ بىلىكىنىڭ، يانپىشىنىڭ سۇرۇلۇپ قانىغانلىقىنى، ئۆڭ قۇلىقىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى. قۇددۇس بولسا، بىر قولىنى بېلىگە تىرەپ، غەزەپلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ئۆرە تۇراتتى. گۈلگىنە ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى - دە، ئۆمىلەپ كېلىپ قۇددۇسنىڭ تىزىنى قۇچاقلىدى.

— نېرى تۇر ۋىجدانسىز! ...

— ياق، ماڭا رەھىم قىلىڭ ...

ئۇ قۇددۇسنىڭ پۇتىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى.

— سەنلەردە ۋىجدان بارمۇ؟ ... ئىسىت، ئىسىت! ...

— مۇھەببەت ئىنسانىي ۋىجدانغا بويسۇنمايدىكەن، قۇددۇس.

— ھەقىقىي مۇھەببەت تۆھمەتكە، ھىيلە - مىكىرگە، ۋىجدانسىزلىققا بويسۇنمايدىكەن!

— مۇھەببىتىم ماڭا ھەممىنى قىلدۇردى ...

— جۆيلۈمە!

ئۇ گۈلگىنەنى دەسسەپ - چەيلىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن بىر پۇتىنى تارتىۋالدىيۇ، توختاپ قالدى، ئۇچىسىدىكى كانۋا باسقان ئاق كۆڭلەكنى سىلىپ، گۈلگىنەنىڭ بېشىغا ئاتتى.

— مە، ئال بۇ نېمىلىرىڭنى، ئالدامچى قانجۇق!

ئۇ شۇندىلىق دېدى - دە، ئۆيىنى تىترەتكۈدەك دەرىجىدە گۈسۈلدەپ دەسسەپ قورۇغا چىقتى. كېچە بەك قاراڭغۇ، جىمجىت ئىدى. گۈلگىنەنىڭ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقانلىقى ۋە شىپىرلاپ ماڭغانلىقى ئاڭلاندى. ئۇ كەينىگىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى.

يامغۇر يېغىشتىن شەپە بېرىپ سوغۇق غەرب
شامىلى ئۇرۇلماقتا، قۇددۇسنىڭ يۈرەك دەردلىرى،
ئەلەملىرى ئاچچىق - ئاچچىق كۆز ياش بولۇپ تۆكۈلمەكتە.
قاراڭغۇ، جىمجىت كېچىدە بىردە ئىنتىشكىلەپ، بىردە ئاستىلاپ،
نەگە بېرىشىنى بىلمەي، نىشانىدىن ئازغان بەختسىز
يولۇچىدەك تەمتىرەپ يۈرمەكتە. قارا بۇلۇتلار بىلەن
قاپلانغان ئاسمان يۈزى ئۇنىڭ كۆڭلىدە قايغۇلۇق ئىدى.
غازاڭلار شىلدىرلايتتى، يوپۇرماقسىز قالغان نوتىلار،
ئۇششاق تاللار تولغىناتتى، شۇۋىرلايتتى ... بىردەمدىلا
يېتىپ كەلگەن يامغۇر چاپقىداپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى.
ئۇ ئەيىبكار ئادەمنىڭ تاياققا رازى بولغىنىدەك، شىددەت
بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇرغا يۈزىنى تۇتتى. قىيپاش
ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر ئۇنىڭ ياش بىلەن نەملەنگەن
يۈزىگە تاراسلاپ تېگىشكە باشلىدى. ئۇ يامغۇرنىڭ
تېخىمۇ قاتتىق قۇيۇلۇشىنى، مۆلدۈر بولۇپ تېگىشىنى، بىر
يەرلىرىنى يېرىۋېتىشىنى شۇنچىلىك ئىزدەيتتى.

ئاسمان يىغىسىنى، قۇددۇس يېشىنى توختاتتى. بۇ
چاغدا ئۇ ئۆزىگە كېلىپ قالغانىدى. ئاسمانغا تىكىلىپ،
غەربتىن شەرققە تۈرۈلۈپ ئاققان بۇلۇتلارغا قاراپ، ئۆز -
ئۆزىگە: «تېخىمۇ تۇتۇلۇپ كەت! يۈز ئاچما!» دەپ
پىچىرلىدى. ئالدىغا ئاشۇ قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ، كۆز
ياشلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ نازاكەت كېلىۋاتقاندەك قىلدى.
«ئاھ! ... خارلانغان، ناھەقچىلىكىنىڭ شەپقەتسىز
ئازابىغا ئۇچرىغان دىلبىرىم، ساڭا ئۇۋال قىلىندى،
تۆھمەت قىلىندى، ئىشەنمەسلىكنىڭ رەھىمسىز ئوقى
ئېتىلدى. ئامال قانچە، ئاتقان ئوقنى ياندۇرۇۋالغىلى

www.uyghurkitap.com

بولمىغىنىدەك، ئۇلارنى ئەمدى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. تۆھمەت ئوقى يۈرىكىڭنى يارا قىلغاندۇ؟ ئېيتقۇسىز ئازابلارغا سالغاندۇ؟ ... ئۇنى ساقايتىش كېرەك، مەن ساقايتىشىم كېرەك. ئالدىڭدا باش ئېگىمەن، گۇناھىمنى بويۇنۇمغا ئالىمەن، كەچۈرۈم سورايمەن. ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان، بارلىقىنى ماڭا بېغىشلىغان سۆيۈملۈكۈم، يامان ئادەملەرنىڭ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن. بىز كەڭرى، گۈزەل دۇنيادا — ئادەمسىز تاغلاردا ئۇچراشقان، بىر - بىرىمىزگە ھەقلىق رەۋىشتە نىكاھ ئوقۇغان ھالال ئەر - خوتۇنلار ئىدۇق، تەڭداشسىز ئىناق ئىدۇق ... بىراق، مەن، مەن ... نېمە دەي، ئاخىرنى ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ، قەدىرلىكىم، ئالدىڭغا بارسام مېنى كەچۈرەمسەن؟ ...»

قۇددۇس ئىككى كۈن كىرپىك قاقمىدى. سەكپارە بولۇپ نازاكەتنى ئىزدىدى. ئاچچىق ئەلەم، ئازابلىق دەرد ئۇنى خۇددى كەچ كۈزدىكى قۇرۇغان قورايدەك قىلىپ قويدى. ئاخىر ئۇنىڭ نەدىلىكىنى تاپتى. ئۈچىنچى كۈنى ئەرشىدىن بوۋاينىڭ قورۇسىغا كىرىپ باردى. نازاكەت كۆزلۈك ئالمىلارنى باغدىن پېشايۋانغا توشۇۋاتاتتى. ئۇ بىر سېۋەت ئالمىنى تۇتقان ھالدا قۇددۇسنى كۆرۈپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا قالدى. يۈزى تاتىرىپ، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ كەتتى - دە، بەدەنلىرىگە تىترەك ئولىشىپ قولىدىن سېۋەت چۈشۈپ كەتتى. ئالمىلار خۇددى تېرىقتەك چېچىلدى، قۇددۇس دەرھال ئالمىلارنى تېرىپ سېۋەتكە سالدى.

نازاكەت تېخىچە ياغاچتەك قېتىپ تۇراتتى.

— نازاكەت، يۈرۈڭ كېتىمىز، — دېدى ئۇ ئالدىغا بىر ماڭدام بېسىپ، — ئۆز ماكانىمىزغا كېتىمىز، ئۇ يەرنىڭ ئېتىكى كەڭ، بىزنى ئەمدى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ.

نازاكەتنىڭ ھېلىمۇ گۈزەللىك كەتمىگەن كىرپىكلىرىدە ياش ئەگىدى ۋە ئاشۇ مۆلدۈرلىگەن ياشلار رەھىمسىز قىسمەتنىڭ ئېغىر ئازابىدا پۈچىلانغان مەڭزىگە تېمىپ چۈشكەندە ئۇ تەتۈر قارىۋالدى.

— مەن ... مەن ئەيىبلىكمەن.

— ياق! ياق! كېتەلمەيمەن ... بولدى، ئەمدى مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، — دېدى نازاكەت ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ.

قۇددۇسنىڭ پۇتلىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، دۇنيا پىرقىراۋاتقاندەك، خۇددى بىرى ئۇنى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك بولاتتى:

— مەن سىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالايمەن؟ ... نازاكەت، مېنىڭدىن ئۆتتى. مەن سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

— ئەمدى بەرىبىر، سۆزلىمىسىڭىزمۇ چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن.

— بالا قېنى؟

— قازا قىلدى.

— ھە!؟

— شۇنداق ... خورلۇقتا مەن چىدىغان بىلەن كىچىك بالا چىدىمىدى.

قۇددۇس ئازابلىق تولغاندى. يۈرىكىنى بىرى تۆۋەنگە تارتىۋاتقاندەك ئۆزى سەزمىگەن ھالدا تىزلىنىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— بىز تېخى ياش ... مېنى كەچۈرۈڭ، نازاكەت، مەنمۇ سىزگە ئىشەنگەن، بىراق ...

— بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا ئىشەنمىدىڭىز، — دېدى نازاكەت ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراپ، — ئىشەنمەسلىك — مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنى، شۇنداق، دۈشمەن مۇھەببىتىمىزگە، تۇرمۇشىمىزغا ئارىلىشىۋاتسا، ئېيتىڭا، بىز قانداقمۇ بەختلىك بولالايمىز؟!

— بىزنى تۆھمەت ئايرىدى.

— تۇرمۇشتا راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق، ئىشەنچ بىلەن ئىشەنمەسلىك، تۆھمەت بىلەن ھەقىقەت ھامان بىللە ياشايدۇ، بۇنى چۈشەنمىگەن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىمۇ ھامان خاتىرجەم بولمايدۇ، ۋەيران بولىدۇ.

— مېنىڭ چۈشەنمىگەن ئىشلىرىم كۆپ ئىكەن، نازاكەت، مېنى كەچۈرۈڭ، بەلكى تەقدىر شۇنداقتۇ.

— تەقدىر؟ ... مۇنداق تەتۈر تەقدىرگە بويسۇنماي كەلگەنمەن، ئەگەر بويسۇنغان بولسام، ئالللقاچان غازاڭ بولغان بولاتتىم. بىرى سىزگە تۆھمەت قىلسا، سىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭىز ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ سىزنى ھاقارەت قىلسا، ئېيتىڭا، سىز ئۇنى كەچۈرەلەمسىز؟

قۇددۇس ئەيىبكارلارچە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بىز ناھايىتى تەسلىكتە ئېچىلغان بىر جۈپ گۈل ئىدۇق، — دېدى قۇددۇس چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — ئەمدى سولىشىپ تۈزىدۇقمۇ؟

— شۇنداق. مەن تۆھمەت، ئىشەنمەسلىك بورىنىدا قالغان، سولاشقان، دەسسەلگەن گۈلمەن. بۇ گۈل ئەمدى ئېچىلمايدۇ!

—بۇ ئاخىرقى سۆزىڭىزمۇ؟
—بولدى، ئەمدى كېتىمەن، — دېدى نازاكەت قۇددۇسقا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ ۋە تېخى قۇرۇمىغان كىرپىكلىرىگە ياش ئېلىپ، — مېنى مەڭگۈگە ئۇنتۇپ كېتىڭ، ئەمما كىشلەر نېمە دېسە دېسۇن، مەن سىزنى ئۇنتۇيالمايمەن. مەن چۆلگە تاشلانغان يېگانە قۇممەن، قاچانكى دەھشەتلىك بوران ئۇچۇرۇپ، دولقۇنلۇق دەرياغا چۆكتۈرۈۋەتمىگۈچە مەن سىزنى ئەسلەيمەن! ... خەير خوش، قۇددۇس!

قۇددۇسنىڭ ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش كېلىپ، كەينىگە بۇرۇلدى - دە، قەدەملىرىنى ئەلەڭ - سەلەڭ بېسىپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. شۇ چىقىپ كەتكىنىچە، توختىماي يول بېسىپ، ئۆز ماكانىغا — باغرى كەڭ گۈزەل تاغقا كەتتى. ئۇ ئەمدىكى ھاياتىنى نازاكەت بىلەن تېپىشقان، بىللە ئۆتكەن ھېلىقى قەدىردان تاغ ئۆڭكۈرىدە تەنھا ئۆتكۈزمەكچى.

× ×

يىل ئۆرۈلدى.

باھار يەنە كەلدى، قۇشلار كەلدى — نەغمە - ناۋا كەلدى، ئەمما نازاكەت كەلمىدى.

قۇددۇس قىشنى تەسلىكتە چىقاردى. نازاكەت خۇددى باھاردا كېلىمەن دەپ ۋەدە قىلغاندەك، باھارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى، بىراق باھار كەلگەندە، غېرىبسىنىپ - مىسكىنلىشىپ كەتتى. ئۆڭكۈر ئالدىدىكى

دولقۇنلۇق سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيالغا پاتاتتى. «ئەتىگىنى ھەر ئەتىگىنى مۇشۇ يەردە يۈزۈمنى يۇيۇشاتتۇق، ئۇ سۇ چېچىپ قاچاتتى، مەن قوغلايتتىم» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى: ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرگەندە، «ئۇ گۈلگە ئامراق ئىدى، ئۈزۈشنى خالىمايتتى، گۈل بار يەردە، كىشى يالغۇز بولسىمۇ، تۇرمۇش كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ» دېگەنلىرىنى ئازابلىنىپ ئەسلەيتتى؛ يامغۇر ياغقان چاغلاردا قۇددۇسنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولاتتى. يامغۇر ياغسا نازاكەت خۇشال بولۇپ كېتەتتى، ئۇ، يامغۇر تامچىسى مۇشۇ گۈللەرنىڭ جېنى، دەپ چۆپ - چۆپ بولۇپ كەتكۈچە ئۆزىنى يامغۇرغا تۇتۇپ تۇراتتى، سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتەتتى، بەزىدە مېنى يامغۇرغا تۇتۇپ، مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇۋالاتتى، دەپ تېگى يوق ئويلارغا پاتاتتى.

ئاشكارا زورلۇقتىن يوشۇرۇن سۇيىقەست يامانراق ئىكەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ بەزىدە پېتىپ كېتىپ بارغان كۈنگە قاراپ ئولتۇرۇپ، — مەخسۇتباينىڭ ئاشكارا زورلۇقى بىزنى ئايرىۋېتەلمىگەن، گۈلگىنەنىڭ يوشۇرۇن سۇيىقەستى بىزنى ئايرىۋەتتى. تىل - ئاھانەت، تاياق دېگەنلەر ئادەمنى سەگەكلەشتۈرىدىكەن، سىلىق، ياغلىما گەپلەر ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ بىخۇدلاشتۇرىدىكەن، ئەقلىدىن ئاداشتۇرىدىكەن ... مەن شەھەردە نۇرغۇن ياشلارنىڭ: «ئاھ دۇنيا، تويدۇم سەندىن، سەنمۇ تويغايسەن مەندىن» دېگەن ناخشىلارنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان. ياش تۇرۇپ نېمىشقا شۇنداق دەيدىغاندۇ دەپتىمەن، ئەمدى بىلدىم: بېشىغا كەلگەنلەر ئۆز

تۇرمۇشىدىن ئېلىپ ئېيتىپتىكەن...

قۇددۇس ئۇۋۋغا كەمدىن كەم چىقاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئېتىمۇ، مىلتىقىمۇ يوق ئىدى. ئۇۋچىلىقى قاپقان قويۇش بىلەن ئۆتەتتى. قايسىبىر كۈنى يامغۇر يېغىپ، گۈل - چېچەكلەر يۇيۇلۇپ، تەبىئەت راسا گۈزەللىككە تولغانىدى، ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كۆزى بىردىنلا قىردا ئېچىلغان بىر جۈپ گۈلگە چۈشۈپ قالدى. پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى سىلكىنىپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتتى. ئۇ گۈللەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر - قىسما بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە خۇرسىنىپ پىچىرلىدى: «سىلەر تېخىچە قىزىرىپ، چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرۇپسىلەر، بىز سولىشىپ كەتتۇق، بىزگە ئۈششۈك تەگدى... سىلەرمۇ ھەر باھاردا ئېچىلىسىلەرغۇ، بىز يەنە ئېچىلماسمىزمۇ؟ ...»

قۇددۇس غەمكىن كۆزلىرىنى گۈلدىن ئېلىپ، قارىغايلىق قاپتاللارغا تىكتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان، يۈزىدە پەرىشان ئۇچقۇنلار ئەكس ئەتكەنىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئالدىدىكى دۆڭلۈككە چىقتى. بۇ يەردىن يىراقتىكى يالغۇز ئاياغ يوللار، جىرالار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇددۇس نازاكەتنىڭ مۇشۇ دۆڭگە كۆپ چىقىدىغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى: مەن ئۇۋۋدىن قايتىدىغان چاغلاردا نازاكەت تولىراق مۇشۇ دۆڭدە تۇرۇپ يولۇمغا قارايتتى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىر قېتىم ئۇ مېنى يىراقتىن كۆرۈپلا پەرەڭ ياغلىقىنى پۇلاڭلاتتى، ياق، ياغلىقىنى ئەمەس، يۈرىكىنى پۇلاڭلاتتى، مەن ئۇچۇن لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان بىر پارچە ئوتنى

www.uyghurkitap.com

پۇلاڭلاتتى. مەن يىقىنلاپ قالغاندا، ئۇ ئالدىمغا يۈگۈردى، خۇددى كىچىك بالىدەك يۈگۈردى، ئۇچتى. يىنىمغا شامالدىنمۇ تېز يېتىپ كەلدى ۋە ماڭا ئېسىلدى، مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالدىم، ئۇ باللارچە ئەركىلەپ كۈلەتتى. شۇ چاغدا ئاجايىپ كۈلكىلىك بىر ئىش بولدى: مەن ئۇنى باغرىمغا باسقاندا، مۇھەببەت مەستلىكىدە ھوشىمىزنى يوقىتىپ قويدۇقمۇ، ئىككىمىز ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتۇق. ئايھاي ... شۇ چاغدا كۈلۈشكىنىمىز ... ياڭراق ئۈنىمىز بىلەن پۈتۈن تاغلارنى جاراڭلىتىۋەتتۇق. قوڭغۇراقتەك، ياق، يېقىملىق كۈيدەك كۈلكىمىزنىڭ ئەكس ساداسى بىر جىرادا توختىسا، ئىككىنچى بىر جىرادا يەنە كۆتۈرۈلەتتى ...

شۇنداق ئەسلىمىلەر بىلەن ئۇ ئۈچ قىش، ئۈچ باھارنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بارا - بارا يۈرىكى تاغلارغا پاتمىدى، شۇنچە گۈزەل يەرلەر نىمشقىدۇر سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇ قەلبىنىڭ قەيەرگىدۇ بىر يەرگە تەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى سەزدى - دە، ئاتىسىدىن تارتىپ ماكان قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆڭكۈرنى تاشلاپ، ئۇزاق مۇساپىلىق يولغا چىقتى.

ئەنە ئۇ كېتىپ بارىدۇ، قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ، كەينىگە قايرىلىپمۇ قويمايدۇ، ئۇششاق يامغۇرنىڭ يېغىۋاتقانلىقىغا پەرۋامۇ قىلماي كېتىپ بارىدۇ. ئۇ بىر يەرگە كەلگەندە تاغ باغرىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان بۇلاق سۈيىنى دوم يېتىپ ئىچتى. بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى، قورساقنىڭ ئاچلىقى، يالغۇزئاياغ يوللارنىڭ

ئوڭغۇل - دوڭغۇللۇقى ئۇنىڭ قەدىمىنى توختىتالمىدى. تۈن قوينىدا تاڭنى كۈتۈپ، تاڭغا يەتسە يەنە تۈننى كۈتۈپ، بەش كۈندىن كېيىن، شەھەرگە يېتىپ كەلدى ۋە ھېچ يەرگە بۇرۇلماي، ئۇدۇل يېزىغا چىقتى. ئۇ غورۇدىن ئارتىلىپ قورۇغا كىرگەندە، ئالدىغا ئەرشىدىن بوۋاي چىقتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نازاكەتنى دەمسەن؟ — دېدى بوۋاي قۇددۇسنىڭ سالامىغا جاۋاب بېرىپ، — سەن نەلەردە قالغانسەن، نازاكەت ئاللىقاچان ئەسكەر بولۇپ كەتكەن.

— شۇنداقمۇ؟ ...، — قۇددۇسنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— شۇنداق، بۇنىڭغا ئۈچ يىل بولاي دېدى، ئۇ ھازىر كوماندىر ...

بوۋاي ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى: قۇددۇسنىڭ كەڭ پېشانىسى، كۆزىنىڭ ئەتراپىغا چۈشكەن قورۇقلار ئۇنىڭ ئاچچىق ئەلەم، ئېغىر پۇشايمانلىرىدىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى.

— قۇددۇس دېگەن يىگىت سەن ئوخشايسەن، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا كۆيۈمچانلىق بىلەن تىكىلىپ، — بىزدە نازاكەتنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ سۈرىتى بار، كۆرۈپ باققىن.

بوۋاي ئۆيگە كىرىپ نازاكەتنىڭ يېقىندا ئەۋەتكەن يېڭى سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئۆزى يەنسخەي دېگەن يەردە ئىكەن، — دېدى بوۋاي.

قۇددۇس تىترىگەن قوللىرى بىلەن سۈرەتنى ئالدى. ئەنە نازاكەت، قۇددۇسقا كۈلۈمسىرىگەندەك قاراپ تۇرىدۇ، ئۇچىسىغا ئەرلەرنىڭكىدەك گىمناستيۇركا كىيىپ، بېلىنى كەمەر بىلەن باغلىغان، بېشىدا ئىسپانكا، پاگونىدا بىر بالداق، بىر يۇلتۇز، كۆكسىدە «باتۇرلۇق»، «پىدائىي» مېداللىرى چاقناپ تۇرۇپتۇ، قۇددۇس تازا سەپسېلىپ قاراپ، نازاكەتنىڭ كۈلۈمسىرىگەن كۆزىدىن يەنە بىر خىل سىرلىق - يوشۇرۇن ئازاب ئۇچقۇنلىرىمۇ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇختىتىۋالالمىدى.

— كۆزۈڭدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقىنىنى قارا، ئۆزىنى كۆرگەندەك بولدۇڭغۇ دەيمەن، — دېدى بوۋاي بېشىنى ئېغىر سىلكىپ، — قاتتىق ھەسرەت، پۇشايمان ئادەمنى يىغلىتىدۇ!

بوۋاينىڭ سۆزى قۇددۇسنىڭ باغرىنى تېخىمۇ ئەزدى، دىل يارىسىنى قايتا قوزغىدى. ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆپكىدەپ كېتىشكە كۆزى يەتتىمۇ قۇددۇس قورۇدىن شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. شۇ چىقىپ كەتكەنچە مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ، ئۆزىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىشنى ۋە ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدى. قوماندانلىق ئۇنى ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە، شۇ كۈنلەردە باندىتلار بىلەن قاتتىق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئېلىشىۋاتقان ئالتاي پولكىغا ئەۋەتتى.

## 8

بەلدىكى رېمىن يېشىلگەن، قولدىكى مىلتىقلار قوزۇقلارغا ئېسىلغان تىنچ كۈنلەر نازاكەتكە مەيۈسلۈك ۋە ئۈنسىز خىيال ئەكەلدى. ئۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇزلۇقنى، ئاتا - ئانىسىز، ئەرسىز، بالىسىز ئىكەنلىكىنى ئازاب بىلەن ئەسلەپ خۇرسىندى.

يەنسخەي — مىللىي ئارمىيىنىڭ بىرنەچچە پولكى جايلاشقان، بۇلبۇللار تىنماي سايراپ تۇرىدىغان قويۇق قارىياغاچلىق جاي. شۇنداق گۈزەل، شۇنداق سېھىرلىك خۇشناۋالار ياڭراپ تۇرىدىغان بۇ جاي نازاكەتنىڭ كونا دەردلىرىنى ھامان قوزغاپ تۇراتتى. ئۆتۈپ كەتكەن، زادىلا قايتىپ كەلمەيدىغان كۈنلىرى خىيالىدىن چىقمايتتى. ئۇ كۆپرەك قارىياغاچلىقنىڭ چېتىدىكى دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرۇشنى ۋە شۇ يەردە خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. ئەمما يۈزلىگەن، مىڭلىغان بۇلبۇللارنىڭ تىنماي بەسلىشىۋاتقاندەك چاڭقىلداشلىرىنى ئاڭلىمايمەن دېگىلى بولمايتتى. بۇ سېھىرلىك ئاۋازلار ئۇنىڭ ھەسرىتىنى ئاۋۇتاتتى، ئاشۇ بۇلبۇللار نېمىنىڭ مەستلىكىدە شۇنچىلىك سايرايدىغاندۇ؟ كىمگە ئاشىقتۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ نازا- كەتنىڭكىدىنمۇ ئېغىر دەردى بارمىدۇ؟ نازاكەت ئاشۇ دۆڭدە ئولتۇرۇپ ئۈنسىز يىغلايتتى، كۆڭلىگە قاپلىشىۋالغان ئېغىر تۇمانلارنى يىغا بىلەن تارقىتاتتى - دە، يېنىكلەپ

قالغاندەك بولاتتى. ئاندىن بۇلاق سۈيىدە يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئۆز گەمىسىگە قايتىپ كېلەتتى.
نازاكەتنىڭ كېچىلىرىنىمۇ خىيالسىز ئۆتتۇ دېگىلى بولمايتتى. كۆڭۈل دېگەن كەڭ نەرسە، ئۇنىڭغا دۇنيا سىغىدۇ؛ خىيال دېگەنمۇ ئۇچقۇر نەرسە، ئۇ دۇنيانىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە بىردەمدىلا يېتىپ بارالايدۇ. نازاكەت ئەڭ گۈزەل چاغلارنى ئەسلەشكە تىرىشاتتى. قۇددۇس بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغلارنى، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكىلىپ، ئاتىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان پەيتلىرىنى، تاغ باغرىدىكى ھېلىقى ئۆڭكۈردە ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشىنى، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشقان، تاغلارنى جاراڭلىتىپ كۈلۈشكەن، چىرايلىق گۈللەرنى ئۆزلىرىگە قىياس قىلىشقان مەزگىللىرىنى ۋە ئاخىرىدا ھازىر ئۇرۇش بولۇۋاتقان يىراقتىكى جەڭ مەيدانلىرىنى كۆپ ئەسلەيتتى. ئەمما مەيۈسلۈكتىن قۇتۇلالمايتتى. ئۇ يەنە ئىسخەيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىككى باھارنى ئىچىدىن يېنىپ - تولغىنىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئالتايدىكى باندىتلار بىلەن بولۇۋاتقان ئۇرۇشمۇ ئاخىرلاشتى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئالتايدىن يانغان پولكنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارىياغاچلىققا چۈشۈپ ئورۇنلاشقانلىقى ۋە شۇ پولكتىكى قۇددۇس ئىسىملىك بىر جەڭچىنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن ئاجايىپ باتۇرلۇقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇ ئەتىگەنلىك چايغىمۇ قارىماي شۇ ياققا ماڭدى. ئۇنىڭ قولىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى، كۆزىگە يالغۇز ئاياغ يولدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇنچە ئىنتىنىڭ ماڭسىمۇ،

يول تۈگمەي بارغانسېرى ئۈزىراپ كېتىۋاتقاندەك، چېكى يوقتەك قىلاتتى. يۈرىكى تېپىرلايتتى، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك، نەپەس يېتىشمەي قىينىلىۋاتقاندەك بولاتتى. بەزىدە ئېگىزلىكلەرگە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمايتتى. ئۇ بارى - يوقى يىگىرمە مىنۇتلا ماڭدى، لېكىن يىگىرمە سائەت يۈگۈرۈپ ماڭغاندەك پۈتۈن ئەزايى بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى.

مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا، ئالدىدىن ئېگىز بويلۇق، كۈلگۈنچەك بىر ئوفىتسېر چىقىپ كەلدى، نازاكەت ئىختىيارسىز توختاپ قالدى، ئىككىسى بىر - بىرىگە چاس بېرىپ كۆرۈشتى.

— سىلەرنىڭ پولكتىكى قۇددۇسنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى نازاكەت ئالدىراپ.

— ساۋۇروۋ قۇددۇسنى دەمسىز؟ — دېدى ئوفىتسېر نازاكەتكە سەپسېلىپ قاراپ.

— ھەئە.

— نېمىشقا تونۇمايمەن، سىز ئۇنىڭ نېمىسى؟

— تونۇشى.

— تونۇشى؟! ... ئۇ ... قۇربان بولدى.

—ھە؟! ...

— شۇنداق، چىڭگىل دەرياسىنىڭ بويىدا، دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىۋاتقاندا، مەردلەرچە قۇربان بولدى.

نازاكەتنىڭ كاللىسىدا چاقماق چېقىلغاندەك، پۈتۈن بەدىنى سىلكىنىپ كەتتى - دە، يېنىدىكى قارىياغاچقا يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى. كۆز نۇرى ئۆچكەندەك، ئالدىدىكى ئوفىتسېر كۆرۈنمەي قالدى. شۇ ھالدا ئۇ قانچىلىك ۋاقىت

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاران - ئاران مىدىرلىتىپ:

— ئۇ ... ئۇ ھېچنېمە دېمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭغا ئوق تەگكەندە، بىرىنچى بولۇپ مەن ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىگەنىدىم، — دېدى ئوفىتسېر غەمكىن ھالدا، — بىزگە دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ دېسەم، ئۇ تىلىنى ناھايىتى تەسلىكتە گەپكە كەلتۈرۈپ: «مېنىڭ ھېچنېمەم يوق، دۇنيادا تىككەندەك يالغۇز ئىدىم» دېگەنىنىلا ئېيتالىدى.

نازاكەتكە يىغا ياماشتى، پۈتلىرى دىرىلدەيتتى. شۇ ھالدا يەنە بىردەم تۇرسا، يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، يىقىلسامۇ، نېرىراق بېرىپ يىقىلاي دەپ كەينىگە بۇرۇلدى.

— ... ...

— توختاڭا، سىز ئۇنىڭ نېمىسى بولاتتىڭىز؟ قۇددۇسنىڭ بىزنىڭ پولكتا ساقلىنىۋاتقان «باتۇرلۇق» مېدالى بار...

نازاكەت كەينىگە قايرىلىپمۇ قويماي، قەدەملىرىنى ئەلەك - سەلەك بېسىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆزىنى قويۇق چاتقاللىقتىن مىڭ تەسلىكتە يول تېپىپ كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلاتتى ... قۇلىقىغا ھەر تەرەپتىن: كەچۈر مېنى، نازاكەت! مېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەت، نازاكەت! بەختلىك بول، نازاكەت! ... دېگەن كۈچلۈك سادالار ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ يول بويى، ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ماڭدى، ئولتۇرۇپ قالدى، يىقىلىپمۇ چۈشتى. بىراق ئۆز پولكىغا كەلگەندە، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى: گەمىسىنىڭ يېنىدا ئەرشىدىن بوۋاي بىلەن

ئۇنىڭ نەۋرىسى تۇراتتى. نازاكەت ئۇلارغا ئۆزىنى ئاتتى:
— بوۋا! ئادالەت! ...
ئۇ بوۋايغا ئېسىلىپ ئۆپكىدەپ يىغلايتتى، ھەسرەتلىك تولغىناتتى، ھەممە دەردلىرىنى كۆز يېشى بىلەن چىقىرىۋېتىدىغاندەك يىغىدىن زادىلا توختىيالمايتتى. تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار بوۋاينىڭ مۇرىسىنى ھۆل قىلىۋەتتى.
— بولدى، قىزىم، يىغلىماڭ، نېمىگە يىغلايسىز؟ مانا سالامەت كۆرۈشتۇق، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىيلاپ، — سىز قىز جېنىڭىزدا خەلقىمىز تەرىپىگە كۈتۈلگەندەك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدىڭىز، يىغلىماڭ، كۈلۈڭ، يايراڭ ...
نازاكەت تېخىمۇ ئۆپكىدەپ كەتتى - دە، كەينىگە بۇرۇلدى ۋە نېرىدا تۇرغان قارىياغاچنى قۇچاقلاپ ئازابلىق تولغاندى ...
بوۋاي چىدىمىدى، ئادالەتمۇ كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇراتتى. بوۋايغا نازاكەتنىڭ يۈرىكى كۆز ياش بولۇپ تۆكۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى - دە، ئۇنى بەزلەشكە تەمشىلىپ ئاستا ماڭدى.
ھۆرمەتلىك ئاقساقال، توختاڭ! كۆز يېشى قىلىش، ئاچچىق - ئاچچىق ياشلارنى چىقىرىۋېلىش — پىغانى ئۆرلەپ تۇرغان ئادەمنى يېنىكلەشتۈرىدۇ، قويۇپ بېرىڭ، ئۇ يىغلىۋالسۇن، قانغۇچە يىغلىۋالسۇن، ئۇنىڭ قەلبى دەرد - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەت بىلەن تولغان ئەمەسمىدى، مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ، ئاقساقال!

1986 - يىل دېكابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاشۇ يىللار

## 1

ساقچىلار ئوغرى، يانچۇقچىلارنى تۇتۇپ كەتسە، كىشىلەر: ئەجەب ياخشى ئىش بولدى، دەپ خۇشال بولۇشىدۇ. لېكىن ياخشى ئىشتىنمۇ ئازابلىق ھېس-تۇيغۇلار قوزغىلىپ قالىدىغان ھاللار كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ساقچىلارنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن بەختىيارنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى خەۋىرى پۈتۈن مەھەللىگە بىر دەمدىلا يېيىلىپ كەتتى. بىر چەينەك چاي بىلەن ئىككى توقاچنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭكىگە ماڭغان گۈلشەرىخان موماي كوچىدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۆگسۈلى ئۆچكەن كىشىلەر چۇرۇلدىشاتتى:

— بەختىيارنى تۇتۇپ كېتىپتۇ!

— ۋاي خۇدايىمەي... ئىككى ئىنىسى ئەمدى قانداق قىلار؟

— ئەتىگەنلىك چېيىنى تېخى ئىچمىگەن بولغىتتى؟...

ساقچىلار قولغا ئېلىنغۇچىنىڭ تېخى كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆيىگە ھەيۋە بىلەن بېسىپ كىردى. بالىلارنىڭ دادىسى قاتتىق خورەك تارتىپ

ئۇخلاۋاتاتتى. قورقۇنچلۇقتا كۆزلىرى چانقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغان ئىككى ئىنىسى دادىسىنى نوقۇپ، تۇرتۇپمۇ ئويغىتالمىدى. ساقچىلارمۇ ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتمىدى ۋە ئېتىبارمۇ قىلماي، بەختىيارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ چىقىپ كەتتى. چوڭ ئىنىسى ئولتۇرغان ئورنىدا بەزگەك تەگكەندەك تىترەپ ئولتۇرۇپلا قالدى. كىچىكى يەتتە ياشلىق دىلىيار ياشلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئاكىسىنىڭ كەينىدىن خېلى يەرلەرگىچە ئەگىشىپ ماڭدى.

خوتۇنلارنىڭ گەپلىرى تېخىچە بېسىلمىغانىدى:

— تاجىگۈل ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر؟

— ھەي... جۇۋاينىمەك كەتكۈر دادىسى...

— ئۇنىڭغۇ كۈنى بۇرۇنقىدەك ئۆتەر، مۇنۇ ئىككى نارەسىدىگە ئۇۋال بولدى-دە...

بەختىيارنىڭ يانچۇقچىلىقى راست، بۇنى ھەممە بىلىدۇ. بىلىپ تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ، شۇنچىلىك ئىچ ئاغرىتىپ كېتىشىدۇ؟

## 2

ئاخشام ياتىپ، سەھەر قوپسام،
يوقسەن قاشىمدا.

كىشىلەرگە تونۇش بۇ مەستت قايناق، ئاۋات كوچىدا ھەر كۈنى مۇشۇ ناخشىسى بىلەن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەلدەڭشىپ، ماشىنىلارنىڭ بەرگەن سىگناللىرىغا قۇلاقمۇ سالماي، بىر ئۇ ياققا، بىر

www.uyghurkitap.com

بۇياقتا تاشلىنىپ پەرۋاسىز يۈردى‌ۇ، ئېيتقان ناخشىسىنى ئۆزى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ قالغان ئادەم ئارانلا ئاڭلىيالايدۇ. بۇنى ناخشىمىكىن دېسە، بىرەر ئاھاڭغا ئوخشاشمايدۇ، ئەمەسمىكىن دېسە، ھەر ھالدا كىشلەر ئاڭلاپ باقمىغان قانداقتۇر بىر ساددا ئاھاڭغا ئوخشىشىپراق كېتىدۇ. ئۇ باشقا ناخشا-قوشاقلارنى بىلمەمدىكىن، ئاشۇ ئىككى مىسرا شېئىرنىڭ سۆزلىرىنى، مىسرا ئارىلىقلىرىنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ تەكرارلاپ ئېيتىۋېرىدۇ.

كۆلۈبنىڭ ئالدىدا مايلامچىلىق قىلىدىغان بىر بالا ئۇ، ناخشىسىنى قانچە قېتىم تەكرارلايدىكىن دەپ ئېرىنمەي ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەن، قاۋاقخانە بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى بىر يېرىم كىلومېتىر كەلسىمۇ، ھېلىقى بالىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆيىگە بارغىچە ئاشۇ ئىككى قۇرلۇق ناخشىسىنى ئاتمىش سەككىز قېتىم تەكرارلاپ ئېيتقان. ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئېيتتىمۇ-ئېيتمىدىمۇ ئۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ. ئۇنىڭ پاسكىنىچىلىقتىن كىرلىشىپ پارقىراپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلغان ۋە رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئەسلى رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزىمۇ، باشقىلارمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھازىر بىر كۈنلۈكىگە يەتمىش تىيىن بولسىلا كۇپايە. ئاتمىش تىيىنغا يۈز گرام ئاق ھاراق ئىچىدۇ (ئۇنىڭدىن ئوشۇقمۇ ئىچەلمەيدۇ) ئون تىيىنغا ئىككى - ئۈچ چوكا تۇزلۇق سەي يەيدۇ - دە، بايىقى ناخشىسىنى ئېيتىپ ئۆيىگە ماڭىدۇ. بەزى كۈنى ئۆيىگە كەچ كىرمەيلا كىرىپ كېلىدۇ، بەزى كۈنلىرى يېرىم كېچىدە يېتىپ كېلىدۇ، بەزى كۈنلىرى بولسا، ئۆيىگە يېتىپمۇ بارالماي،

يېتىپ قالغان يېرىدىن ئەتىسى قوپۇپلا بازار تەرەپكە ماڭدۇ. ئىچمىسە تىترەپ تۇرالمايدۇ، گېپىمۇ، مېڭىشلىرىمۇ قولاشمايدۇ. كىشىلەر پات - پات ئۇنىڭ ئاشخانا ئۈستەللىرىنىڭ ئاستىدا، ئەخلەت تۆكۈلگەن جايلاردا بوتۇلكا يىغىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇ ھالىغا ئېچىنغان بەزى ئادەملەر ئۇنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىرىپ، يۈز گرام ھاراق بىلەن بىر تەخسە لەڭمەن ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇ ھاراقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن بىراقلا ئىچىۋېتىدۇ، بىراق لەڭمەندىن شۆلگەيلىرى ئاققان ئېغىزىغا ئىككى - ئۈچ چوكا سالغاندىن كېيىنلا، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، قالغىنىنى ھەر قانچە زورلىسىمۇ يېمەيدۇ.

ئۇ ئىچمىسە يۈرەلمەيدىغان ھالغا كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان قىسمىتىگە قاتتىق ئېچىنغان، ئازابلانغان ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ نەسىھەتلەرنىمۇ قىلغان:

— ئۇنداق قىلما كېرىم، ئۇششاق باللىرىڭ بار، ئالدى - كەينىڭنى ئويلا...

— ماقۇل، ئىچمەي...

— ئىچمە دېمەيمىز، يولى بىلەن ئىچ، باللىرىڭنىڭ ئۇۋالىغا قالىسەن، سەن دېگەن ئاتا، باللارنى قاتارغا قوشىدىغان قەرزىڭ بار...

— راست...

— دۇنيادا ھاراقتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ئادەملەر ئەڭ يامان ئاقىۋەتكە، يىرگىنچ - نەپرەتكە قالغان، رەسۋايى - شەرمەندە بولۇپ كەتكەن، بۇ ساۋاقلارنى ئېسىڭدە تۇت.

— ماقۇل...

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئەتىسلا كىشلەر ئۇنى يەنە مەست هالدا كۆرەتتى. مېهرىبانلىق بىلەن ئېيتىلغان تەسىرلىك گەپلەرمۇ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان دەلىل - ئىسپاتلارمۇ، ئاغرىنىپ ئېيتىلغان ئاچچىق - غەزەپلىك سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئوقۇلغان تۇۋا - ئىستىغبارلارمۇ ئۈچ - تۆت كۈنگە يارىمىدى. شىشىدىكى ۋىلىلداپ تۇرغان هاراق سېهىرگەر گۈزەل قىزدەك ئۇنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ موزدۇزلۇق قىلاتتى. هەر هالدا كۈنىگە ئىككى - ئۈچ سائەت بولىسمۇ كۆرسىدىن قوزغالماسلىققا جۈرئەت قىلالايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايالىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان گەپلىرىگە، يېلىنىش - يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى كىيىم - كېچەكلىرى توپا -چاڭ، لاي، پاسكىنا هالدا ساناپ دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ كېلەتتى. ئەمما ئەتىسى هېلىقى مەينەت كىيىملىرى تازىلانغان، يۇيۇلغان، پاكىز هالدا ئۇچىسىغا چىقاتتى. شۇڭا كىشلەر:

— هېلىمۇ بۇنىڭ خوتۇنىنىڭ جېنى تۆمۈردىن يارىلىپ قاپتىكەن، بولمىسا كۈنى تەستى بۇ بايقۇشنىڭ...

— مۇنداقراق خوتۇن بولسا، شۇنچە كۆپ جاپاسىنى تارتاتتىمۇ بۇنىڭ، ئاللىقاچان ئۆيىنى تاشلاپ بېرىپ كېتىپ قالاتتى، — دېيىشەتتى.

ئۇنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ هېس - تۇيغۇلىرى، قاراشلىرى ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى، خېلى مەزگىلگىچە ئۇنىڭغا ئېچىنغان، ئازابلانغان ئادەملەر مانا ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدىغان، ئۇنىڭ هالىغا

دىققەتمۇ قىلمايدىغان، ھەتتا بىرنەچچە كۈن يوقاپ كەتسە، ئىسىگىمۇ ئالمايدىغان بولۇپ قالدى. بەزىلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان ۋە گەپكە سالىدىغان بولۇۋالدى:
— كېرىم، ھېلىقى ناخشاڭنى بىر ئېيتىپ بەرگىنە؟...
— كېرىم، چىرايلىق قىز كۆرۈنىدىغان رومكىدا ئىچىشنىڭغۇ دەيمەن؟...
ئۇنىڭ قاۋاقخانىدىن دەلدەڭشىپ چىقىشىغىلا كىچىك باللارمۇ: «مەست، مەست، قۇلىقىڭنى كەس...» دەپ كەينىگە كىرىۋالىدىغان بولدى. تېخى چوڭلارمۇ: «كېرىمنى كۆردۈڭلارمۇ، بوتكىنىڭ ئالدىدىكى بوۋاينىڭ تەنىسىگە دەلدەڭشىپ بېرىپ بىر ئۈرۈلۈۋىدى، پاتقاققا چېچىلغان موخۇركىنىڭ ئۈستىگە دومىلاپ چۈشتى»، «ئۇغۇ مەيلى، تېخى ئادەملەرنىڭ سايىسىغا مۈشت ئېتىپ يۈگىنىنى كۆرمەمسەن...» دېيىشىپ كۈلۈشىدىغان ۋە ئۇنى «كېرىم كۈندە مەست»، «كېرىم ئەلەڭ-سەلەڭ»، «كېرىم تۆت سەر» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى. دېمىسىمۇ ئۇ بىرەر تونۇش ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالسا، «تۆت سەر ئېلىپ بەرمەمسەن» دەپ ئالدىنى توسۇۋالاتتى، ئالدۇرمىغىچە ئۇنى قويۇپ بەرمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى كۆرسە قاچاتتى ۋە مۈمكىنقەدەر ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشاتتى.
ئادەم تۇرمۇشتا ئادەملىكتىن چەتلەپ، جامائەت نەزەرىدىن چۈشۈپ قالغاندا، خۇددى سۇپۈرۈندى - ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھېچكىممۇ ئۇنى ئويلاپ قويمايدۇ. يۈت دەسسەپ يارىسىمۇ، مىدىرلاپ يۈرگەن قۇرتتەك ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىراق ئۇنداق ئۆمۈرنىڭ باشقىلارغا زىيىنى چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى تاجىگۈل ئاچ - توق قىلىشلارغا، ئېغىر ئازابلارغا چىداپ، بالىلىرىنى چىدام بىلەن بېقىپ، ئېرىنىڭ تۈزىلىپ قايتا ئادەم بولۇپ قىلىشىنى ئۇزاق يىل كۈتكەن، بىراق ھېچقانداق ئۈمىد كۆرۈلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر بۇ ئائىلىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

## 3

چىرايلىرىمۇ، ئىسىملىرىمۇ چىرايلىق ئۈچ ئوغۇل — چوڭى ئون تۆت ياشلىق بەختىيار، ئوتتۇرانچىسى ئون بىر ياشلىق ئىلىيار، كىچىكى يەتتە ياشلىق دىليار — چىرايلىق كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، ئىشىككە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قانسىز، تاتارغان، لەۋلىرىنى گەز باغلاپ كەتكەن، ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى ئۇزۇن كېسەل تارتقان ئادەمنىڭ ھالىغا كەلتۈرۈپ قويغان. ئۇلار ئاچ، گەپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك سۆزسىز ئولتۇرىدۇ. ئۆيئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. قاچاندۇر تالادا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانسا، ئۇلار ئۈمىدلىنىپ ئىشىككە تەلمۈرىدۇ. ھازىرغىچە قولۇم - قوشنىلار تاماق ئەكىرىپ تۇرغان، ئەمدى ھېرىپ قالدىمۇ، ئەتىگەندىن بېرى ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ.

ئۆيگە كىيىم - كېچەكلىرى مەينەتلىشىپ بۇلغانغان، خېلى كۈنلەردىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن يىرىك ساقاللىرى كىرپە تىكىنىدەك تىكەنلەشكەن، نۇرسىز كۆزلىرى مېيى تۈگىگەن چىراغتەك پىلدىرلاپ قالغان

يۈز- بويۇنلىرى قاسماق باغلاپ، تەلەتى كىشى سەسكەنـگۈدەك يىرگىنچلىك بولۇپ كەتكەن كىرىم دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلگەندە، باللار ئۇنىڭ ئۆز دادىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قورقۇشۇپ بىر بۇلۇڭغا تىقىلاتتى. ئانىسى بار چاغدا ئۇلار مۇنچىلىك قورقۇپ ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتمەيتتى. تاجىگۈل يۈگۈرۈپ قوپۇپ، ئۇنى يۆلەپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇراتتى - دە، ياتقۇزۇپ قوياتتى ۋە مەينەت بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى يۇيۇپ تازىلايتتى.

تاجىگۈل كەتكەندىن كېيىن ئۇ، ھەر كۈنى قىلىدىغان بىر - ئىككى سائەتلىك مۇزدۇزلۇقنىمۇ تاشلاپ، كاۋاپچىلىق قىلدى. ئىككى ئوغلى — بەختىيار بىلەن ئىليارنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. بەختىيار ئۆيدە گۆش توغرايتتى، ئىليار ئۇنى توشۇيتتى ۋە زىخقا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. كىرىمنىڭ ئىچەرمەن ئەل - ئاغىنىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. كاۋاپچىلىق بارا - بارا بەختىيار بىلەن ئىليارغا قالدى. بۇنىڭ بىلەنمۇ ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەتتى، مۇزدۇزلۇقتا قارىغاندا بۇنىڭ كىرىمى ئوبدان ئىدى. بىراق كىرىمنىڭ ئىشنى تاشلاپ ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن ئاشپۇزۇل - قاۋاقخانىلاردىن چىقماسلىقى كاۋاپچىلىقنىڭ دەسمايىسىنى قۇرۇتۇۋەتتى. ئاخىردا بەختىيارنى بىر كىلوگرام گۆشمۇ ئالالماس بولۇپ قالدى. ئىچىملىككە بىر تىيىنى قالمىغان كىرىم كاۋاپدانىنى زىخلىرى بىلەن سېتىۋەتتى-دە، ئىككى كۈندىن كېيىن ئاخىرقى پۇلدىنمۇ ئايرىلىپ كوچىدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئاتا - ئانىسىدىن بىمەھەل ئايرىلىپ قالغان يېتىم باللاردەك

بويىننى قىسىپ، يۇقىرىقىدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۆيئىچىدە ئېچىنىشلىق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. پەقەت كېرىمنىڭ ئېغىر ھاسىرىشى، ھالسىز چىۋىنلارنىڭ غىڭىلدىشى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. بالىلار ھەرقانچە تەلمۈرگەن بولسىمۇ، كېرىم ئىككى ناننى قولتۇقلاپ كەلگىنى يوق، نان ئەكېلىش ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىققىنى يوق. بالىلار غەمكىن ئۇچقۇنلار چاچرىغان كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە ئەلەملىك قاراشتى، كىچىكىنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى، ئوتتۇرانچىسى تەتۈر قارىۋالدى. بۇ ھالغا چىدىمىغان بەختىيار تامغا يۆلىنىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ پۈشۈلداپ ئولتۇرغان كېرىمگە قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، ئېغىز ئاچتى:

— دادا، قورسىقىمىز ئاچ...

دادىسى ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشىپ، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ، بىر تۇرۇپ كۈلگەندەك، بىر تۇرۇپ يىغلىغاندەك قىلاتتى، ئارىلاپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، كۆزىنى كۈچ بىلەن ئېچىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالاتتى.

— دادا، قورسىقىمىز ئاچ دەۋاتىمەن؟

— ئاچ بولسا نان يېمەمسەن...

— نەنىڭ نېنىنى يەيدۇ، — بەختىيارنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — ئۆيدە ناننىڭ بار - يوقلۇقىنى سەن بىلمەمسەن؟... بازاردىن بىر قېتىم نان ئەكەلگەنمۇ سەن؟...

— ئەتە ئەكېلىپ بېرىمەن.

— ئەتە؟... ئاخشام گۈلشەرىخان موماي ئەكىرگەن بىر چىنە ئاشنى بۆلۈشۈپ ئىچكەنچە ھازىرغىچە ھېچنېمە

يېمدۇق...

ئىككى ئىنىسى بىر تاكسىغا، بىر دادىسىغا يالت - يۇلت قىلىپ قارايتتى، بولۇپمۇ كىچىكى تاكسىنىڭ دادىسىغا گۆلىيىپ قارىشىدىن، ۋارقىراپ گەپ قىلىشىدىن تېخىمۇ قورقۇپ، كىچىككىنە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئىككى يۆكلىنىپ قالغانىدى. ئاڭغىچە دادىسىمۇ خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بەختىيار ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، جۈرئەت قىلىپ بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ يانچۇقىغا بىسوراق قول سالدى، بىراق يانچۇقتىن بىر تىيىنمۇ چىقمىدى. سىبىرىق توكلىرى تەتۈر ئۆرۈلگەن، قولىغا قاتتىق تەلمۈرگەن ئىنىلىرىغا قاراپ بەختىيارمۇ يىغلىۋەتتى... خەيرىيەت، ئۇلار ئاچ قورساق يېتىپ قېلىشتى. ئەتىسى دادىسى بازاردىن نان ئەكېلىپ بەرمەكچى بولۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار دادىسىنىڭ يولىغا چۈشكىچە قارىدى. شۇڭغىچە دادىسىدىن ۋە ئۇ ئەكېلىپ بېرىدىغان ناندىن دېرەك بولمىدى. بەختىيار ئوچاققا ئوت قالاپ چاي قايناتتى، ئاچچىق سېلىپ تۇزىنى سەل ئۆتكۈزۈپ بىر چىنىدىن قۇرۇق چاي ئىچىشتى. ئۇ بەزىدە ئاپىسىنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغانىدى. بەختىيار بىر ئىنىسىپ، ئىككى ئىنىسىپ كوچىغا چىقتى، دادىسى كۆرۈنمەيتتى. چوڭ كوچىغا چىقىپ ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ھالىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئۈمىدلىنىپ ئۇزاق قاراپ تۇردى. يەنە بىر ئىنىسىپ، ئىككى ئىنىسىپ بىرەر يۈز مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قۇرۇلۇش سېلىۋاتقان يەردىكى

ياپلاق، دۈگىلەك تۆمۈرلەرگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. شۇ ھامان قايسى كۈنى بازاردا ئۆزىدەك بىر يالىڭ مەشچىگە خۇددى ئاشۇنداق دۈگىلەك تۆمۈرنى سېتىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. چۈشتە ئىشچىلار تاماققا كەتكەن بولۇپ، كۆزەتچى بوۋاي دۆۋىلەكلىك قۇم ئۈستىدە ئۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۇ ياققا ئۆتتى - دە، تېگىرقاپ، بىردە ئۆزىگە كەينىنى قىلىپ تۇرغان بوۋايغا، بىردە تۆمۈرلەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ ھاسىراپتتى، تىترەيتتى، ئۇياق - بۇياققا ئاستا قارىدى... ئاخىر قول سوزۇش قارارىغا كەلدى. ئېگىز قىلىپ تىزىپ قويۇلغان قىزغۇچ خىشلارنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، قىسقىراق بىر تال دۈگىلەك تۆمۈرنى سۇغۇرۇۋالدى. كۆزەتچى بوۋايغا كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن كەينىگە مېڭىپ، بىرنەچچە كوچىلارنى بېسىپ بازارغا كەلدى ۋە ئۇنى مەشچىگە بىر سومغا ساتتى. ئۇنىڭغا بەش نان ئالدى - دە، ئۆيىگە چاپتى. دەرۋازا ئالدىدا ئاكىسىنىڭ نان كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرگەن ئىنىلىرى جانلىنىپ، ئاكىسىنىڭ ئالدىغا ئەمەس، ئۆيگە يۈگۈردى. ئۇلار خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇشۇپ، ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ ھۇزۇر قىلىپ يېيىشتى. ئۈچى ئۈچ نانغا قانائەت قىلىپ، دادىمىز نان ئەكەلمەي قالسا، كەچتە يەيلى دەپ ئىككى ناننى ئېلىپ قويۇشتى.

ئەتىسى ئۇ ھېلىقى تۆمۈردىن ئىككىنى ئالدى، ئۆگۈنى ئۈچنى... شۇنىڭدىن كېيىن بەختىيار ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى قولۇم - قوشنىلارنىڭ تامىقىنى تەمە



www.uyghurkitap.com

قىلىشتىن، ھەر كۈنى مەست كېلىدىغان دادىسىنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قاراشتىن قۇتۇلۇپ، قورساق دەردىنى تارتمايدىغان بولدى. ھەر كۈنى ئون – ئون بەش نان كېلىدىغان پۇلغا پەقەت يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىدىن ئۇ ئۆزىدە بىر خىل رازىمەنلىك ھېس قىلدى. لېكىن ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشۇ دۈگىلەك تۈمۈرنى بىرلا يەردىن ئېلىشۋەرسە چېنىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپمۇ قالدى. شۇڭا ئۇ بىر كۈن ئايلىنىپ، شەھەردىكى قۇرۇلۇش بولۇۋاتقان ئورۇنلارنى كۆرۈپ چىقتى.

يەنە ئۇ بەزى كۈنلىرى كەچتە كىنوخانىلارنىڭ ئالدىدا بېلەت ئېلىپ، بېلەت سېتىش بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. سوقۇش، قىزىقارلىق كىنولارنىڭ بېلەتلىرىنى كۆپ ئېلىپ قويىتتى - دە، كاسسىدا بېلەت تۈگەپ كەتكەندە، بىرگە بىر پايدا بىلەن ساتاتتى. تېخى سوقۇش كىنولار بولسا، «سوقۇش چىققاندا ئويغىنىپ قوي» دەپ كىنو كۆرىدىغانلار بىلەن قىزلارنى باشلاپ كەلگەن يىگىتلەرگە ئىككى ھەسسە يۇقىرى باھا بىلەنمۇ ساتقىلى بولاتتى. بەختىيار بۇنىڭ تۈمۈر ئوغرىلىغانغا قارىغاندا تېنچ، ئەندىشىسىز ئوقەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدىكى پايدا ئىشەنچلىك ئەمەستى.

چۈش مەزگىلىدە بەختىيار دەسلەپكى تۈمۈر ئوغرىلىغان قۇرۇلۇش مەيدانىغا يەنە كەلدى. ئۇ يەملەپ تۇرۇپ ئۇزۇن تۈمۈردىن بىرنى تارتتى، چىقمىدى، يەنە تارتتى، يەنە چىقمىدى. كۈچەپ تۇرۇپ تارتىۋاتقاندا، ھېچ ئويلىمىغان يەردىن كۆزەتچى بوۋاي ئۇنىڭ بىلىكىدىن

«كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى. بەختىيار نىمە قىلىشنى بىلمەي، قورققىنىدىن كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا داڭقېتىپ قالدى.

— ھە، ھارىمى... ئەمدى قولغا چۈشتۈڭمۇ، ئېيتە، قانچە قېتىم تۆمۈر ئوغرىلىدىڭ؟ ئېيت...

— ياق، بوۋا، مەن زادى ئوغرىلىمىدىم...

بوۋاينىڭ قاتقان بارماقلىرى بەختىيارنىڭ ئىنچىكە بىلىكىنى خۇددى ئامبۇردەك قىسماقتا ئىدى:

— دۆگىلەك تۆمۈر ئازلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلىۋىدى، سەن ئوغرىلاۋېتىپتىكەنسەن-دە!

— تۈنۈگۈن بىر بالىنىڭ مەشەدىن بىر تال تۆمۈرنى ئوغرىلاپ، بىر سومغا ساتقىنىنى كۆرگەن...

— ئۇ بالىنى تونۇمسەن؟

— كۆرسەم تونۇيمەن.

— يالغان ئېيتما!

— ئەزبىرايى خۇدا، راست... ئاپامدىن پۇل سورىسام بەرمىگەن، پۇل خەجلىگۈم كېلىپ، مەنمۇ بىر تال ساتاي دېگەن...

بوۋاي ئاچچىقىدىن يېنىپ قالدى.

— داداڭ بارمۇ؟

— يوق، ئۆلۈپ كەتكەن.

بەختىيارنىڭ كىرپىكلىرىگە ئىككى تامچا ياش ئىلىندى. ھەر كۈنى نامىزىدا كۆپىنىڭ قاتارىدا يېتىم-يېسىرلارنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان بوۋاينىڭ كۆڭلى بىردىنلا يۇمشاپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، بالىنى قورقۇتۇپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس

قىلدى - دە:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىق قىلىدىغان بولساڭ، ئىككى پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن، — دېدى ۋارقىراپ.

بەختىيار ئۆيىگە سولتىيىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدە قورقۇش، ئالاقزادىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئىلىيار ئۇنىڭغا مەيۈسلىنىپ قاراپ ئاستا سورىدى:

— ئاكا، ئالالمىدىڭمۇ؟

— ھەئە... ئالالمىدىم.

— مەن ياردەملىشىپ بەرسەم بوپتىكەن - ھە؟

بەختىيار بېشىنى غەمكىنلىك بىلەن ئاستا سىلكىدى:

— ياق، بۇ يولغا سەن كىرمە، مېنىڭ كىرگىنىممۇ يېتەر.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بەختىيار كەچقۇرۇنلۇقى كىنوخانىنىڭ ئالدىغا باردى. پايدا ئالسىمۇ، زىيان تارتسىمۇ بېلەتچىلىك قىلىشنىڭ تىنچ، ئەندىشىسى يوق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۈگۈن قىزىق كىنو قويۇلسا كېرەك، ئادەملەر قىم - قىم، ئازادىرەك تۇرغۇدەك ئورۇنمۇ يوق. ئۇ قىستىلىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ كاسسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى - دە، مىڭ بالالىقتا بەش بېلەت ئاچىقتى. بىردەمدىلا كاسسىدىن سېتىلىۋاتقان بېلەت تۈگەپ كەتتى. قىرىق تىيىنلىق بېلەت ھەش - پەش دېگۈچە بىر سومغا ئۆرلىدى. ئۇ بېلەتلىرىنى شۇ باھادا ساتتى - دە، ھېچنېمىگە قارىماي ئۇدۇل ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

بۇ ئىشتىن ئۇمىدلەنگەن بەختىيار ئەتىسى ئون بېلەت ئالغانىدى، ماۋۇ كاساپەتچىلىكنى قارىمامدىغان،

كاساتچىلىقتا ئالغان بىلەتلىرىنى كىشىلەرگە تېڭىپ دېگۈدەك يىگىرمە تىيىندىن ئارانلا سېتىپ تۈگەتتى ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتقۇسى كەلمەي تۇرغاندا يېنىغا يۈزى، قاش-كىرپىكلىرى ساپسېرىق، كۆك كۆزلىرى دائىم يېنىپ تۇرىدىغان، بويى قورايدەك ئىنچىكە، ھەرىكىتى چاققان، سۆزمەن بالا نىجات كەلدى. ئۇ بەختىيار ئالدىنقى قېتىملىق ئارىلاپ بىلەتچىلىك قىلىش جەريانىدا تونۇشۇپ قالغان كوچا باللىرىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، ئۆزىدىن ئۈچ-تۆت ياش چوڭ ئىدى.

— بۇ ئىش بىلەن جان باقالمايسەن، ئۇكا، ئىنىلىرىڭ تۇرماق، ئۆزۈڭمۇ ئاچ قالىسەن، — دېدى كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — قانداق، بىزگە قوشۇلامسەن، يە گېزىپ يۈرەمسەن؟

بەختىيار ئۈن-تىن چىقىرالماي، بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى سىجاپ تۇردى.

— قارا، ئۇكا، — دېدى ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ،— ئوقەت دېگەن خىلمۇ خىل، ئۇنىڭ ئاسان-قىيىنلىرى بولىدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن دىت ئىشلىتىپ ئۇنى بايقاش كېرەك، جان بېقىشنىڭ ئاسان يولىنى تېپىش كېرەك، ئۆزۈڭمۇ شۇنىڭغا تازا باب ئىكەنسەن، قارا، — ئۇ بەختىيارنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئالدى، — بارماقلىرىڭ ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن ئىكەن، مۇنداق كەلمىكى تەس...

— سەنغۇ بىرنەچچە قېتىم دېدىڭ، راستىمنى ئېيتسام قورقۇۋاتىمەن، نىجات ئاكا، — دېدى بېشىنى كۆتۈرۈپ، — كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا قول سالماق ئاسانمۇ... قويە...

— ئەخمەق، تازا توخۇ يۈرەك نېمكەنسەن، ئۆگىنسەڭ ئەمەسمۇ، ياخشى ئۆگىنىپ بىرلا كىرىشىپ قالساڭ، بۇنىڭ نان چايناشتىنمۇ ئاسان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسەن.

— ئەمدى ئوغرىلىق قىلارمەنمۇ؟...

— تۆمۈر ئوغرىلىغىنىڭ ئوغرىلىق ئەمەسمىدى؟

— ئۇ دېگەن تالادىكى نەرسە... كىشلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، نىجات ئاكا، ئۇلارنىڭ قانچە جاپالار بىلەن تاپقان پۇلىنى...

— تازا ئەخمەق نېمكەنسەن، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى نىجات، — ساڭا كىمنىڭ ئىچى ئاغرىغان؟ ئۆزۈڭنى قويۇپ تۇرايلى، ئۆيدىكى كىچىك ئۇكىلىرىڭغا كىمنىڭ ئىچى ئاغرىغان؟... سەن ئالمىساڭ، بەرىبىر، باشقىسى ئالىدۇ.

— بۇ ئەسكى ئىشقا... قانداقمۇ قول سوزارمەن؟

— ئەسكى ئىش دەمسىنا؟... بۇ ئىشلارنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيسەن، ئۇكا، بىلىپ قوي، ئادەملەر ھامان بىر - بىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ياشايدۇ.

بەختىيار كىچىك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆز خىياللىرىنىڭ ئۆزىدە بىردە قورقۇش، ئەندىشە، ئالاقزادىلىك، بىردە غەم، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك پەيدا قىلىۋاتقىنىنى ئاستا - ئاستا ھېس قىلماقتا ئىدى. بىر تۇرۇپ كۆك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ بېرىلىپ سۆزلەۋاتقان مۇنۇ نىجاتتىن يىرگىنىپ - سەسكەنسە، بىر تۇرۇپ ئۆيدە تەلمۈرۈپ قالغان ئىنىلىرىنى ئويلايتتى. ئىككى ئىنىسىنىڭ بېقىلىشى مەزگىلسىز ئۆز ئۈستىگە چۈشكەن، تېخى ئەقلى توشمىغان، نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان بەختىيارنىڭ خىياللىرى

www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇنداق چىگىش، قالايمىغان ئىدى. ئاخىرى ئۇ:
— ئەمسە قانداق ئۆگىنىمەن؟ — دېدى نىجاتقا
بىر خىل ئەندىشە بىلەن قاراپ.

— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دېدى نىجات، — چاپىنىمنى ئىككى ئاي كۆتۈرسەڭ، كېيىكتەك سەزگۈر، تۈلكىدەك ھىيلىگەر، ئوغلاقتەك ئەپچىل، قاپلاندەك يۈگۈرۈك بولىسەن، — ئۇ كۈلۈپ كەتتى، — قارا بۇنىڭغا بار - يوقى بىر ھەپتىلا ۋاقىت كېتىدۇ. ئۆگىنىدىغان ئىشىڭ ئىككى: بىرى، پەي سوزۇش، يەنە بىرى، پۇل سۇغۇرۇش. ئالدى بىلەن مۇنۇ ئىككى بارمىقىڭنى، — ئۇ بەختىيارنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن ئوتتۇرانچى بارمىقىنى تۇتتى، — تەپمۇ تەڭ قىلىشىڭ كېرەك، قارا، ئىككىسى تەڭمۇ؟ ھە، ئەلۋەتتە تەڭ ئەمەس، ئەتە مەن ساڭا بىر قۇتا ئات مېيى بېرىمەن، بىگىز بارمىقىڭنىڭ ئۇچلىرىنى مايلاپ تىنىماي تارتىپ بېرىسەن، پەي دېگەن سوزۇلىدىغان نەرسە، ماۋۇ ئوتتۇرانچى بارمىقىڭنى پەسكە تىك قىلىپ قومغا ئۇرۇۋېرىسەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ سەل قىسقىرايدۇ، ئاۋۇ سوزۇلىدۇ. تۆت-بەش كۈن شۇنداق قىلساڭ، ئىككى بارمىقىڭ تەپمۇ تەڭ بولىدۇ. ئىككى بارماق تەڭ بولسا، بىر - بىرىگە ئېغىرى چۈشمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۇلنى سىلىق، ئەپچىل تارتقىلى بولىدۇ، سىلىق تارتساڭ تۇيمايدۇ. بۇ ئىككى بارماقنىڭ خاسىيىتى ئۇلۇغ، ئادەم بەدىنى ئىچىدە مۇشۇ ئىككى بارماقتەك مۇھىم، ئېسىل يوق. راست دەيمەن، ساڭا مونەك - مونەك پۇل تېپىپ بېرىدىغانمۇ، جانلىرىڭنى سۆيۈندۈرۈپ ياشىتىدىغانمۇ مۇشۇ ئىككى بارماق!

— قاقشتىدىغانمۇ مۇشۇ دېگىنە...

— ئۇمۇ راست، ياخشى ئۆگە نمىسە ڭ، ئە پچىل بولمىساڭ قاقشاپمۇ قالىسە ن. ئالدىن پۇل سۇغۇرۇشنى مە شىق قىلىسە ن. يانچۇقلار ئىچىدە كە ينى يانچۇق، مە يدە يانچۇق، يان يانچۇقلاردىن پۇل سۇغۇرماق ئاسان، قىيىنى ئىچ يانچۇق. پۇل سۇغۇرۇش قىستا - قىستاڭچىلىقتا بولغىنى ياخشى، ئاۋۋال تۈيدۈرماي چاپاننىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىسە ن، ئاندىن قىستىلىپ بېرىپ مۇرەڭ بىلە ن چاپاننىڭ ئالدىنى قايرىۋالىسە ن، مۇشۇ ئىككى ئىشنى پۈتتۈرۈۋالساڭ، قايرىلىپ تۇرغان يانچۇقتىن پۇل تارتىس مە يدە يانچۇقتىن تارتىشتىنمۇ ئاسان ھە م خە تە رسىز. قول سالغاندا بىر قولۇڭنى يېرىم كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزىنى توسۇيسە ن، كۆتۈرۈلگە ن قولۇڭنىڭ ئاستى (قولتۇق ئاستى)دىن ھېلىقى ئە پچىل ئىككى بارمىقىڭنى سالىسە ن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پۇل سېنىڭ بولىدۇ. قانداق، چۈشە ندىڭمۇ؟

— چۈشىنىشنىغۇ چۈشە ندىم...

— چۈشە نگە ن بولساڭ بولدى. مە شقنى ئوبدان قىلساڭ، يۈرىكىڭنى توم تۇتساڭ، خە ق مىدىرلاپ بولغۇچە سە ن قويۇپ بولىسە ن، مە شقنى ئوبدان قىلمىساڭ، يۈرىكىڭنى توم تۇتمىساڭ، ئە تىگە ندىن كە چكىچە مارىلاپ يۈرگىنىڭ بىلە نمۇ ئون تىيىن ئالالمايسە ن، ئۇنداق لاغايلاپ يۈرگە ن ئادە منى بىز: لاتا، پىپى دە يمىز. مە، ماۋۇ ئون سومنى خە جلە، بىر ھە پتىدىن كېيىن مە شە دە ئۇچرىشايلى.

بە ختىيار كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى بوتكىدىن تۇڭگانلار

www.uyghurkitap.com

پىشۇرغان ماخۇردىن ئۇچنى ئالدى - دە، ئۆيگە ياندى. ئۇ يول بويى مەيۇسلىنىپ، ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە تولغاندى. دادىسى بۇ ئىشنى ئۇقسا نىمە دەر؟ ئۆزۈك باقمىغاندىن كېيىن شۇنداق قىلسام بولارمۇ ياكى يالغان ئېيتىش كېرەكمۇ؟ ئاپىسى ئۇقۇپ قالسا نىمە دەر، قورسىقىمىز ئاچ قېلىپ ئىلاج يوق شۇنداق قىلدىم دېسەم بولارمۇ؟... ئۇنىڭغا بۇ گەپ ئېغىر كېلىپ تېخىمۇ ئازابلىنارمۇ ياكى ئۇنىڭغىمۇ يالغان ئېيتىش كېرەكمۇ؟... ئۇ ئاپىسىنى كۆرمىگىلى خېلى بولدى. نەۋادا كوچىدا ئۇچراپ قېلىپ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتكەن، دىليارنى باغرىغا بېسىپ: «چىرايىڭدىن توپا ئۆرلەپ كېتىپتىغۇ، قوزام... سىلەرنى مەن ئالاي دېسەم، سوت ئۇنىمىغان...» دېگەن. ئاپىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بەختىيارنىڭ لەۋلىرى پىچىرلىدى: «ئاپام هازىر نىمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ، بىزنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ، بىزنى ئويلاپ كەتمىسمۇ، دىليارنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ، كىچىك بولغاچقىمىكىن، ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ھەي دادا، ياخشى - يامان ئىشلارنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالغان دادا... سەن ھەمىشە ئەتراپىڭدا قاتار تۇرۇپ، سېنىڭدا تۇرۇپ قانداق يوللارغا كىرىپ قېلىۋاتىمىز، بىلەمسەن؟ بۇ يولغا يەنە كىملەر كىرەر...» بەختىيار ئۆپكىدەپ كەتتى ۋە قاراڭغۇدا پۇتلىشىپ يىقىلىپمۇ چۈشتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئۆيگە كىردى. دادىسى نەلەردە يۈردىكىن، تېخىچە كەلمەپتۇ. بولارغۇ ئۇنىڭ بار يوقىغا كۆنۈپ قالغان، بىراق ئۇكىلىرى ئاكىسى كەلگۈچە قورقۇپ ئۆلەي دەپتۇ. دىليار ئاكىسىنى كۆرۈپلا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى.

ئۇ قولىدىكى ماخۇر بىلەن ئۇنى ئالداپ تېنچلاندۇردىيۇ، ئۆزىمۇ يىغلىۋەتتى...

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ نىجاتنىڭ دېگەنلىرىنى مەشىق قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرقى ئىككى كۈننى ئىنىسى ئىليارنىڭ يانچۇقىغا پۇل سېلىپ ئۇنى تۇيدۇرماي ئېلىش مەشىقىگە سەرپ قىلدى. تەڭمۇ تەڭ بولغان ئىككى بارمىقى ئىنىسىنىڭ يانچۇقىغا نەچچە يۈز قېتىم كىرىپ چىقتى. چاققان - چەبدەسلىكىگە، سىلىق - ئەپچىللىكىگە قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىدا نىجات بىلەن ئۇچراشتى.

— بولىدۇ، — دېدى نىجات كۈلۈپ، — قېنى. بەختىيار، ئاۋۋال مېنىڭكىنى ئېلىپ باقىنا، سىناپ باقاي.

— سېنىڭكىنى ئاۋۇ بۇرۇتلۇق ئالمىسا، بىز قانداق ئالالايمىز، — دېدى ئۇ. نىجات بېشىنى بۇراپ نېرىدا تۇرغان بۇرۇتلۇققا قارىشىغا، بەختىيار ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىدىكى پۇلنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇ يېنىپ بۇ ياققا قارىشىغا:

— ئالە پۇلۇڭنى، — دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

نىجات قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— يارايسەن، يارايسەن، بەختىيار!... ماڭا قارا، بۈگۈن بەيگىگە چۈشىدىغان ئاتنەك يارالتقان بارماقلىرىڭنى بىرىنچى قېتىم ئىشقا چىقىرايلى، ئاۋۇ كۆك چاپانلىقنى كۆردۈڭمۇ؟ — ئۇ قىستىلىپ بېلەت ئېلىۋاتقانلار توپىنى كۆرسەتتى، — كاسسىغا يېقىنلاپ قالغان ئەلتېرە باشىنچۇ؟

— ھە، كۆردۈم.

— ئاشۇنىڭ يانچۇقىدا ئون سوملۇق پۇل بار، كەينى

www.uyghurkitap.com

يانچۇقىغا تەگمە، ئۇنىڭدىكىسى پارچە پۇل، بىر سومنى كۆتۈرۈپ توپقا قېتىل، چاققان ماڭ، لېكىن قول سېلىشتىن بۇرۇن «بىسمىللا» دېيىشنى ئۇنتۇپ قالما.

ئاردىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا بەختىيار قايتىپ كەلدى. ئۇ تامدەك تاتىرىپ، تىترەپ كەتكەنىدى، كۆزلىرىدىن ئالاقزادىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— سۇغۇرالماپسەن - دە، لاتا.

— ياق، ئالدىم، — دېدى بەختىيار شىۋىرلاپ ھەم ئەتراپقا تېز - تېز كۆز يۈگۈرتۈپ.

— نېمانچە تىترەيسەن، بەزگەلدەك، يۈرىكىڭنى توم تۇت دېدىمغۇ، ماڭ، ئاۋۇ تار كوچىغا كىرىپ كەت.

بەختىيارنىڭ بىرىنچى قېتىم قول سېلىپ ئالغىنى ئون سوملۇقتىن بەش - ئەللىك سوم ئىكەن. نىجات قىرىق سومنى تاركوچىدىن يېنىپ چىققان بەختىيارغا تۇتقۇزۇپ، ئون سومنى ئېلىپ قالدى، — بۇ تېپىپ بېرىش ھەققى، تېخى خەقنىڭ يانچۇقىدىكى پۇللارنى ساتىدىغان ئىشلارمۇ بار، بۇ ھازىر ساڭا غەلىتە تۇيۇلىدۇ، كىرىشىپ كەتسەڭ، ئەمدى بولدى قىل دېسەكمۇ ئۇنىمايسەن، — دېدى نىجات ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ، — سەن ئۆگىنىدىغان يەنە ئىككى ئىش بار، قارا، مۇبادا مۇنداق چاغدا چاندۇرۇپ قويساڭ قاچ: قولۇڭدىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالسا، مۇلايىم بولۇۋېلىپ «شاپ» قىلىپ قاچ. كەينىڭدىن قوغلىسا تۈز قاچما، كىيىمىڭنى قوغلىغان قاپلان شۇنچە يۈگۈرۈك تۇرۇپمۇ نېمىشقا بەزىدە ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ؟ كېيىك تېز يۈگۈرۈپ كېتىپ بېرىپ بۇرۇلۇشقا ئۇستا. ئەقىللىق كېيىكلەر بۇرۇلۇپ، ئەگرى - بۈگرى

قېچىپ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ. كالۋالىرى تۆز قېچىپ يەم بولىدۇ. يەنە بىر ئىش: ياخشى ئىشنىڭ يامىنى بولۇپ، ساقچىغا چۈشۈپ قالساڭ، ئۆزۈڭنىڭكىنىلا ئېيت، باشقىلارنى چاتما. چاتىنىڭ چاتاقىنىڭ چوڭىغا قالىسەن. «بىرلەشكەن گۇرۇھ»، «شېرىكلەشكەن توپ» دەيدۇ - دە، سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم.

بەختىيارنىڭ تۇرمۇشى باشقىچە بىر يولغا قەدەم قويدى. قورساق ئۈچۈن كېزىش، باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈش، غەم - ئەندىشە تۈگىدى. ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۈچ ۋاقىت قورۇق نانغا گۆشلۈك تاماقلار قوشۇلدى. ئىنىلىرىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، مۈكچىيىپ، سۈرۈن ھويلا شاۋقۇنلۇق، شادلىق كۈلكىلىرى ياڭراپ تۇرىدىغان ھويلىغا ئايلاندى. بەختىيار ئۇن ماگىزىنىدىن ئىككى خالتا ئۇن ئېلىپ ناۋايغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەمدى قاچانلا بولسا بەخۇدۇك نان ئەكەلگىلى بولىدۇ. ھازىر ئۇ ئۆزىگە، ئىنىلىرىغا يېڭى كىيىم ئېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ. چۈنكى كىيىملىرى تۈكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۆزى ياخشىراق كىيىنۋالسا، كىشلەرنىڭ يېنىغا قىستىلىپ بارسىمۇ، ھېچكىم گۇمانلانمايدىغان بولىدۇ - دە. بىراق دادىسى: بۇ يېڭى كىيىملەرنى نەدىن ئالدىڭ دېسە، نېمە دېگۈلۈك... بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇش كېرەك، ئۇنىڭغىمۇ بىرەر باھانە چىقىپ قالار...

بۇنداق توق - باياشات كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بەختىيار ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ كەينى

يانچۇقىدىن پۇل سۇغۇرۇۋاتقاندا، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ كۆرۈپ قېلىشى بىلەن قولىغا چۈشۈپ قالدى. نىجاتنىڭ ئۆگە تىكىنىدەك ئەگرى - بۈگرى قېچىشقىمۇ ئىمكانىيەت بولمىدى. شوپۇر ساقچى ئىدارىسىغىلا ئاپتوبۇسنى ھەيدەپ كىرىپ، ئۇنى تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ سولاقتا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كىرگەن ئون نەچچە ئادەم بىلەن يىگىرمە كۈن ياتتى. بۇ يەرمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىملا بىر دۇنيا ئىكەن، كۈچلۈكرەك بىرى ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىدىكەن، ھەممىنى سورايدىكەن، ھەممىنى بەللەيدىكەن، ئۇنىڭغا چاپارمەنلىككە ئىككىسى چىقىدىكەن، سىرتتىن كىرگەن تاماقلارنىڭ باش بۇرنىنى شۇ يەيدى-كەن، نەرسىلەرنى شۇ بۆلىدىكەن. بۇنىڭغا نارازى بولغانلار ئۆلگۈدەك تاياق يەيدىكەن. بۇ يەردە ئادەمنىڭ قىلچىمۇ ئېتىبارى بولمايدىكەن. بەختىيار بۇ كوچىغا كىرىپ قالغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلدى. ئىنسانلار بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر نېمىشقا ئوخشاشمايدىغاندۇ؟... ئۇ ئىنىلىرىنى ئويلاپ قالدى. ناۋايخانىغىمۇ خېلى ۋاقىت يەتكۈدەك ناننىڭ ئۇنىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن، قورۇق چاي بولسىمۇ ئىچىپ تۇرار. بىراق دادىسى بېشى قايغان يەرلەردىن بەزىدە يېرىم كېچىدە كېلىدۇ، بەزىدە كەلمەيدۇ. مۇنداق كۈنلىرى ئۇلار قورقۇپ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمايۋاتامدىكىن، دىلىيار تېخى كىچىك... ئاۋۇ بۇلۇڭدا ياتقان تاقىر باش بىر ئاغىنىسى بىلەن ھاراقنى كۆپ ئىچىۋېتىپ، ئاغىنىسى بولالماي ئۆلۈپ كەتكەن، نەتىجىدە تاقىر باش گۇمان بىلەن بۇ يەرگە كىرىپ قالغان. بەختىيارنىڭ دادىسىمۇ كۆپ ئىچىۋېتىپ، بۇرۇقتۇم بولۇپ ئۆلۈپ قالسا قانداق

قىلغۇلۇق؟ ...

بەختىيار قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ چىقتى. نېمىشقا مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبـ-لىرىنىمۇ قالدۇرماي دېدى. ئىككىنچى تەكرارلىماسلىققا ۋەدىمۇ بەردى. دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىگە بولغۇدەك ھالى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەھەللە ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ سولاقتىن ئاچىقتى.

— داداڭدىن ئۈمىدكۈتمە ،بالام، — دېدى مۇدىر، — جېنىڭغا چۈشلۇق ئوقەت قىلىپ ئىنىلىرىڭغا قارا، مەن ساڭا قۇتۇلدۇرۇش پۇلىدىن ئازراق ھەل قىلىپ بېرەي.

كۆيۈنۈش بىلەن ئېيتىلغان سۆزىدىن تەسىرلىنىپ بەختىيارنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— موخۇركىچىلىق قىلسام دەيمەن، تۇرداخۇن ئاكا؟

— ئويلىغىنىڭ توغرا، بۇمۇ يېنىك، تىنچ ئوقەت.

يىگىرمە سومنى دەسمايە قىلىپ، بەختىيار تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا موخۇركىچىلىق قىلدى. بۇرۇنقى ئاسانلا پۇل تېپىشنى يەنە باشلاشنى دالالەت قىلىپ كەلگەنلەرنى ئۇ بىرنەچچە قېتىم رەت قىلدى. لېكىن ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا غەم - ئەندىشە، تەھدىت، تىل - ئاھانەت ھەتتا تاياق ئارىلاشقىلى تۇردى. كىمدە كىم يانچۇقىدىن پۇل يېتتۈرۈپ ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلسا، ساقچىلار دەرھال پەيدا بولۇپ تىپتىنچ ئوقىتىنى قىلمۋاتقان بەختىيارنى قىستايتتى:

— يالغان ئېيتما، چوقۇم سەن ئالدىڭ! ...

— ئەمسە كىمنىڭ ئالغانلىقىنى سەن بىلسەن،

www.uyghurkitap.com

ئېيتە ! ...

— ئاقىۋىتىڭنىڭ نېمە بولۇشىنى ئويلا...

مۇنداق سوئال - سوراق، قىيىن - قىستاق ئۈچ قېتىم يۈز بەردى. ئاچچىق تىللارنىمۇ ئاڭلىدى، تاياقمۇ يېدى. ئۈچىنچى قېتىمقىسى قاتتىقراق بولدى. ئۇنى تاماكا سېتىۋاتقان يېرىدىن تۇيۇقسىزلا تۇتۇپ كېتىشتى. ئىككى ساقچى سوراق قىلدى:

— ئېيتە ، هارىمى، مىڭ سوم قېنى؟... قانداق ئالدىڭ، كىمگە بەردىڭ، ئېيتە !

— جېنىم ئاكا، مەن ئالمىدىم، ئالسام ئۆلەي، مۇنداق ئىشنى ئۆلسەممۇ قىلمايمەن ئەمدى...

— كىمگىنى ئەخمەق قىلسەن، ئېيتامسەن - يوق ! ...—

بىرى كېلىپ پۇتىغا تەپكەندى، ئۇ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە پۇتى چىدىغۇسىز ئاغرىپ يىغلىۋەتتى. ئىككىنچىسى كېلىپ كەڭ ئالىقىنى بىلەن كاچىتىغا بىرنى سالدى، ئۇ دەلدەڭشىپ يىقىلدى. بېشى پىرقىراپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتكەندەك بولدى. بۇ سوئال - سوراقلار، تىل - تاياقلار بەختىيارغا بەك هار كەلدى.

— يالغان يىغلىما، هارامتاماق! ... نېمىشقا ئىقرار قىلمايسەن - هە! — ئۇ يەنە ئۇرۇشقا دېۋەيلەپ كەلگەندى، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن بەختىيار:

— ئالدىم، — دېدى.

— ياخشى، ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، ئوغۇل بالا مۇشۇنداق بولۇش كېرەك... پۇل قېنى؟

— پۇل... پۇل يوق...

— بىردەمدە شۇنچە پۇلنى نېمە قىلدىڭ؟... كىمگە ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ؟ ئېيتە!
— مەن راستىنلا ئالمىغان.
— نېمە؟ — ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— قانداق قىلىمەن. ئالدىڭىز دەپ ئۇرۇۋەرگەندىن كېيىن، تاياقتىن قۇتۇلاي دېدىم.
— نېمشقا يالغان سۆزلەيسەن - ھە!... سېنى كىم يالغان سۆزلە دېدى؟
— تاياق...
بەختىيار ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ، تاماكا تەنزىسىنىڭ يېنىغا — ئوقەت ئورنىغا كەلگۈچە كۆز يېشىنى زادىلا توختىتالمىدى. بىچارىلىك، يالا، خورلۇق ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىينىماقتا ئىدى. رەھىمسىز قوللار ئاۋۋال سېنى تۇتۇۋالىدۇ، ئاندىن پاكىت پەيدا قىلىش ئۈچۈن باش - كۆزۈڭگە بەزىدە ئېچىلىپ، بەزىدە تۈگۈلۈپ تۇرۇپ تېگىدۇ. يامان ئاتلىق بولۇپ قالغان ئادەم، — دەپ ئويلىدى بەختىيار ئازابلىق تولغىنىپ، — يامان يولدىن قايتقان ۋە ھالال ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە گۇماندىن، ئەيىبلىنىش، تىل - تاياقتىن، خورلۇقتىن قۇتۇلالمىسا، بەتنامدىن نېرى بولالمىسا، ئەمدى ئۇ قانداق قىلىشى كېرەك؟...
شۇ ئارىلىقتا نەدىندۇر نىجات پەيدا بولدى. ئۇ بەختىيارنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە ۋە خورلۇقتىن پۇچىلانغان چىرايىغا قاراپ:
— سەن بىر ياغلىق قاپاق، قانچىلىك ياخشى ئادەم بولىمەن دېسەڭمۇ، ساڭا ئەمدى ھېچكىم — ساقچىلارمۇ،

مەھەللەڭمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئەمدى كىمنىڭ پۇلى يېتىسە سەندىن كۆرىدۇ، سىېنى تۇتىدۇ، تىللايدۇ، ئۇرىدۇ. بىلىپ قوي، تېخى خەقلەر باللىرىنىمۇ سەن بىلەن ئويناتمايدۇ. يېتىم قوزىدەك بوينۇڭنى قىسىپ يۈرگىنىڭ يۈرگەن...

نىجاتنىڭ دەۋاتقىنى يالغان ئەمەس ئىدى. قايسى كۈنى بەختىيار قوشنىسى ھاشىمجاننىڭ ئوغلىنى: يانچۇقچى بىلەن ئوينىمىسەن. بىللە يۈرمەسەن... دەپ ئۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلانغانىدى.

— يالغان سۆزلەۋاتىمەنمۇ - يە؟ — دېدى نىجات سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مۇشۇنداق يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ يۈرگۈچە، مانتىنى يەپ، قەنتىنى چېقىپ، ھالاۋىتىنى كۆرۈپ، جاپاسىنى تارتساڭ نېمە ئارمان!...

بەختىيار ئۈچ كۈنگىچە قانداق قىلسام بولار، دەپ تېڭىرقاپ يۈردى. ئاخىر: «بەربىر ئىككەنغۇ» دېدى-دە، يەنە نىجاتنىڭ سۆزىگە كىردى. بىر كۈندىن كېيىنلا ئۇنىڭ قولى شاراقلىغان پۇللارنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئەمما موخۇركىچىلىقنى تاشلىۋەتمىدى. بۇ ئوبدانلا سوغۇق چۈشۈپ قالغان چاغ ئىدى. ئۇ ئۆيگە بىر ھارۋا كۆمۈر چۈشۈردى. بازاردىن بىر قازان، مەش، ئىككى كاناي ئەكەلدى. ئۆزىگە ۋە ئىككى ئىنىسىغا قىشلىق چاپان ئالدى. بۇ يېڭىلىقلار بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، دۇنيادىن شۇنداق ئۆتۈۋاتقان دادىسىنىڭ كۆزىگە قانداقتۇر چۈشۈپ قالدى.

— شۇنچە نەرسىلەرنى نەنىڭ پۇلىغا ئېلىۋاتىسەن، ھەي ھارامى، — دېدى ئۇ بىر كۈنى.

بەختىيار دادىسىنىڭ خۇنۇك چىرايىغا بىردەم قاراپ

تۇرۇپ:

— ئەمدى سوراۋاتامسەن، دادا؟ — دېدى.

— نەنىڭ پۇلىغا ئېلىۋاتىسەن، دەۋاتىمەن؟

بەختىيارنىڭ دادىسىغا بىر تەرەپتىن ئاچچىقى كەلسە، بىر ياقتىن ئىچى ئاغرىيتتى.

— خەقنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىۋاتىمەن.

— هە، يانچۇقچى بوپسەن — دە، هارىمى...، — ئۇ سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ قارىدىغان لەۋلىرى، قىزارغان كۆزىنىڭ چۆرىلىرى، كۆكەرگەن قاپاقلىرى ۋە تىترەپ تۇرىدىغان قوللىرى تېخىمۇ تىترەپ كەتتى.

— هەي دادا، — دېدى بەختىيار يېنىپ كەتكەن كىچىككىنە كۆزلىرىنى دادىسىغا تىكىپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئۆيگە هەر يىلى ئۇۋۋا سالىدىغان قارلىغاچنى بىلىدىغانسەن؟ ئۇ بالىلىرى ئۇچۇرما بولغۇچە دان توشۇپ، سۇ توشۇپ باقاتتى، سەن ئادەم تۇرۇپ نېمە قىلدىڭ؟... كىيىممىز، قورسىقىمىز بىلەن كارىڭ بولمىسا، مەن يانچۇقچى بولماي نېمە بولىمەن؟ ئۇكىلىرىمغا كىم قارايدۇ؟... ئاپام كەتكىلى نەچچە ئاي بولدى، بىزگە قارىدىڭمۇ، باقتىڭمۇ؟

كېرىم باللىرىغا ئۈمچىيىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كىشى يىرگەنگۈدەك بىرقىسما چىرايىدىن ئېچىنىش يا رازىمەنلىك كۆرۈنمەيتتى.

— ماڭا ئېغىرىڭنى سالماي، جان بېقىش...، — دېدى ئۇ ۋە قولىنى بىر سىلكىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بەختىيار يانچۇقچىلىقنى دادىسىدىن

www.uyghurkitap.com

يوشۇرماي قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى بەشىنچى ئايغا قەدەم قويغاندا، ئۇ ئۇچىنچى قېتىم تۇتۇلۇپ قىلىپ سوتلاندى. تۆت يىللىق كېسىلدى - دە، ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر لاگېرىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى.

## 4

نەچچە مىڭ مولۇق بۇ يەرگە قۇشلارنىڭلا كىرىپ- چىقىشىنىڭ سورىقى بولمايدۇ. بۇ يەردىن ئۆز كوچىسىنىڭ، هويلىسىنىڭ دەل - دەرەخلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، هېچكىم ئۆيۈمگە بېرىپ كېلەيچۇ دەپلا چىقىپ كېتەلمەيدۇ، چىقىپ كەتسە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سورىقى بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەر — ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر لاگېرى.

ئەمما ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر ئۈچۈن بۇ دائىرە ئەركىن ئورۇن، ئۇلار خۇددى تايچاقلاردەك قىيغىتىپ يۈرىدۇ. چۈشكىچە ئوقۇيدۇ، چۈشتىن كېيىن ئەمگەك قىلىدۇ. قىشلىقى ئوقۇش كۆپرەك بولىدۇ، يازلىقى ئەمگەك. باللار چوڭلار تۈرمىلىرىدىكى جىنايەتچىلەرگە ئوخشاشمايدۇ، ئۇلار ئەمگەك قىلسا، چوڭلارنىڭكىدەك تۆت ئەتراپىغا قوراللىق ساقچىلار قويۇلمايدۇ. ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋاقىتلىرىدا كىتاب ئوقۇيدۇ، توپ ئوينايدۇ، ساز چالىدۇ، ناخشا ئېيتىدۇ... باللار قاچمايدۇ، قاچسىمۇ ئاسان تۇتۇلىدۇ، بۇنى ئۆزلىرىمۇ بىلىدۇ، ئىپادىسى ياخشى بولسا جازا مۇددىتى قىسقىرايدۇ، ئىپادىسى ياخشى بولمىسا، قاچسا، جازا مۇددىتى ئۇزارتىلىدۇ. بۇ ئۇلارغا ئۆتۈلىدىغان سىياسىي - قانۇن دەرسلىكىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى.

باللار بۇنىڭغا قاتتىق ئىشتقاد قىلىدۇ.

بۈگۈن بۇ ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر لاگېرىغا بىر مۇخبىر كەلدى. ئۇ بۆلۈمدە لاگېر باشلىقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، ئەمگەك مەيدانلىرىنى ئارىلاش ئۈچۈن قورۇغا چىقتى. ئۇنىڭغا يېشى يىگىرمە سەككىز - يىگىرمە توققۇزلارغا بېرىپ قالغان، بويى ئېگىز، قېشى قاپقارا، ئەمما قىسقا، ئاق - سېرىق يۈزى يېقىملىق كۆرۈنىدىغان، چىرايىدىن ئويچانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان باللارنىڭ سىياسىي تەربىيىچىسى خەمىت ھەمراھ بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا توققۇز يىل بولغان بولسىمۇ، ئوتتۇز يىل بولغان ئادەمدەك، بۇرۇنقى ھەم ھازىرقى باللارنىڭ روھىي ھالەتلىرى، چىراي - شەكىللىرى، مىجەزىدىكى ئالاھىدىلىكلەر، ھەربىرىنىڭ قانداق ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكلىرى، ئائىلىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان قىلىقلار ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى ھەم ئۇنى تەمتىرىمەي سۆزلەپ بېرەتتى. ھەتتا بۇ يەردىن مۇددىتىنى تولدۇرۇپ چىقىپ كەتكەن باللارنىڭ قانداقلىرى يەنە جىنايەت سادىر قىلىدۇ، قانداقلىرى قىلمايدۇ، بۇنىمۇ پەرەز بىلەن توغرا ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن — ئويچان كۆزلىرى، تەمكىن قول ھەرىكەتلىرىدىن، ئۇلارغا قىلغان مۇئامىلىسى، گەپ-سۆزلىرىدىن باللارغا مېھرىبانلىق، كۆيۈنىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلار كۆكتاتچىلىق مەيدانىغا كەلدى. باللار ئىشلەۋاتاتتى. باللارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان مىجەزى، قىياپەت، روھىي ھالەتلىرى مۇخبىرنى قىزىقتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قالدى ئېھتىماللىم، ئۇ چەتتىكى ئېتىزدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ پەمدۇرنىڭ تۆۋىگە توپا يۆلەۋاتقان ئورۇق، مىسكىن، خىياللىچان بالىغا دىققەت قىلىپ قاراپ قالدى. باشقا باللار قىزىق گەپلەر، شوخ كۈلكىلەر بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. ئاشۇ باللار گەپكە ئارىلاشماي، كۈلكىگە قوشۇلماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇراتتى. مۇخبىرنىڭ ئىچى ئاغرىدىمۇ، ئۇنىڭغا ئېچىنغاندەك قاراپلا قالغانىدى.

— ئاشۇ ئورۇق بالىغا ئىچىڭىز ئاغرىپ قالدىغۇدەيمەن؟ — دېدى باللارنىڭ سىياسىي تەربىيىچىسى خەمىت.

خەمىت مۇخبىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانىدى. شۇڭا ئۇ ماقۇللىغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ، — دېدى خەمىت بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — ئىسمى بەختىيار، مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەيمەن، ئاڭلىسىڭىز سىزنىڭمۇ ئىچىڭىز سىيرىلىدۇ.

ئىككىسى تاماكا چېكىشىپ ئېرىقنىڭ قىرىدا، دەرەخلەر سايە تاشلىغان يەردە ئولتۇرۇشتى. باللار ئۆلاردىن ئوتتۇز - قىرىق مېتر نېرىدىكى ئوتياشلىقتا ئىشلەۋاتاتتى. بەزىلىرى ئۇلارغا يەر تېگىدىن قاراپ - قاراپ قويىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىدىن پەرۋايى پەلەك.

— ئەمما سىزنىڭ غەزەپ - ئۆچلۈكىڭىزنى قوزغايدىغانلىرىمۇ كۆپ، — دېدى خەمىت قېشىنى چىمىرىپ قويۇپ، — ئاۋۇ ئوتتۇرىدا ئىشلەۋاتقان چىرايلىق بالىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ھە، كۆرگەن بولسىڭىز، ئۇ بىر ھاللىق ئادەمنىڭ بالىسى...

خەمىتىنىڭ قىسقىچە سۆزلەپ بېرىشىدىن ئايان بولدىكى، ئۇ بالا كىچىكىدىنلا پۇل خەجلەشكە، بازاردىن بىرنېمىلەرنى ئېلىپ يېيىشكە ئامراق بولۇپ ئۆسكەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرەلمىگەندە، دادىسى يول تېپىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىرىپ قويغان. ئۇ ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ مەكتەپ ئالدىغا ئەكىلىپ ساتىدىغان قاق - قۇرتلىرىدىن تارتىپ، گازىر - پۇرچاق، ئالما - نەشپۈتلەرگىچە ئېلىپ يەيدىكەن. دادىسى باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قالمىسۇن، دەپ پۇل بېرىپ تۇرىدىكەن، دادىسىغا دېمەي ئاپىسىمۇ بېرىدىكەن. بارغانسېرى نەپسى يوغىنىغان بالا سامىسخانا، ئاشخانىلارغا كىرىشنى، پىۋا ئىچىشنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن يەنىمۇ كۆپرەك پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بوپتۇ، ئۇنچىلىك كۆپ پۇل بېرەلمىگەندىن كېيىن، ئۆيدىن بىرنەرسىلەرنى ئوغرىلاپ چىقىپ سېتىپ خەجلەيدىغانمۇ بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئالتىنچى سىنىپتىن ئىككى يىل ئوقۇپمۇ كۆچەلمەي مەكتەپتىن چىقىپ كېتىپتۇ. كوچا بالىسىغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىشقا ئۆتۈپتۇ. ئاخىر تۇتۇلۇپ قاپتۇ. قويۇپ بېرىلىش بىلەن ئۇ ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇنى كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىشقا مەجبۇر قىلغان باشقا ھېچقانداق سەۋەبمۇ يوق ئىكەن، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن ئون تۆت ياشلىق بالا كىچىكىدىن ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە بازاردا جىق - جىق پۇل خەجلەش، ئاچكۆز نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغان.

مۇخبىر ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارايدۇ. ئىشلەۋاتقانلارنىڭ

ئىچىدە ھەممىدىن كۆپرەك گەپ قىلىشىۋاتقانمۇ، باشقىلارنى كۈلدۈرۈۋاتقانمۇ ئاشۇ چىرايلىق بالا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا نومۇس قىلىش، يات ئادەملەرنى كۆرگەندە خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋېلىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئانىسى ئۇنى ئەڭ ئېسىل تاماقلار بىلەن پات - پاتلا يوقلاپ تۇراتتى. «كىيىم - كېچەكلىرىڭنى قوي، ئاپا، — دەيتتى ئۇ جېكىلەپ، — پات - پات ياخشى تاماقلارنى ئەكېلىپ تۇرساڭ بولدى.»

— قىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ پۇلغا، زىبۇ زىننەتكە بېرىلىش، كىيىمپەرەسلىك قىلىش بىلەن جىنايەت سادىر قىلغانلار بار، — دېدى خەمىت بىرنەرسىدىن سەسكەنگەندەك بېشىنى بۇراپ، — مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم: باللار كىيىمپەرەس، قورسىقىغا ئامراق، ئاچكۆز، نەپسى يامان بولسا، ئاتا - ئانىلار قاتتىق دىققەت قىلىشى، تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك ئىكەن. بۇ ماڭا مەشەگە كىرگەن بىر قىسىم ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئەمەلىيىتى بەرگەن چۈشەنچە. ئەركە چوڭ بولغان، ھاللىق، ئەمەلدارلار ئائىلىلىرىدە ئۆسكەن باللاردىنمۇ نۇرغۇن جىنايى ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

— ئادەملەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىغۇ ئوخشاش بولمايدۇ، — دېدى مۇخبىر يەنە تاماكا يۆگەپ، — بۇ يەردىكى باللارنىڭ شوخلىرى بەك شوخ، ياۋاشلىرى بەك ياۋاشتەك قىلىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ئۇ، — بۇنداق روھىي ھالەتلەر تۇرمۇش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىنمۇ شەكىللىنىدۇ. مۇنداق دېگىنىم، بىر بالىنىڭ ئۆزىگە خاس

مىجەزىنىڭ شەكىللىنىشىدە شۇ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىقى ياكى نامراتلىقىنىڭمۇ تەسىرى بولىدىكەن. مەن بۇرۇن بۇنى ئويلاپ باقمىغان، ھېسمۇ قىلمىغانىكەنمەن. بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرسىڭىز سىزمۇ ھېس قىلىپ قالىسىز. باشلىقلارنىڭ، ھاللىق ئادەملەرنىڭ بالىلىرى بۇ يەردىمۇ شوخ، تېتىك، ئەركىن يۈرىدۇ، گەپنىڭ يوغىنىنى قىلىدۇ. نومۇس قىلىشنى بىلمەيدۇ؛ يوقسۇل - نامرات ئادەملەرنىڭ بالىلىرى ياكى يېتىم بالىلار بۇ يەردىمۇ ياۋاش، مىسكىن، خىيالچان يۈرىدۇ. نومۇسچان كېلىدۇ، ئادەمگە تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. ھەممىسى شۇنداق بولمىسىمۇ، كۆپى شۇنداق، بىراق بۇ خىل قېلىپلىشىپ قالغان روھىي ھالەت، مىجەزلەرگە بەزىلەر خاتا باھا بېرىدۇ.

بايىقى گەپدان، شوخ، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ يۈرىدىغان بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يېڭى ئىدى. بەختىيار ئىسىملىك ياۋاش، مىسكىن، كەم سۆز بالىنىڭ كىيىمى ئۆڭۈپ كەتكەن، يىرتىلغان، ياماق چۈشكەنىدى.

ئىككىسى تاماكا چەككەچ ئەمگەك مەيدانىلىرىنى ئارىلىدى. يېنىك ئۇرۇلۇۋاتقان ئىسسىق شامالدىن ياۋا گۈللەرنىڭ، ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇراقلىرى كېلەتتى. بېرىدا ئارقانلاپ قويۇلغان ئىككى ئات ئوت چىشلىمەستىن ئۇزۇن قۇيرۇقلىرى بىلەن چىۋىننى قوغلايتتى. چېكەتكىلەر-نىڭ چىرىلداشلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئىككىسى توخۇ فېرمىسىغا كەلدى. ئۇلارغا يىراقتىن قارىشىپ تۇرغان ئىككى قىز ئۇلار يېقىن كەلگەندە يەرگە

قارىۋالدى ۋە سۇ قاچىلىرىغا سۇ قۇيۇشنى باھانە قىلىپ
كەينىنى قىلىپ تۇرۇۋالدى. يەنە ئىككى قىز ئىككى
خالتا توخۇ دېنىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇلارمۇ ئىلاجى
بار يۈزلىرىنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشاتتى. بىرنېمىلەرنى
باھانە قىلىپ باشقا ياقلارغا قاراپ تۇرۇۋېلىۋاتقانلىقى
بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېشى كۆپ بولسا ئون تۆت-
ئون بەشلەردە بار ئىدى. قىزلاردىكى بۇ ھالەت -
ھەرىكەتلەر مۇخبىرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپ قويدىمۇ،
ئۇ يۈرىكى قىسىلغاندەك بولۇپ چوڭقۇر تىنىدى.

— جىنايەتچىگىمۇ نومۇس كېرەك ئىكەن - دە، — دېدى ئۇ خەمىتكە ئاستا پىچىرلاپ، — يۈرۈك، بۇ يەردىن كېتەيلى.

— خېلىلا ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان قىزلارنىڭ نومۇسچانلىقىنى قاراڭ، — دېدى خەمىت كەينىگە بۇرۇلۇپ بوش ئاۋازدا، — بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ شۇنداق دىلى يۇمشاق، نازۇك، تېخى ئاق كۆڭۈل... ئۇلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلغانلىقىغا بەزىدە ئىشەنگۈڭىزمۇ كەلمەي قالىدۇ، — ئۇ ئويلىنىپ قالدى ۋە كالتە قېشىنى چىمىرىپ قويۇپ يەنە مۇنداق دېدى، — ئادەم دېگەن راستىنلا مۇرەككەپ نەرسە ئىكەن، ئۇنىڭ قەلبىگە ياخشىلىقمۇ - يامانلىقمۇ، قاراكۆڭۈللۈكمۇ - ئاق كۆڭۈللۈكمۇ، ۋاپالىقمۇ - بىۋاپالىقمۇ، نومۇسمۇ - نومۇسسىزلىقمۇ سىغىدىكەن، يامان ئىش قىلغان ئادەمنى، ئەمدى ياخشى ئىش قىلمايدۇ دېگىلى، ياخشى ئىش قىلغان ئادەمنى، ئەمدى يامان ئىش قىلمايدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدىكەن.

— ئۆز جىنايىتى قاپتىلىغا كەلمەي يۈرگەنلىرى بىلەن

جىنايىتىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىرىنى پەرقلەندۈرىدىغانسىلەر؟
— دەپ سورىدىن مۇخبىر.

خەمىت بېشىنى يېرىم بۇراپ، تەنىلىك، مەسخىرىلىك كۈلدى:

— پەرقلەندۈرۈشنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، بىراق يوق دېگەنمۇ تۈزۈك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقىلى نەچچە يىللار بولدى، باشقا ئورۇنلار نۇرغۇن نامۇۋاپىق ئىشلارنى ئىسلاھ قىلدى، بىزدىچۇ؟ قىمىر قىلمىدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىزنىڭ ۋەزىپىمىز سوتلانغان باللارنىڭ مۇددىتىنى تولدۇرۇپ، جەمئىيەتكە ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىش بولۇۋاتىدۇ. بىز بۇ ئۇسۇللىرىمىزنى نېمىشقا ئىسلاھ قىلمايمىز؟... بىزنىڭ ۋەزىپىمىز جازا مۇددىتى ئىچىدە ئۇلارنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش ۋە جەمئىيەتكە چىقىش يولىغا ئىگە قىلىپ چىقىرىش. قاراڭ، مۇشۇ باللار ئىچىدە مەشەدە ئىككى يىل تەربىيىلىنىپ چىقىپ كېتىپ، يەنە كىرگەنلىرى بار. نېمىشقا مۇنداق تەكرارلىنىش بولۇۋاتىدۇ؟ مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلىرى ئىچىدە ئەگەر ئىقتىسادلىق ئائىلىنىڭ، باشلىق ياكى كادىر ئائىلىلىرىنىڭ باللىرى بولسا، ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالايدۇ ياكى بىرەر ئوقەتكە سېلىپ قويالايدۇ. ئائىلە ئىقتىسادى ناچار ياكى بالىغا ھەقىقىي ئىگە بولىدىغان ئادىمى يوقلىرى بولسا جەمئىيەتكە چىقىپ، بىر مەزگىل گاڭگىراپ-تەمتىرەپ يۈرىدۇ. چىقىش يولى تاپالمىغاندىن كېيىن، يەنە ئىلاجىسىزلىقتىن ئاشۇ جىنايى يولغا مېڭىپ قالىدىغانلىرىمۇ بار. توغرا، بىز بۇلارنى ئوقۇتۇۋاتىمىز، لېكىن مۇشۇ ئوقۇش بىلەن بىرەر كەسىپ-ھۈنەرنىڭ ئىگىسى

بولالمايدۇ -دە، جان باقالمايدۇ. ئوقۇشمۇ بولسۇن، مۇھىمى بىرەر ھۈنۈرمۇ ئۆگىنىش كېرەك ئىدى، شۇ چاغدا چىقىش يولىغا ئىگە بولغان بولاتتى. مەسىلەن: ناۋايلىق، موزدۇزلۇق، ياغاچچىلىق، ساتىراچلىق، ماشىنىچىلىق ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىپ چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ ھالال تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىگە ئاساس بولىدۇ ئەمەسمۇ!

خەمىت قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، قىزىشىپ سۆزگە كىرىشكەنىدى، مۇخبىر:

— بۇنىڭغا پۇل كېتەر، — دەپ قويدى.

— ئەلۋەتتە كېتىدۇ، — دېدى ئۇ دەرھاللا، — يۇقىرىغا دوكلات يازساق ھەل قىلىپ بېرىشى تامامەن مۇمكىن ياكى بۇلارنىڭ كۆكتاتچىلىقتىن، بېلىقچىلىق، توخۇ فېرمىلىرىدىن كىرگەن كىرىمىمۇ بار، شۇنىڭدىن ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ ياكى شەھەردىكى ئاشۇنداق كەسپىي دۇكانلار، كارخانىلار بىلەن ئالاقە قىلىپ، توختام تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ كەتكىلىمۇ بولىدۇ، قىسقىسى بىزدە قوزغىلىش، جۈرئەت، تەدبىر، كۆيۈنۈش بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدا ئۇلارنى جەزمەن ھۈنەرۋەن قىلىپ چىقىرالايمىز.

— خەمىت ئۆزىنىڭ ياشلىقى، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقىغا قارىماي، باشقىلارغا قارىغاندا، ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنىڭ كېلەچىكى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ياخشى ئەزاسى بولۇپ قېلىشى توغرىسىدا جان كۆيدۈرۈپ سۆزلەيتتى ۋە كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتاتتى:

— ئويلىغانلىرىڭىز خېلى ياخشى ئىكەن، باشلىقلىرىڭىزغا ئېيتمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئېيتماي قالامدىم، كۆڭۈل بۆلمەيدۇ... كارى

يوق، جاپا تارتىشنى، باش قاتۇرۇپ ئەقىل تېپىشنى، كۆپرەك يول مېڭىشنى خالىمايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خىلۋەت جايدا پېنسىيىگە چىققان كادىردەك دەم ئېلىپ يۈرىدۇ. ئەرزان باھالىق كۆكتات، تۇخۇم، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، بېلىقلاردىن ئېلىپ تۇرسىلا بولدى. خۇددى ۋەزىپىسى شۇلدەك. لېكىن ئىسلاھات، يارىلىۋاتقان يېڭىلىقلار بۇلارنىمۇ قىستايدۇ، بۇ يەردىمۇ ئىسلاھات شامىلى چىقىدۇ، لېكىن كىچىكىپ چىقىدۇ. چىقىشنى كۈتۈش، تاقەت قىلىپ تۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ؟ ئۆزىمىز چىقىرىشىمىز كېرەك. مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى ئورۇنلارغا بېرىپ پىكىرلىرىمنى ئېيتايمىكىن دەۋاتىمەن، ئۇلارغۇ ئاڭلار؟

ئۇ مۇخبىرغا ئۈمىدلىنىپ — تەلمۈرۈپ قارىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى پىلانلىرى، قىلماقچى بولغان، ئەمما ئۇنى يورۇقلۇققا چىقىرالمايۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ئۆزىگە ئارام بەرمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭ زىلۋا قەددى ئېگىلىپ، ئاق - سېرىق يۈزى تاتىرىپ، ياشلىقىغا قارىماي بۆرتۈپ چىققان چېكە تومۇرلىرى لىپىلداۋاتاتتى، ئېغىر بۇرۇقتۇرمىلىق ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. مۇنداق چاغلاردا ئويچانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان چىرايىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇنداپ قالاتتى.

— بەزى باللار گەپنى ئۇتتۇرلا قىلىدۇ، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ يۈرىدۇ، — دېدى خەمىت كېپىگە چۈشۈپ، — بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز ئۇنداقلارنى ئۆزگىرىش ئىپادىسى ياخشى ئەمەس، دەيدۇ. شۇمۇ گەپمۇ؟... ئۇلارغا ياخشى ئارىلاشمىغان، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلمىگەن ئادەم شۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئۇنداق باللار ئاتايىن شۇنداق يۈرەي، قىلاي دېمەيدۇ، بۇ ئۇلاردا شەكىللەنگەن مىجەز. سىزدەك دىلكەش، كىشىنىڭ پىكىرلىرىگە ئېتىبار قىلىدىغان ئادەمنى كۆرسەم سۆزلۈگۈملا كېلىدۇ: قاراڭ، ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تۈگەتكەن باللاردىن بەش-ئون پىرسەنت، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەنلەردىن ئەللىك-ئاتمىش پىرسەنت بالا يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيالمايدۇ، نېمىشقا دېسىڭىز سىنىپ يېتىشمەيدۇ، تېخى بەزى يەرلەردە ئوقۇتقۇچى كەم دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كىچىكلىرى ئون بىر — ئون ئىككى ياش، چوڭلىرى ئون تۆت — ئون بەش ياش. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتتە قالسىغۇ بىر نۆرى، ئاق-قارىنى تېخى ئوبدان پەرق ئېتەلمىگەن باللار نەچچە مىڭلاپ جەمئىيەتتە قېلىۋاتىدۇ. ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟ ئاغزىدىن تېخى ئانا سۈتى كەتمىگەن باللار نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى — كېلەچىكىنى كىم ئويلاۋاتىدۇ؟ ئەنە شۇلاردىن بىر قىسمى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ بىزگە كىرىۋاتىدۇ. شۇنچە كۆپ باللارنىڭ چىقىش يولىنىڭ چارىسىنى ھۆكۈمەت قىلمىسا، ئاتا-ئانىلارنىڭ قولىدىن كەلمىسە، بۇ باللارنى كىم قۇتقۇلدۇرىدۇ؟ ... ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تېخى نۇرغۇن دېگىنىم مۇشۇ.

خەمت بۇ گەپلەرنى ئەمگەك مەيدانلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئېيتتى. ھەرخىل كۆكتاتلار ئۆستۈرۈلگەن چوڭ-چوڭ كەيزىلەرنى، يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى بەش قۇرلۇق رەت-رەت كۆچەتلەرنى ۋە چىمەنلىكلەردە ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان قىسما-قىسما چىرايلىق گۈللەرنى

چىرايلىق گۈللەرنى مۇشۇ ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنىڭ يېتىشتۈرگەنلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىن چىرايلىق، نازۇك، نەپىس، تېخنىكىلىق ئىشلار كەلمەيدىغاندەكلا ھەم گۈزەل ئىشلار ئۇلارغا ياراشمايدىغاندەكلا قىلاتتى. بۇمۇ ئادەملەردە بولىدىغان قىزىقلا ھېسسىيات.

— يۈرۈك، — دېدى خەمىت چوڭقۇر تىنىپ، — بۆلۈمگە كىرەيلى، ئەمدى ھېلىقى پەمىدۇرلۇقتا ئىشلەۋاتقان بەختىيار ئىسىملىك ئورۇق، خىيالچان بالىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەي.

## 5

بىر يىللىق ئوقۇش ئاخىرلاشقاندا، لاگېر بويىچە يىغىن ئېچىلىپ، ئەلاچى بالىلارمۇ مۇكاپاتلاندى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا سىنىپلار بويىچە تەييارلانغان ئويۇنلار كۆرسە-تىلىشكە باشلىدى. قويۇلغان ئويۇنلار بالىلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان كونسېرتلار، بىر پەردىلىك كومېدىيىلەر بولۇپ، قىزىق، كۈلكىلىك چىققانىدى. بەختىيارنىڭ گىتار بىلەن ئېيتقان ناخشىسى ھەممە قىزىق پاراڭ، كۈلكىلەرنى چىپپىدە توختىتىپ قويدى. ناخشا لاگېر باشلىقلىرى، خىزمەتچى - تەربىيىچىلەردىن تارتىپ، مەيداندا لىققىدە ئولتۇرغان مۇنۇ ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

بەختىيار گىتاردا ناخشىنىڭ پائۇزىسىنى چالغاندىلا مەيدان بىردىنلا جىمغاندى. ئۇنىڭ لىرىك، مۇڭلۇق

ناخشىسى، ناخشا ئېيتىپ يۇقىرىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان
ئادەمنىڭ ناخشىسىدەك، بارغانسېرى ياڭراپ ئېنىق ئاڭلىنىشقا
باشلىدى:

ئاتام مېنىڭ، ئانام مېنىڭ،
مېھرىبانتى ئانام مېنىڭ.
كوچىلارغا تاشلاپ قويۇپ،
باقماي قويغان ئاتام مېنىڭ.

ئارتىلىرىمنى سۇغاردىم
چىمەنلىكتە - بۇلاقتا.
ئارزۇلاپ باققان ئوغلۇڭ
ئانا، ھازىر سولاقتا.

بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
بەختىيارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن: «كوچىلارغا تاشلاپ قويۇپ، باقماي قويغان
ئاتام مېنىڭ» دېگەن مىسرالار بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنى
بىرقىسما قىلىپ قويدى، بەزىلەرنىڭ كۆز چاناقلىرىغا ياش
ئۈنچىلىرىنى تىزدى ۋە بەزىلەرنى چوڭقۇر، ئازابلىق
ئويلارغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەختىيارنىڭ
ھەمشە غەمكىن، خىيالچان يۈرۈشى ئۇنىڭ ئېيتقان
ناخشىسى بىلەن بىرلىشىپ، باشقىلاردا چوڭقۇر تەسىر
قوزغىماقتا ئىدى، شۇنداق تەسىرلىك، مۇڭلۇق مىنۇتلاردا
ناخشا داۋام قىلماقتا:

مەلىمىزدىن ئايرىلدۇق،
كوچىمىزدىن قايرىلدۇق.
ئەسكى يولغا كىرىپ قېلىپ،
ئاتا - ئانىدىن ئايرىلدۇق.

ئۈرۈك چاچتىم، گۈل ئۈندى،
سۇ قۇيۇپ قۇرۇتمايمەن.
بۇ يەرگە كىرگىنىمنى
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن.

ناخشا تەسىر قىلمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، بولۇپمۇ سازغا تەڭكەش قىلىنىپ ئېيتىلغان ناخشا كىشىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ، ھاياتىدا يۈز بەرگەن بەزى تەسىرلىك ۋەقەلەرنى يادىغا سالىدۇ. ئەنە چەتتە ئولتۇرغان زىلۋا بويلۇق، يۈزى قوشۇقتەك كىچىك، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق، دۈپدۈگىلەك قارا كۆزلۈك قىز — ئارزۇگۈل كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي تۆكۈلۈپ ئولتۇرماقتا. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قالغىنىغا بىر يىل بولدى. ئاپىسىنىڭ قورقۇپ كېتىپ تۈگەپ قالغىنىغىمۇ بىر يىل بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ناخشىنىڭ مەزمۇن، مۇڭى بىلەن ئۆرتىنىپ، ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا يىغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپىسىنىڭ يىل نەزىرىنى بېرەلمىگىنىگە يىغلايتتى. ناخشىنىڭ تەسىرىدىن ھەرخىل ئىشلار يادىغا يېتىپ كۆڭلى بۇزۇلغانلار كۆپ ئىدى. ئادەم دېگەن شۇنداق سىرلىق، غەلىتە ۋە مۇرەككەپ نەرسىكى، باغرى تاشلىق قىلىپ، ھالال ياشاشنى ئۇنتۇپ، كىشىلەرنى قاڭقىر - قاقشاتقانلار مانا ئەمدى باغرى ئېزىلىپ،

www.uyghurkitap.com

رەھمدىل بولۇپ ئۆپكىدەپ يىغلىماقتا ئىدى...

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئويۇنلار مەسخىرىلىك، قىزىق بولسىمۇ، كىشىلەر ئانچە كۈلۈشۈپ كەتمىدى.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باللار يېرىم كۈن ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىشقا قويۇپ بېرىلدى. بەختىيار بىلەن بايىقى ئارزۇگۈل ئىسىملىك قىز يولنىڭ چېتىدە — دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلىغان يەردە پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى. توغرىسى ئارزۇگۈل كۆپرەك يىغلاۋاتاتتى.

— بولدى يىغلىماڭ، ئاشپەز ئۇستام ماقۇل بولدى، — بەختىيار كىچىككىنە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئۇنى بەزلەيتتى، — ئۇستام، نەزىر دېگەن تەلمۈرۈپ قالغان ئەرۋاھلارغا ياغ پۇرىتىش دېگەن سۆز، خەقلەرگە نەزىر بەرسىمۇ، بەرمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، سەل تۇرۇپ كېلىڭلار دېدى.

سەل تۇرۇپ بەختىيار بىلەن ئارزۇگۈل ئاشخانىغا ئاستا كىردى. چوڭ - چوڭ كۆزلۈك، پارقىراپ تۇرىدىغان شاپ بۇرۇتلۇق ئاشپەز يىت سىلىپ قويغانىكەن. ئاشپەزنىڭ ئۆگىنىشى بىلەن ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇ ئۇششاق سۈرىلەردىن ئۈچ - تۆتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئۇلارمۇ قول كۆتۈردى. ئۇستام ئىچىدە پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەپ ئاخىرىدا: رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئاللاھۇ ئەكبەر، دېگەن سۆزلەرنى ئۈنلۈك دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئارزۇگۈلنىڭ قايغۇلۇق كۆڭلى بىر ئاز ئېچىلىپ، ئۈستىدىن ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك، يېنىكلەپ قالدى.

ئىككىسى ئاشخانىدىن يېنىپ چىقىپ، يەنە بايىقى يەردە ئولتۇرۇشتى. ئارزۇگۈلنىڭ دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىدىن

بىر خىل مەيۈس ئۈچقۇنلار چېچىلىپ بەختىيارنىڭكىدەك ئېگىز بويىدىن، ئورۇق يۈزىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. بەختىيارنىڭمۇ يېقىملىق قارا كۆزى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى غەمكىن ئىدى. ئۇ تېزى ئۈستىگە قويۇلغان ئورۇق، ئىنچىكە بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— ئۇھ... خۇدايىم... — ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ئارزۇگۇل، — ئون بەش ياشقا كىرىپتىمىز...

— يېشىمىزدىنمۇ تۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپتىمىز...

— راست، بەختىيار، خىيالىمىزغىمۇ كەلمىگەن ئىشلارنى كۆردۇق، توۋا... بىر ھېسابتا مېنىڭ مەشەگە كىرىپ قالغىنىممۇ ياخشى بوپتىكەن...

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟

— بولمىسا ئون تۆت ياشلىق قىز بېشىم بىلەن كىم بىلەن تۇراتتىم، كىم ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلاتتى؟...، — قىزنىڭ كۆزىگە ياش ئەگىدى، — سىز بىلمەيسىز، بەختىيار، مېنىڭ ھېچنېمەم يوق...

— مېنىڭمۇ بار بولغان بىلەن يوقنىڭ ئورنىدا، — دېدى بەختىيار قولىنى تىزىدىن ئېلىپ مۇلايىملىق بىلەن، — دادامنىڭ ئەھۋالى ئاۋۇ، ئاپام ئەرگە تېگىپ كېتىپتۇ.

— سىزنىڭ نېمىلا بولسا بار، مېنىڭ يىراقىراق بىر - ئىككى تۇغقىنىم بار، بىراق ئۇلار مېنى يوقلىمايدۇ، تۇغقان دېگەننىڭ كۆيۈمى بولمىسا بىكار ئىكەن...، — ئۇ بىرقىسما بولۇپ تۇرۇپ قالدى - دە، خۇددى ياشانغان ئادەملەردەك بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ھەسرەت بىلەن قوشۇپ قويدى، — بەلكى مەندىن نەپرەتلىنىدىغاندۇر...

— تۇغقىنىم دېيىشتىن نومۇس قىلىشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

— توغرا، بەختىيار، بىز ئۇرۇق - تۇغقانلار كېچىپ
كەتكۈدەك ئىش قىلىپ قويدۇقتە...

ئىككىسى جىمىپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا بۇ يەر
ۋاڭ-چۇڭلۇق ئىدى. بەزىلەر گۈللۈكلەرنى ئايلىنىپ
يۈرەتتى، بەزىلەر دەرەخلەر ئارىلىرىدا ناخشا ئېيتىشىپ
ئولتۇراتتى، بەزىلەر توپ مەيدانىدا ۋاسكېتبول ئويناشۋاتاتتى.

ئارزۇگۈل ئەمدى باشقا گەپ باشلىدى:

— سىز بىلەن پاراڭلاشمايدىغان چاغلاردىلا مەن
سىزگە دىققەت قىلغان، بەختىيار، ئەمما نىمشقىدۇر
سىزنى كۆرسەملا بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتەتتى،
سىزگە غەزەپلەنگەنلىكىمدىن شۇنداق بولامدىم ياكى
ئىچ ئاغرىتقانلىقىمدىن شۇنداق بولامدىم، بىلمەيمەن...

— ئەسكىلىكىمنى ئۇقماي تۇرۇپلا ئۆچلۈككىز قوزغالغان
ئىكەن - دە؟

— ياق، سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى تۇتۇشىڭىز، مىجەزىڭىز
ماڭا شۇنداق ياققان، شۇنداق ياخشى بالا نىمشقا
مۇشۇنداق ئەسكى ئىشلارنى قىلغاندۇ، دەپ ئويلاپ
كېتەتتىم، توۋا، خۇددى ئۆزۈم ئۇنداق ئادەم ئەمەستەك... مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىز، بۇ يەرگە
قانداق سەۋەبلەر بىلەن كىرىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىپ
بولغان. بىراق مېنىڭكىنى تېخىچە سىز سورىمايسىزغۇ؟

— مەنمۇ سوراي دەپ نەچچە تەمشەلگەن، ئەمما
لېكىن... نىمشقىدۇر تىلىم بارمىدى.

— سىزنىڭ تىلىڭىز بارمىغان بولسا، مېنىڭ باردۇ،
سىزمۇ مېنىڭ بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىمنى

بىلىپ قېلىڭ. مەن ئاۋۇ نايناقتەك، — ئۇ ۋاسكېتبول مەيدانىنىڭ بىر چېتىدە بىر بالا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئۇن ئالتە - ئون يەتتە ياشلار چامىسىدىكى ئاق يۈزلۈك چىرايلىق بىر قىزنى كۆرسەتتى، — ئاتا - ئانىسىنىڭ تېپىپ بەرگىنىگە قانائەت قىلماي، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، بۇ يەرگە كىرىپ قالمىغان، — ئارزۇگۈل-نىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى، لېكىن يىغلىمىدى. ئۇنىڭ ئورۇق يۈزى تاتىرىپ، لەۋلىرى سۇس تىترىدى. ئۇ گېپىنى نەدىن باشلاشنى، نېمىلەرنى سۆزلەشنى بىلمەيتتى. بەختىيار ئۇنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ قويدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ گېپىنى مانا مۇنداق باشلىدى:

— مەن تۇرمۇشىمىز ئارانلا كېتىپ بارغان ياماقچىنىڭ يالغۇز قىزى ئىدىم. ئاپام ئۇزاق يىل تۇغماي، كېيىن تۇغقان بالىلىرى تۇرماي، بالىنى تازا ئارزۇلاپ زار بولۇپ تۇرغاندا، مەن تۇغۇلۇپتىكەنمەن، شۇڭا ماڭا «ئارزۇگۈل» دەپ ئىسىم قويۇپتىكەن. كەمبەغەل بولساقمۇ غېمىم يوق چوڭ بولدۇم. بىراق مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەن يىلىم دادام تۇيۇقسىزلا قاتتىق ئاغرىپ تۈگەپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بىزنىڭ كۈنلىرىمىزنىڭ ئۆتمىكى قىينىلاش-تى. ئاپام بەزىدە مانتا، سامسىلارنى ئۆيدە پىشۇرۇپ، بازارغا ئاچىقىپ سېتىپ، بەزىدە ئۆيدە ئىش قىلىدىغان ماشىنىچىلارنىڭ تىككەن كىيىم - كېچەكلىرىنى سېتىپ بېرىپ، بىر - ئىككى سوم پۇل تېپىپ تۇرمۇشىمىزنى قامدايتتى. ئەمما بەزى كۈنلىرى بىر تىيىنمۇ پۇل تاپالماي بازاردىن قۇرۇق قول ياناتتى. تۇرمۇش غېمى، قىيىنچىلىق،

ئاچ - توق قېلىشلار ئاپامنىمۇ، مېنىمۇ خىيالچان، ھەسرەت-لىك قىلىپ قويدى. ئاپامنىڭ كۆزلىرىنى كۆپ ھاللاردا غەمكىن، ياش يۇقى كۆرەتتىم. تېخى ئەللىك ياشقا كىرە - كىرمەيلا چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ، يۈزلىرى پۈرلاپ تاشلىشۇتكەن قەغەزدەك بولۇپ كەتتى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ھېيت كېلىپ قالدى. ھېيتتا ھەممە ئادەمنىڭ يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈسى كېلىدۇغۇ، بىراق مەن ئاپامغا ھەرگىز يېڭى كىيىملەرنىڭ گېپىنى قىلمىدىم. سىنىپتا قىزلار دادام ماڭا ئۇنداق ئىسىل كۆكلەك، مۇنداق چىرايلىق توپلەي ئېلىپ بەردى، دېيىشىپ سۆزلىشەتتى. مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ يۈرەتتىم. ئايەم كۈنى ئاپام بازاردىن ماڭا قات - قات يوپكا، چىرايلىق ئەترەڭ توپلەي ئېلىپ ئاچىقىپتۇ. يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىسام، ئاپامنىڭ بىرنەچچە يىل بۇرۇن سېلىپ يۈرىدىغان، ھازىر سالماس بولۇۋالغان ئۈزۈكى يوق تۇرىدۇ.

— ئاپا، — دېدىم مەن، — ساڭا ھېيتلىق كىيىم دېمىسەم، نېمىشقا ئالتۇن ئۈزۈكۈڭنى ساتتىڭ؟

— باشقىلارنىڭ ئالدىدا سېنى بوينىنى قىسىپ قالمىسۇن دېدىم، قىزىم... داداڭ بولسىغۇ، ھەممە نېمەڭ يېڭى بولاتتى.

ئاپامنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى پارقىرىدى، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن ئاپامنىڭ قانداق قىيىنچىلىقلارنى تارتىۋاتقىنىنى بىلەتتىم. بىراق مېنىڭ كۆز ئالدىمدا زادىلا

كۆز يېشى قىلمايتتى. ئۇنىڭ مەگزىلىرىدە بەزىدە ياش دېغىنى كۆرۈپ، مەن يوق چاغلاردا يىغلايدىغانلىقىنى پەملەيتتىم. بۇ قېتىم ئالدىمدىلا يىغلىۋەتتى.

— ئاپا، — دېدىم يىغلىماسلىققا تىرىشىپ، — ھېيت تۇرماق، ئۇنىڭدىن چوڭى كەلسىمۇ، كىيىمنىڭ جېدىلىنى ھەرگىز قىلمايمەن، يېڭى كىيىم كىيمىسەم بىر يېرىم كەم بولۇپ قالمايدۇ... يەيدىغانغا ھېچنېمە قالمىغاندا، ئاشۇ ئۇزۇكۈڭنى ساتساڭ، نەچچە ئايغىچە قىسلماي ئۆتەتتۇق ئەمەسمۇ؟... بولدى، بۇلارنى قايتۇرۇۋەت، مۇئەللىملەرمۇ ئاددىي - ساددا يۇرۇڭلار دەۋاتىدۇ، بىزگە ھازىر مۇھىم نەرسە كىيىممىتى...

— ئەقلىڭدىن ئايلىناي، قىزىم...، — ئاپام شۇنداق دېدى - دە، تېخىمۇ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى، ئاران تۇرغان مەنمۇ يىغلىۋەتتىم...

غەمسىز ساۋاقداشلىرىمنى كۆرسەم كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى. ئاپامغا سەزدۇرمىگىنىم بىلەن مەنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايتتىم، سىنىپتا ئولتۇرۇپ ئەتىكى كۈنىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ كېتەتتىم. كىشلەر پېشانىسىنى تەرلىتىپ ئولتۇرۇپ كۈندە بىر ۋاخ تاماق يەيدىغاندۇ، بىز نەچچە كۈندىمۇ بىر ۋاخ تاماق ئېتەلمەي، قۇرۇق چايلا ئىچەتتۇق، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى دەيتتۇق. تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا باشقا قىزلاردەك مەكتەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىرنەرسىلەرنى يېيىش، پۇل خەجلەش ماڭا زادىلا نېسىپ بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ دەرسىمىمۇ چېكىنىپ كەتتىم. ئاپام پات - پات ئاغرىپ قالىدىغان، بۇ قېتىم بىراقلا يىقىلدى. ئۇنىڭغا يونىغاندەك تېخى

يۈرەك ئاغرىقى ئىكەن. يامان يېرى ئاپام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا قالدى. سەللا كۆپرەك ھەرىكەت قىلسا، بىردىم بىھوش بولۇپ سۇنايلىنىپ ياكى تۈگۈلۈپ يېتىپ قالاتتى. يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەكتەپتىن چىقىپ ئاپامغا قاراشقا، كېچە - كۈندۈز يېنىدىن ئايرىلماسلىققا مەجبۇر بولدۇم. لېكىن تۇرمۇشىمىزنى قانداق ئۆتكۈزىمىز؟ ساق ئادەم تۇرماق ئاغرىق ئادەممۇ قورسىقىغا بىرنېمە يېيىشى كېرەك - دە. قولۇم - قوشنىلار ماڭا يول كۆرسەتتى. مەھەللە ئاساسىي قاتلام كومىتېتىغا بېرىپ قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ئېيتتىم. كىشى بىرىگە ھالىنى ئېيتسا ئاسان يىغلاپ قالىدىكەن. يىغلاپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن... ئاساسىي قاتلام مۇدىرى ئۆيىمىزگە كېلىپ ئەھۋالىمىزنى بىلدى. ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ئاپامنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئەتىسى «قۇتۇلدۇرۇش پۇلى» دەپ ئوتتۇز سوم ئەكېلىپ بەردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئايدا ئاپام ئىككىمىزگە يىگىرمە بەش سوم تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلىپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تېخى بىزنىڭ ئالدىمىزدا سەۋەنلىكى بار ئادەمدەك بىزدىن كەچۈرۈم سورىدى:

— يىگىرمە بەش سوم بىلەن ئوتتۇز كۈننى ئۆتكۈزمەك قىيىن، لېكىن تەۋەيىمىزدە يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن، ئاجىز - مېيىپلار كۆپرەك، يۇقىرىدىن بەرگەن پۇل ئازراق، ھەممىگە بەرمىسەك بولمايدۇ، رەنجىمەي، بىر ئىلاجى قىلىپ، يەتكۈزۈپ تۇرۇڭلار، پۇل كەلسە يەنە كۆپەيتىپ بېرىمىز.

ئاپامنىڭ ماشىنىچىلارنىڭ بازارغا تىككەن كىيىملىرىنى

سېتىپ بېرىپ، يېگىرمە بەش سوممۇ تاپالماي قالدىغان ئايلىرى بولاتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ نەق پۇل كۆپ پۇلدەك قىلاتتى. رايونلۇق ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىدىكى بىر ياش ئايال دوختۇرنىڭ بىزگە ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ، پۇل ئالماي دورا بېرىپ تۇردى. ئاپام پات - پات: يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە، دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان دەپ قوياتتى. ئەمما شۇ كۈنلەردە، بۇرۇن ئانچە - مۇنچە يوقلىشىپ قويىدىغان شىرەم تۇغقانلار بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىدۇ دەمدىكىن، قارىسىنى كۆرسەتمەيدىغان بولدى. مەيلى يوقلىمىسا يوقلىماس، بىز ئۇلارنىڭ قولىغا قاراپ قالغىنىمىز يوققۇ، يېگىرمە بەش سوم بىلەنمۇ كۈنىمىز كېتىپ بارىدۇغۇ، كۆپ بولسا كېتىدۇ، ئاز بولسا يېتىدۇ، دېگەن راست ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئارزۇگۈل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشتىن توختاپ قالدى. بەختىيار بىر قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆيدىكى چاغدا ئىنىلىرى بىلەن كىملەرنىڭدۇ بىرەر چىنە تاماق كۆتۈرۈپ كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن چاغلىرى كەلگەنىدى. ھايات سەرگۈزەشتلىرى ئۆزى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىۋاتقان مۇنۇ قىز ئۇنىڭغا ھەر قېتىمدىكىدىنمۇ يېقىملىق ھەم يېقىن تۇيۇلماقتا ئىدى.

ئارزۇگۈل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاپام تۇيۇقسىزلا ئوساللاپ، كۆزىنىڭ قارىسى كەينىگە كېتىپ يېتىپ قالدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي، تىپىرلاپ يىغلاپ كەتتىم. ئاڭغىچە قولۇم-قوشنىلار كىرىپ ئاپامنىڭ ئەھۋالىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ، ئۇلارمۇ ئوپۇر-توپۇر بولۇشۇپ كەتتى. بىرى نەدىندۇ ئېشەك هارۋا تېپىپ كەلدى. ئاپامنى شۇنىڭغا سالدۇق-دە، دوختۇرخانىغا ئاپاردۇق. ئۇلارمۇ جىددىيلىشىپ، چوڭ دوختۇرلارنى چاقىرىشىپ تەكشۈرۈشتى - دە، ئاپامنى بالنىتسىدا يېتىشقا بۇيرۇدى. بىراق يېتىشتىن بۇرۇن ئۇچىيۇزسوم تاپشۇرۇشنى، ئەگەر ئۇنى ئالدىن تاپشۇرمىسا بالنىتسىغا ئالمايدىغانلىقنى ئېيتتى. ئاپامدىن مەنلا ئەمەس، دوختۇرخانىغا بىللە كەلگەن قولۇم-قوشنىلارمۇ ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئۇ هوشسىز ئىدى، گەپمۇ قىلالمايتتى. شۇڭا ئاۋۋال بالنىتسىدا ياتسا، بىز ئەتىگىچە پۇل ئەكېلىپ بېرەيلى، دەپ ئۇلارغا قانچە يالۋۇرساقمۇ، زارلىنىپ قاقشىساقمۇ ئاپامنى ياتاققا زادىلا ئالمىدى. «كۆرۈۋاتىسلەر، ئاغرىقنىڭ هاياتى قىلنىڭ ئۇستىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بىز پۇل تېپىپ كەلگىچە، ياخشى كۆڭلىڭنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، قانداق قىلىمىز» دېسەك، ئۇلار: «ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق، ئالدىن پۇل ئېلىپ ياتقۇزۇش بۇ بىر تۈزۈم» دېدى.

— قالتىس تۈزۈم ئىكەن، — دېدى ئارىمىزدىكىلەردىن بىرى، — جىددىي ئاغرىقلارنىڭ جېنىنى بۇرۇنراق ئېلىپ بېرىدىغان تۈزۈم ئىكەن - دە بۇ، سىلەر ئادەم قۇتقۇزۇرامسىلەر يە ئۆلتۈرەمسىلەر؟

— مۇنداق گەپلەرنى بىز جىق ئاڭلىغان، سۆزلىگىنىڭلار بىكار، تېزرەك پۇل ئەكېلىڭلار.

— ياﺋاللا، —دېدى يەنە بىرى ياقىسىنى تۇتۇپ، — دوختۇرخانا دېگەن ئادەملەرنى ئەڭ ئېغىر ئاغرىقلاردىن، دەهشەتلىك ئۆلۈملەردىن قۇتۇلدۇرىدىغان. سىلەرگە

ئەمدى ئادەمدىن كۆرە، پۇل كېرەك ئىكەن...

ئاچچىق بىلەن ئېيتىلغان گەپلەر، تاپا - تەنىلەر بۇلارغا قىلچە تەسىر قىلمىدى. مەھەللە ئاساسىي قاتلام مۇدىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھەممە ئەھۋاللارنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىم. مۇدىر بىردەم شۈك بولۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— بىز مۇنچە كۆپ پۇلنى بېرەلمەيمىز، قىزىم، ھەم مۇنچىلىك پۇلمۇ يوق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرەيلى، ئۇلار يە نەق پۇل بېرىدۇ، يە داۋالاش پۇلىغا بىز ئىگە دەپ كېپىللىك قىلىشى مۇمكىن، — دېدى.

ئاساسىي قاتلامنىڭ خېتىنى ئېلىپ، خەلق ئىشلار بۆلۈمىگە كەلدىم. ئاللقاچان چۈش بولۇپ كېتىپتىكەن، شۇنىمۇ بىلمەي قاپتۇمەن. تىت - تىت بولۇپ كەينىمگە ياندىم. ئاپام قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ مېنى قاتتىق ئەنسىزلىككە سالىدىغان سوئال مۇشۇ ئىدى. ئىنتىك كېتىپ بارسام بىزنىڭ مەھەللىلىك، مەندىن ئۈچ - تۆت ياش چوڭ ئوبۇل ئىسىملىك بىر بالا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ماڭا بىرنەچچە قېتىم خەجلەڭ دەپ پۇل تەڭلىگەن، مەن ئالمىغان، بىراق ئاپىڭىزغا تاماق ئېتىپ بېرىڭ دەپ ئىككى قېتىم گۆش ئېلىپ بەرگەن، بىزنىڭ نامراتلىقىمىزغا ئىچى ئاغرىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئۇنى ئالغانىدىم.

— ئىككىمىز ئوينايلى، — دېدى ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ، — سىز بەك جاپا تارتىپ كېتىۋاتىسىز...

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم، ئويناش دېگەن قانداق

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ؟ — دېدىم مەن ئەجەبلىنىپ.

— قانداق بولاتتى، ئىككىمىز بىللە بولىمىز، بىللە يۈرىمىز، بىللە ياتىمىز، بىللە قوپىمىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

شۇنداق ئاچچىقىم كەلدىكى، كېلىشتۈرۈپ كاچىتىغا بىرنى سالغۇم كەلدى.

— ھەر كۈنى سىزگە پۇل بېرىمەن، ياخشى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىمەن، ئاپىڭىزغا قىسلىماي قارايسىز...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدىم، ئۆزۈمنى باسالماي يۈزىگە «تۈفى!» دەپ بىرنى تۈكۈردۈم - دە، كېتىپ قالدىم. ئاپامنى ئۇنداق ئېپلاسلىشىپ باققۇچە، ئەڭ بولمىسا، ئوغرىلىق قىلىپ باقارمەن، دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭ بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ كېتىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم.

چۈشتىن كېيىن خەلق ئىشلار بۆلۈمىگە كەلدىم. ماڭا ئوخشاش ئەرز، ئىلتىماس كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر كۆپ ئىكەن. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئاساسىي قاتلام قىلىپ بەرگەن ھېلىقى خەتنى كىشىلەرگە قوپال - قوپال تېگىپ تۇرىدىغان كادىرغا ئۇزاتتىم. ئۇ خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ:

— بۆلۈم باشلىقى يوق، سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىڭ، — دېدى.

— ئاپامنىڭ ئەھۋالى ئېغىر، بالنىتسىنىڭ ئىشىكىدىلا قالغان... يەنە ئۈچ كۈنگىچە...

— ئەلۋەتتە، يېنىڭ بولسا، ئاساسىي قاتلامۇ بۇ خەتنى قىلىپ بەرمەيدۇ، سىزمۇ كەلمەيسىز - دە، ئۈچ

كۆندە پۈتسە چوڭ گەپ.

مەن ھازىرغىچە بىر ئادەم بىلەن تاكاللىشىپ باقمىغان، جىللىقتا ئاغزىمدىن قانداق گەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدىم:

— قانداق ئادەمسىز!... ئۈچ - تۆت كۈنگىچە ئاغرىق ساقلاپ تۇرامدۇ! كېسەل ئېغىرلاپ كەتسە سىز ئىگە بولامسىز؟

— ئۇنداق دەپ بىزنى قورقۇتالمايسىز، ئاپىڭىزنى بىز ئاغرىتىپ قويمىدۇق، ئېغىرلىشىپ كېتەمدۇ، ئۆلۈپ كېتەمدۇ، چاتىقىمىز يوق!... مۇزاكىرە قىلىدىغان گەپ، باشلىق قول قويىدىغان گەپ، ئاندىن پۇل بېرىدىغان گەپ، ئاسان ئىش يوق.

بۇ گەپلەر ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، ئارقامغا ئۈچۈپ كېتىشكە ئاز قالدىم. ئاچچىق - غەزەپلىرىم كۆزۈمدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

— يىغلىسىڭىز يىغلاۋېرىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ يىغلايدىغانلار يالغۇز سىز ئەمەس.

ئۇ يەردىن قانداق يېنىپ چىققانلىقىمنى بىلمەيمەن... قانداق قىلغۇلۇق، ئاپام كۆز ئاچماي ياتسا؟... ئاغرىق دېگەن سەن پۇل تېپىۋالغۇچە، مەن تۇرۇپ تۇراي دەمدۇ؟ ئاپامنى تېز قۇتۇلدۇرۇش كېرەك، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، يالغۇزلۇقۇمدا، ئون تۆت ياشلىق قىز بېشىم بىلەن قانداقمۇ قىلارمەن... ئاھ، خۇدا!... نېمشقا ئاشۇ ئادەملەرنى ئاغرىق - سىلاقنىڭ، كەمبەغەل - ئاجىزلارنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغان قىلىپ يارىتىپ قويغانسەن، ئاشۇ ئادەملەرنىڭ يۈرىكى مۇزمىدۇ، مېھىر - ۋاپا،

ياخشلىق، شەپقەت، كۆڭۈل بۆلۈش دېگەنلەر نەلەرگە كەتكەندۇ؟... ئەي خۇدا، مېنى كۆرۈۋاتامدىغانسەن، ئاپامنىچۇ؟ پۇلى بارلارنىڭ داۋالىنىپ ساقىيىۋاتقىنىنى، پۇلى يوقلارنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن ئۆلۈۋاتقىنىنى كۆرۈۋاتامسەن؟... بىزگە كۆيۈنۈپ ئۈچ يۈز سوم تاشلاپ بەرسەڭ نېمە بولار...

گاڭگىراپلا قالدىم. بېشىم تۆرەپ قاياقتىن كەلگىنىمنى، قاياققا ماڭىدىغانلىقىمنى بىلەلمەيلا قالدىم... بىر چاغدا قارىسام ماگىزىنىدا يۈرۈپتىمەن. بىر ئادەم ئالتۇن ھالقا ئېلىۋېتىپتۇ. بىردىنلا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى، ھاسىراپ كەتتىم، چۈنكى كاللامغا ئاشۇ ھالقىدىن ئېلىۋالسام، ئاپامنى دەرھال بالنىتسىدا ياتقۇزغىلى بولاتتى دېگەن ئوي كېلىپ قالغانىدى. پوكەينىڭ يېنىغا باردىم، ماگىزىنچى ئايال پۇل پارچىلىغىلى نېرى كەتتى، ھالقا ئالغۇچى ئادەم ماڭا كەينىنى قىلىپ، بىر ئادەم بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشكەنىدى، پوكەينىڭ ئەينەك قاپقىسى ئوچۇق تۇراتتى، ئېگىشىپ تۇرۇپ قولۇمنى سوزۇپ ھالقىدىن ئىككى جۈپ ئالدىم - دە، ماگىزىندىن ئىتتىك چىقىپ كەتتىم، خۇداغا شۈكرى، مېنى ھېچكىم كۆرمىدى.

ھالقىنى ساتتىم. ئاپامنى شۇ كۈنىلا بالنىتسىدا ياتقۇزدۇم. ئۈچ بوتۇلكا ئاسما ئوكۇل تۈگىگەندە ئاپام كۆزىنى ئاچتى. بۇ يەرگە كىرىپ بەشىنچى كۈنى خەلق ئىشلار بۆلۈمى ئۈچ يۈز سومنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەمدى ھالقىنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتەي، ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن مۇشۇ ئەسكى ئىشنى قىلدىم دەي، دەپ



www.uyghurkitap.com

نەچچە كۈن ئويلاندىم، بىراق دوختۇرخانىنىڭ تامىقىنى يېسەكمۇ، بازاردىن يېسەكمۇ، ئۆيدە ئەتسەكمۇ ھەممىسىگە پۇل كېتىدىغان، دوختۇرخانىدا ئۆيدىكىدەك كۈندە قۇرۇق چاي ئىچكىلى بولمايدىكەن. ھۆكۈمەت يەنە قۇتۇلدۇرۇش پۇلى بەردى دەپ، ئۈچ يۈز سومنى خەجلەۋەردىم.

بىر ئاي يېتىپ ئاپام خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى. دوختۇر: دورا ئىچىپ، ئەمدى ئۆيدە دەم ئالسۇن، دېدى. قايتىپ چىقتۇق. پۇللار تۈگىدى، يەنە ئاچ - زېرىنلىق كۈنلەر باشلاندى. كەمپۈت زاۋۇتىغا قىزلارنى ئالىدىكەن دېگەننى خەۋەرنى ئاڭلىغانىدىم، بارسام ئېلىپ بوپتۇ. سۇلتىيىپ قايتىپ كېلىۋاتسام، ئازگال ماگىزىنىنىڭ ئالدىغا كىشىلەر توپلىشىپ كېتىپتۇ، سېرىق ماي سېتىۋاتقانىكەن، بىر ئادەم يوغان قارا سومكىسىنى ئېرىقنىڭ قىرىغاقويىدى- دە، سۇلياۋ خالتىنى كۆتۈرۈپ توپنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئىتتىك بېرىپ، سومكىنى ئالدىم -دە، كەتتىم. ھېلىقى چاغدا ئاغزىمدىن سائەت چىققانىمكىن، شۇنىڭ بىلەن ئوغرىلىقىم رەسمىي باشلىنىپ كەتتى. ئاپامغا بىردەم كەمپۈت زاۋۇتىدا، بىردەم باسما زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتىمەن دەپ قويدۇم. ئەڭ ھارام، نومۇسسىز، يىرگىنچلىك ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەتتىم، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئالاتتىم - دە، شۇ ھامان ئىچ ئاغرىتاتتىم، بولدىلا مۇشۇ نەپرەتلىك ئىشنى ئەمدى قىلمايلا دەيتتىم. لېكىن ھېچكىمنىڭ بىزگە ئىچى ئاغرىمىدىغۇ، ھەتتا خۇدايىمىزمۇ ئىچى ئاغرىمىدىغۇ، مەن نېمىشقا ئىچ ئاغرىتىمەن... دەپ ئويلايتتىم.

ئاخىر قولغا چۈشتۈم، بىر كىچىك ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا

ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە چىڭىپ قويغان چېتىكنى ئېلىۋاتقان چېغىمدا تۇتۇلۇپ قالدىم. تۇتۇلغاندىمۇ تازىمۇ سەت تۇتۇلدۇم، بىلىكىمدىنلا تۇتۇۋالدى. ۋېلسىپىتنىڭ ئىگىسى يېقىملىقىنە ئايال ئىكەن، ئەمما شۇ چاغدىكى سۆزلەر جان - جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى:

— كىيىمىنىڭ پۇزۇرلۇقى، قىلىقىنىڭ سەتلىكىنى قارىمامدى-غان، كىچىككىنە تۇرۇپ بۇ رەسۋا ئوغرىنىڭ! ...، — ئۇ كاچىتىمغا بىرنى سالدى ۋە يۈزۈمگە تۈكۈردى.

— نەدىكىنى كىچىككىنە بولدۇ، نەچچە ئەرنى يولغا سالغان چاغدا بۇ...

ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن ئارزۇگۈل سۆزلىيەلمەي توختاپ قالدى. شۇ توختاپ قالغانچە خېلى ۋاقىت جىمىپ كەتتى، بەختىيارمۇ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— مېنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەننى ئاڭلاپ، ئاپام يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، — دەپ سەرگۈزەشتىسىگە چۈشتى ئارزۇگۈل يىغلامسىرىغان ئاۋازدا، — ئۈچ ۋاخلىق قۇرۇق چايغا قانائەت قىلىش كېرەك ئىدى... ئاخىر ئاپامدىنمۇ ئايرىلدىم، قارا يېتىم بولۇپ تېكەندەك يالغۇز قالدىم. قىز بېشىم بىلەن ياتقان يېرىم مانا — تۈرمە. ئاپامنىڭ ئارزۇلۇق گۈلى ئىدىم، نېمە تەقدىركىن، لەنەتلىك كۆلگە ئايلاندىم. ئاپام مۇشۇنداق كۆنلەرگە قالىدىغىنىمنى ئويلىمىغان بولغىيتتى... بىلمەيمەن، يەنە قانداق كۈنلەرگە قالىمەن، قايسى يوللارغا كىرىمەن، نېمىلەرنى كۆرىمەن... بەلكى سۇپۇرۇندى — ئەخلەتلەرگە ئايلىنىپ كېتەر-

مەن...، — ئارزۇگۈل تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.

— مېنىڭمۇ خاتالىقىم شۇ، — دېدى بەختىيار مەيۈس هالدا، — بىرىنچى قېتىم نەسىھەت بىلەن چىقىرىۋەتكەندە، تاماكىچىلىقىمنى قىلىۋەرگەن بولسام، بەزى نەرسىلەرنى مەندىن گۇمان قىلىپ قىستىسىمۇ، ئۇرسىمۇ، مەيلى دەپ يۈرۈۋەرگەن بولسام، ئاخىر يامان يولدىن قايتقانلىقىمغا ئىشىنىپ قالار ئىدى... بوپتۇ، ئۆتكەن ئىشلارنى ياندۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ... ئەمدى ئۆزىمىزگە ئىشەنسەك بولىدۇ، سىزمۇ ئۇن بەش ياشقا كىرگەنسىز؟

— هەئە، ئۇن بەش ياشقا كىردىم.

— ئۇن سەككىز ياشقا كىرگەندە مۇددىتىمىز توشۇپ بۇ يەردىن چىقىمىز، — دېدى بەختىيار، — خەمت ئەپەندى ئېيتتىغۇ: سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئىشىنىشىڭلار، ئۈمىدۋار بولۇشىڭلار كېرەك دەپ. بىر ئادەم مەن ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىن بولامدىم، بولمامدىم، ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالامدىم دەپ ياشىماي، ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇنداق بولىمەن، مۇنداق بولىمەن، ئاۋۇ نىشانغا يېتىمەن، ماۋۇ پەللىگە چىقىمەن، دەپ ياشىشى كېرەك.

— هەي ئاكەي، بەختىيار، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولۇشۇمنى هېچ قىياس قىلالمايمەن.

— نېمىشقا قىياس قىلالمايسىز، ئارزۇگۈل، سىز شۇنداق ئەقىللىق، ئۆتكۈر تۇرسىڭىز، بۈگۈن ئەلاچى بولۇپ مۇكاپاتلاندىڭىز، مەشەدىن چىقىپلا هۈنەر ئۆگەنسىڭىز، شۇنداق تېز ئۇستا بولسىز، ئۇن سەككىز ياش ئادەمگە هەرقانداق قارا ئىشمۇ ئېغىر كەلمەيدۇ. ئەمدى هەرقانچە تۆۋەن، مەينەت ئىشلار بولسىمۇ، هالال ئىش قىلىمىز.

مەن بۇ يەردىن بېرىۋاتقان تۇرمۇش پۇلنى يىغىۋاتىمەن، مېنىڭچە، سىزمۇ يىغىڭ، ھەر ئايدا بەش سومدىن بېرىۋاتىدۇ، ئۈچ يىلدا قانچە بولىدۇ، قېنى ھېسابلاپ بېقىڭا، ئەلاچى ئوقۇغۇچى؟

بەختىيار كۈلۈمسىرىدى، ئارزۇگۈل سەل ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— بىر يۈز سەكسەن سوم.

— بىر يۈز سەكسەن سومنى دەسمايە سېلىپ ئوقەت قىلغىلىمۇ بولىدۇ، بىز دادام بىلەن كاۋاپچىلىق قىلغاندا، دەسمايىمىز ئون كىلوگرام گۆش ئىدى، كېيىن ئۈچ - تۆت كىلوگرامۇ بولغان. ئەگەر بولمىغاندا كاۋاپچىلىق قىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھازىر ئاياللارمۇ چوڭ - چوڭ ئوقەتلەرنى قىلىۋاتىدىغۇ، ھالال ئىشنىڭ نېمە يامىنى بار!

كېيىنكى پاراڭلار ھەر ئىككىسىدە زوق قوزغىدى. ئەتراپتىكى ۋاڭ - چۇڭلار ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. يۈرەكلەردە نېمىدۇر بىر نەرسىگە تەلپۈنۈش ئويغىنىپ، ئۈمىدلىك خىياللاردىن يۈزلەرگە ھاياجان ھېسلىرى ئوخچۇپ چىققانىدى. ئارزۇگۈل ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر رازىمەنلىك بىلەن تىكىلىپ:

— كۆڭۈللىرىم يايراپلا كەتتى، بەختىيار، سىز بىلەن بۇرۇنراق سۆزلەشكەن بولسام، بۇ چاغقىچە مۇنچىلىكمۇ ئازابلىنىپ يۈرمەس ئىكەنمەن، سىز بىلەن پاراڭلاشقۇملا كېلىپ تۇراتتى، بايا يۈرىكىم تۇيۇپتىكەن - دە.

— كىشى ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك ئىكەن، ئارزۇگۈل، ئۈمىدۋار بولسا غەممۇ يوقىلىدىكەن.

ئارزۇگۈلنىڭ قوشۇقتەك كىچىككىنە يۈزىدە تەشۋىش، مەيۈسلۈك ئالامەتلىرى تۈگەپ تەبەسسۇم جىلۋىلەندى ۋە مەڭزىلىرىدە ئەمدىلا بىلىنىشكە باشلىغان زىناقلىرى كۆرۈندى. ئۇ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا ۋىچىرلىشىۋاتقان قۇشقاچلارغا زوقلىنىپ قاراپ:

— ئادەم بولۇپ قالغۇچە قۇش بولۇپ قالسامئۇ بوپتىكەن، — دېدى.

— قانداق دەيسىز؟

— غەمسىز سايراپ، ئۇچسامئۇ، قونسامئۇ، يىراقلارغا كەتسەممۇ سورىغۇچى يوق، غېمىممۇ يوق يۈرەر ئىدىم.

— ئەخمەق قىز، ئۇنىڭ غېمى يوق دەمسىزا، ئۇ مېنى قاچان لاچىن سوقۇۋېتەر دەپ ئەنسىرەپ يۈرىدۇ.

— مۇنداق دەڭ... ۋاي خۇدايىم، دۇنيادا غەمسىز نېمە يوق ئىكەن - دە...

— يوق ئەمەس.

— نېمىنىڭ غېمى يوق؟

— ئۆلۈكنىڭ.

ئارزۇگۈل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— قىزلار بەختىيار نېمانچە خىيالچاندۇ، دېيىشەتتى، سىز قۇرۇق خىيال قىلمايدىكەنسىز، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايدىكەنسىز - دە.

— ھەممە ئادەم ئويلايدۇ.

ئىككىسى جىمىپ ئانچە ئۆتمەيلا ئارزۇگۈل سۇس تىترەشكە باشلىدى... قولىنى ئاستا يانچۇقىغا سېلىپ، نېمىشقىدۇر تۇرۇپ قالدى ۋە قىزىرىپ كەتتى. قىزارسىمۇ، يانچۇقىدىن چۆرىسىگە كۆچىك چىش چىقىرىپ ئىشلىگەن

چىرايلىق قول ياغلىقنى ئالدى - دە، مۇلايىملىق بىلەن بەختىيارغا ئۇزاتتى:

— مەڭ... تۇتۇڭ...

بەختىيار ئارزۇگۈلنىڭ تىترەۋاتقان قولىدىكى ياغلىقنى ۋە مۇلايىم ئۇچقۇنلار چاقنىغان كۆزىگە بىر قارىدى - دە، ئېيتتى:

— ياق، يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، مەن تېخى مۇنداق چىرايلىق ياغلىقلارغا لايىق ئەمەس.

## 6

بۇ ياتاقلاردا ھەر كۈنى كەچتە ئىختىيارىي دەرس تەييارلاش، كىتاب ئوقۇش، ناخشا - ساز، كۈلكە - چاقچاقلار بولۇپ تۇرسىمۇ، ھېچكىم ئۆزىنى ئۆزى خالىغىنىنى قىلالايدىغان دەرىجىدە ئەركىن سېزەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كۆڭۈل خالىغان ئىشلارنى يوشۇرۇنچە قىلىدۇ، چۈنكى يوشۇرۇن ئىش ئۇلارنىڭ قىسىلغان، ئەركىسىز كۆڭۈللىرىنى ئاچىدۇ.

بەختىيار كىتاب ئوقۇپ ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچنېمىنى خالىمايلا قالغانىدى. ئۇ ئويچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خېلى تۇرۇپ قالدى. مەقسەتسىزلا ئاستا زالغا چىقتى. قەيەرگە باردۇ؟ نەگە كىردۇ؟ بەلگىسىز. ئاخىرى تىپتىنچ، ئاۋازمۇ ئاڭلانمايۋاتقان بىر ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئىرىپ ئاچتى ۋە شۇ ھامان بۇ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانلىقىغا پۇشايمان يەپ قالدى.

— كە، بەختىيار، كە، پەيزىڭ بار...
— بۇرنۇڭغا پۇراپتۇ - دە...

تۆت - بەش بالا ياتاقتا يىغىلىپ هاراق ئىچىشىۋاتقاندىكەن. قارا قاش، چىرايلىق بالا ئىشىك ئېچىلىش بىلەنلا كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىققان بوتۇلكىنى ئۈستەل ئۈستىگە ئالدى. ئۇلارنىڭ نە رومكىسى، نە بىرەر چىشلەم زاكۇسكىسى يوق ئىدى. هاراقنى داتلىشىپ كەتكەن كىچىك تۆمۈر قۇتىدا ئىچىۋاتاتتى. قايتىپ چىقىپ كېتىش ئەپسىز، نېمىلا بولمىسۇن بىللە ئولتۇرۇش كېرەك. بەختىيار ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشىغىلا هېلىقى قارا قاش بالا ئۇنىڭغا هاراق سۇندى:

— تەلىيىڭ بار ئىكەن، تۈگەي دەپ قالغان.
— ئىچمەيمەن.
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ، قىز بالىدەك ناز قىلىپ...
— ئىچىپ باقمىغان.
— يوق گەپنى قىلما، يانچۇقچىنىڭ ئىچمەيدىغىنى بارمۇ، ئالە قولۇڭغا.

بەختىيار ئۆگدى:

— ئىچمەيمەن دېدىم ئىچمەيمەن!
— ئىشپىيونلۇق قىلىپ كىرىپسەن - دە، ئاكتىپ... ئەمدى كىرىپ چاقىمەن دېگىنە؟...
— ئۆتكەن قېتىممۇ مۇشۇنداق ماراپ كىرىپ ئىچمەي ئولتۇرۇۋالغان بۇ، — دېدى يەنە بىرى، — مۇشۇ كىرىپ چاققان ئوخشايدۇ، ئەتىسى بىز تازا تاياق يېمىدۇقمۇ؟
— ئوقۇشتا ياخشى، ئەمگەكتە ياخشى دەپ قويسا، ئاياغلىرىڭ يەرگە تەگمەي قالدىمۇ، يەلتاپان!

— ئېيتە، چېقىمچى، — دېدى كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، ئۈستۈنكى كالپۇكى ئوتتۇرىسىدىن يېرىق، بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتىشقا باشلىغان يەنە بىرى ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، — قانچىمىزنى چاقتىڭ، قانچىمىزنى تىل - تاياققا قويدۇڭ، ئېيتە، ئەرۋاھ، — ئۇ بەختىيارنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى سىلكىپ - سىلكىپ بىگىز بارمىقى بىلەن پېشانىسىگە نوقۇشقا باشلىدى.

— رەخى، ئۇنداق تۆھمەت قىلما، — دېدى بەختىيار غەزەپتىن تىترەپ، — سىرتتا قىلغان ئەسكىلىكلىرىمىزنى تۆگىتىدىغان ئورۇن بۇ، ھاراقنى چەكلىگەندىكىن ئىچمىسەك بولاتتى...

— ئاكتىپ دەپ قويسا، ماۋۇ قوڭالتاقنىڭ سىياسەتچى بولۇپ كەتكىنىنى، — دېدى يەنە بىرى، — ئۇر، ئېغىز-بۇرنىنى قان قىلىۋەت بۇ كاسكىنىڭ!...

— ئۆلتۈرۈۋەت! — دەپ ۋارقىرىدى بايىقى قارا قاش چىرايلىق بالا، — سورىقى بولمايدۇ.

بۇغداي ئۆڭ يۈزى تاتىرىپ، يېقىملىق قارا كۆزى يېنىپ كەتكەن بەختىيار ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى:

— مېنى ئۆلتۈرەلەمسەن؟... مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، سېنى ئۆلتۈرىدىغانلار چىقمايدىكەن - دە.

— سەندەك چېقىمچىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسەك ئارمان يوق، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئىتتىك كېلىپ، بەختىيارنىڭ ياڭىقىغا بىر مۇشت سالدى.

— ئۇر، قان چىقمايدىغان يېرىگە ئۇر!

— ئۇر، كۆكەرمەيدىغان يېرىگە ئۇر!

— ئۇر، كۆرۈنمەيدىغان يېرىگە ئۇر!

شۇنىڭدىن كېيىن تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنىڭ دۈمبە - مەيدىسىگە، يوتا، بىقىنلىرىغا تېپىك، مۇشت كەينى - كەينىدىن تاراسلاپ تېگىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئاچ بىقىنلىرىغا تەگكەن مۇشت زەربىدىن بەختىيارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ هوشىدىن كەتتى. خېلىدىن بېرى مۇشتلىششنى سېغىنىپ كەتكەندەك ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مۇشت ئاتقانلار، تەپكەنلەر بىردىنلا چىپپىدە توختاپ قېلىشتى. بەختىيار سۇس تىنىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— قورقۇشما، قورقۇنچاقلار، — دېدى هېلىقى كالپۇكى يېرىق بالا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — ئىككى - ئۈچ مۇشتقا ئۆلۈپ قالىدىغان يانچۇقچىنى كۆرۈشكە نىمدىك... ياتىقىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويايلى، هېلى ئويغىنىپ قالىدۇ، ئەمما مۇشت هالال تەگدى.

ئۇلار بەختىيارنى كۆتۈرۈپ، ياتىقىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى. راست دېگەندەكلا ئۇ، ئون - ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن هوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. كۆزىنى ئېچىپلا: ئۇلار مېنى نېمىشقا چېقىمچى دەيدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئېسىدە مۇنداق بىر ئىش قالغانىدى:

بۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئىلگىرى مۇشۇ ئولتۇرغانلار ياتاقتا يوشۇرۇنچە هاراق ئىچىشۋاتقاندا بەختىيار كىرىپ قالىدۇ. بەختىيار بۇ ئەهۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، مېنىمۇ هاراق ئىچىشكە زورلىمىسۇن دەپ، ئىچىش نۆۋىتى كەلگۈچە ياتاقتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىر بوتۇلكا ئاق هاراقنى ئىچىپ بولۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ناخشا ئېيتىشىپ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئەتىسى ئۇلار رەهبەرلىك ئالدىغا

چاقىرىلىپ، ئاخشامقى ھاراق ئىچىش ۋەقەسى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: ئىچمىدۇق، بىرنى بىرى يالغاندىن چېقىپتۇ، دەپ تۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى بۇلار ھاراق ئىچىشنىڭ ئالدىدا، ئەگەر پاش بولۇپ قالساق، پەقەت ئىقرار قىلمايمىز، دەپ قەسەم ئىچىشكەنىدى. بۇ ئىشنى ئەسلىدە ئۇلار تەرىپىدىن دائىم «خور - خور» دەپ كەمسىتىلىپ، بوزەك قىلىنىدىغان ئون ئىككى ياشلىق، پاكار بويلۇق سالى ئىشىك يوچۇقىدىن كۆرۈپ قېلىپ ئېيتىپ قويغان، بۇنى ئۇلار ئۇقمايدۇ، ئۇلار تاياق يەيدۇ، بەزى تاكاللاشقانلىرى خېلى ئوبدانلا يەيدۇ. بۇ ئىشنى ئۇلار ھاراق ئىچمەي چىقىپ كەتكەن بەختىياردىن كۆرىدۇ...

بەختىيار تاياق يېگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى دەرسكىمۇ چىقالمىدى. چىققان بولسىمۇ، ھويلىدىلا بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ قايتىپ كىردى. ئۇ ياتىقىدا يېتىپ ئۇلارنىڭ ھاراق ئىچكىنىنى كىمنىڭ ئېيتىپ قويغانلىقىنى ئويلىدى. قانچە ئويلىسىمۇ، بىرەرىنى قىياسمۇ قىلالمىدى. ئۆزىنىڭ تاياق يېگىنىنى ئۇنتۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا تاياق يەپ چىققاندىن كېيىنكى روھىي ھالەتلىرىنى، زارلاشلىرىنى ئويلاپ، ئۆزىدە بىئاراملىق، ئازاب ھېس قىلدى.

ئەتىگەنلىكى بەختىيارنىڭ دەرسكە چىقالمىغانلىقىنى باللار سىياسىي تەربىيىچى خەمىتكە ئاغرىق دەپ دوكلات قىلدى. دەرستىن كېيىن ئۇ بەختىيارنى يوقلاپ كىردى.

— نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟ — دېدى خەمىت ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئالقىنىنى قويۇپ، — قىزىتماڭ ئانچە يۇقىرى ئەمەستەك قىلىدۇ.

— بېشىم قېيىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم.

— قاچاندىن بېرى؟

— تۈنۈگۈن كېچىدىن باشلاپ...، — ئۇ سەل دۇدۇقلاپ توختاپ قالدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى - دە، ئۇڭايسىزلىنىپ يەرگە قارىۋالدى. نۇرغۇن قىياسلىرى توغرا چىققىدىغان خەمىت بىرنەرسىنى سەزگەندەك سورىدى:

— ئاخشام ياتاقتا مۇشتلىشىپ تاياق يېدىڭمۇ - يە؟

— ياق - ياق، — ئىتتىك جاۋاب بەردى ئۇ، — ئۆزۈمنىڭمۇ ئاخشاملا ئەمەس، ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى بېشىم قېيىپ يۈرەتتى، هازىر خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىم.

— نېمىشقا دوختۇرغا چىقمىدىڭ؟ — خەمىت مېهرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ياخشى بولۇپ قالارمەن دەپ.

— بولمايدۇ، بىر يېرىڭ ئاغرىسا، دەرهال دوختۇرغا كۆرۈنسەڭ بولىدۇ، مەن دوختۇرنى باشلاپ چىقاي.

خەمىت چىقىپ كەتتى. ئاخشام شۇنچە تاياق يەپ مىت قىلىپ يىغلىمىغان بەختىيارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قالدى. كۆز چاناقلىرى ياش تامچىلىرى بىلەن لىق تولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دادىسى بىلەن ئاپىسى ۋە مۇئەللىمى خەمىت ناهايىتى ئېنىق گەۋدىلىنىپ كەلدى. ئۇ هەربىرىنىڭ مىجەز - خۇلقلىرى، پەزىلەت - خىسلەتلىرى هەم ئىشلىرىنى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزەتتى. ياخشى مۇئامىلە، كۆيۈمچانلىق ئادەم تۇرماق يىرتقۇچ

ھايۋانغمۇ تەسىر قىلىدۇ. ئۇ بۇ يەرگە كىرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە تەربىيىچىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلىلىرىنى، بېشىنى سىيلىغانلىرىنى ئەسلەپ ئازابلاندى. بىراق ئۇنىڭغا يالغان ئېيتقانلىقىغا ئۆكۈندى.

چۈشتىن كېيىن بەختىيارنى ئارزۇگۈل يوقلاپ كىردى. قىزنىڭ چىرايى تەشۋىشلىك ئىدى.

— ئاخشام سىزنى رەخنى يىرتقىلار ئۇرۇپ كېتىپتىغۇ، شۇنچىمۇ ئۇرامدۇ؟

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— ھەممىسى سۆزلەپ يۈرسە... يېتىپ قالغۇدەك شۇنچىۋالا ئۇرۇپ نېمە بولغان؟

— ھاراق ئىچمىدىڭ دەپ.

— تەشكىل ھاراق تۇرماق، تاماكىنىمۇ چەكلىگەن تۇرسا، شۇنچە يولسىزلىقىغا گەپ قىلمىدىڭىزما؟ — قىزنىڭ دۈپدۈگىلەك قارا كۆزلىرى يېنىپ كەتكەنىدى. بەختىيار گەپ قىلمىدى.

— نېمىشقا تەشكىلگە دېمەيسىز؟

— بولدى، دەپ نېمە قىلاي.

— ئەدىبىنى بېرىپ قويمىسا، ئەدەۋېرىدۇ - دە، سىز دېمىسىڭىز ئەمسە مەن دەي.

— ياق، دېمەڭ.

— نېمىشقا؟

— تاياق يەيدۇ.

— يېسە ھارام تاياق يەيتتىمۇ، ھالال تاياق يەيدۇ. تاياق دېگەن ئۆتەمدىكىن، ئۇلارمۇ كۆرۈپ باقسۇن، ئاياىدىغان نېمىلەرمىدى ئۇلار، — ئارزۇگۈل تىرىكىپ،

بوغۇلۇپ سۆزلەيتتى. بەختىيار ھېچنېمە بولمىغاندەك شۇنداق تەمكىن ئولتۇراتتى.

— ئۆتكەندە ئۇلار ھاراق ئىچىشكەندە، كىمدۇر بىرى تەشكىللىگە كىرىپ ئېيتىپ قويۇپتۇ، — دېدى بەختىيار چۈشەندۈرۈپ، — ئۇلارنى ئەكىرىپ سورىسا، ئىقرار قىلماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تازا تاياق يەپتۇ. رەخنىنىڭ پۈتىغا شۇنداق قاتتىق تېپىپتىكەن، بىچارە ئىككى كۈنگىچە يەر دەسسىيەلمەي يۈردى. بىرىنىڭ كۆزى ئىششىپتۇ، بىرىنىڭ كالپۇكى... شۇ چاغدا ئۇلارغا تەگكەن تاياق ماڭا تەگكەندەك بىلىنگەن. ھازىر كىرىپ دېسەم نېمە بولىدۇ؟ تاياق يەيدۇ، بەلكى ئۆتكەنكىدىنمۇ قاتتىقراق يەيدۇ. مەن مۇنداق ئىشلارغا چىدىيالماي قالىمەن، ئارزۇگۈل، ئۆرتىنىمەن، ئازابلىنىمەن...

چاڭىلداپ سۆزلەۋاتقان ئارزۇگۈل شوك بولۇپ قالدى.

ياتاقنىڭ ئېغىر جىملىقىنى، ئىككىسىنىڭ غەمكىن روھىي ھالىتىنى مەگزى قىزىرىپ پىشقان بىر تال ئالما بۇزدى. ئارزۇگۈل بەختىيارنى يوقلاپ كىرگەندە، دوستى بەرگەن ئاشۇ بىر تال ئالمىنى ئالغاچ كىرگەنىدى. ئالما تەڭلىنىش بىلەن گەپنىڭ ماۋزۇسى يۆتكەلدى.

## 7

بەختىيارنىڭ ئاپىسىغا خېلىلا خاپىلىقى بار ئىدى، بىراق ئانىنىڭ يىللىق باغرى ھەممە نەپرەت - خاپىلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ قويدى. ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي مۇنداق ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ قاتتىق

www.uyghurkitap.com

يىغلىمىغان. ئانا سۈتىدەك ھەم مەززىلىك، ھەم يىللىق ئانىلىق پۇراق يا ئاتا مېھرىگە، يا ئانا مېھرىگە قانمىغان بالىنى يېرىم بىھوش ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ سۈت ئىزدەۋاتقان بوۋاقتەك ئانىسىنىڭ كۆكسىنى پۇراپ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئەندىككەندەك قىلاتتى.

تاجىگۈل ئوغلىنى يوقلاپ چىقىپ، ئۇنى چاقىرغىلى كىرىپ كەتكەندە، بالام قانداق بولۇپ كەتكەندۇ، دەپ بىئارام بولدى ۋە ئۇنى چاچلىرى ئۆسۈپ گەدىنىگە چۈشكەن، چىرايى تېگى - تېگىدىن سىرىقلاپ، بۇرۇنقىدىنمۇ جۈدەك ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. مېنى كۆرسە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما بەختىيار ئۇنداق قىلمىدى، ئاپىسىنى كۆرۈپ خۇددى ناتونۇش بىر ئادەمنى كۆرگەندەك يەر ئاستىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى. تاجىگۈل: جېنىم بالام، مېنى تونۇمايۋاتام-سەن، دەپ ئۆزىنى ئوقتەك ئېتىپ، ئۇنى باغرىغا باستى، قۇچاقلىدى، مەڭزىلىرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى ۋە ئۇنىڭغا كۆز ياشلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تويماي قارىدى. ئانىلىق مېھرى بەختىيارنى ئېزىتتى... بەختىيار ئاپىسى ئويلىغاندەك ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ چىرايى دادىسى بىلەن كاۋاپچىلىق قىلغان چاغدىكىدىنمۇ تۈزۈلۈپ قاپتۇ. كىيىم-كېچەكلىرىمۇ بىر ئوبدان پاكىز ئىكەن، ئەمما ئويچان بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئۆزىغۇ بىر ئوبدان تۇرۇپتۇ، — دەپ ئويلىدى ئاپىسى، — ئەمما مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى قانچە - قانچە ئويلاپ كېتىدىغاندۇ...

— ۋاي جېنىم بالام...، — تاجىگۈل كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ بالىسىنى بەزلەيتتى، — بولدى، يىغلىما، ئالتۇن

قوزام... داداڭ ئىچكۈلۈككە مۇنچە بېرىلىپ كەتمىگەن بولسا، سەن بۇ كۈنلەرگە قالمىغان بولاتتىڭ، بىزمۇ تىرىپىرەن بولمىغان، بۇ سەرسانچىلىقلارنى تارتمىغان بولارئىدۇق... قايسى قىلغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن مۇشۇ كۈنلەرگە قالغاندىمىز...

بەختىيارنىڭ يىغىسى خېلىدىن كېيىن بېسىلدى. تاجىگۈل ئوغلىنىڭ مەڭزىلىرىدىكى ياش داغلىرىنى ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن پاكىز سۈرتتى. ئېلىپ چىققان نەرسىلىرىنى — قارا كۆك دىجەندىن بىر بۇرۇلكا، ئاق خەسە كۆڭلەك، ئىككى بولاق قەنت، ئاغزى يوغان ئەينەك بوتۇلكىدا ھەسەل، ئون سوم پۇل ھەم يوغان ئىككى گۆش ناننى ئوغلىغا بەردى. گۆش ناندىن تارقالغان يېقىملىق پۇراق بەختىيارغا ئۆينىڭ تەملىك تاماقلىرىنى، قازان باشلىرى، ئاپىسىنىڭ تاماق ئەتكەن چاغدىكى چاققان ھەرىكەتلىرىنى ئەسلەتتى.

ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاچىققان نەرسىلىرىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى، بۇ يەردە يازلىق، قىشلىق كىيىملەرنى بېرىپ تۇرىدىغانلىقى، ھەر ئايدا بەش سوم تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغانلىقى، تاماق ئېتىلمەيدىغان كۈننىڭ يوقلۇقى ۋە بۇ يەردىكى تۇرمۇشنىڭ باياشات ئۆتۈۋاتقانلىقى، ئوقۇش، كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ:

— گۆش ناننى ئالاي ئاپا، ئۆي تامىقىنى سېغىنىپ قالدىكەن كىشى، قالغان نەرسىلەرنى ئىلىيارلارغا ئاپىرىپ بەر، — دېدى ئۇ.

— ئۇلارغىمۇ قىلىپ بېرىمەن، بالام، بۇلارنى ساڭا ئاتاپ ئاچىقتىم، ئال، قوزام...

www.uyghurkitap.com

— ئۆتكەندە ئىليار دىليارنى يېتلەپ چىقىپتۇ، ئاپا، كىيىملىرى بەك ئوسال، ئىليارنىڭ كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ ساق يېرى قالماپتۇ، — بەختىيارنىڭ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي قالدى. تاجىگۈل ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، بېشىنى سىلاپ ئۆزىمۇ يىغلىۋەتتى. بەختىيار كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ:

— ئىككىسى تېخى ماڭا كاۋاپ، ئالما ئاچىقىپتۇ، ئاكامنى يوقلاپ كېلىمىز دەپتىكەن، گۈلشەرىخان موماي بىر بولاق قەنت بېرىپتۇ. مەن ئىليار بىلەن دىليارنىڭ قولىغا بەش سوم تۇتقۇزۇپ قويدۇم. سەن بۇ كىيىملەرنى، ماۋۇ قەنتلەرنى شۇلارغا بەرگىنىڭ ياخشى، ئاپا، — دېدى.

— ئىليار... بىچارە بالام... مۇشتتەك جېنى بىلەن تاماكا سېتىپ ئوقەت قىلىۋېتىپتۇ.

— قانداق قىلىدۇ، ئاپا، دادامنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇدەك، شۇنداق بولغاندىن كېيىن بىر ئۆي شۇنىڭ بېشىغا قالدى.

ئىككىسى — ئانا يىغلاپ، بالا كۈلۈپ خوشلاشتى.

— ۋاي، جېنىم ئوكام، — دېدى بۇغداي ئۆڭلۈك، مۇلايىم، قوي كۆزلۈك، قېشىمۇ، كىرپىكلىرىمۇ قاپقارا، ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلار چامىسىدىكى تاجىگۈل باللار تەربىيىچىسى خەمىتنىڭ بۆلۈمگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — كۆرسىمۇ دەرد ئىكەن، كۆرمىسىمۇ دەرد ئىكەن، خۇدايىم بۇ كۈنلەرنى ھارام قىلسۇن... ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالىنى سىزدىن ئۇقۇپ باقاي دەپ كىرىشىم...

— ئوغلىڭىز ياخشى، ھەدە، باشقا باللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، — دېدى خەمىت، — ماختىغانغا يا ئەيىبلىگەنگە يۈزى قىزارمىغان ئادەمدىن قورقسا بولىدۇ، ئوغلىڭىزنىڭ بۇ يەردىن ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىشىغا ئىشىنىڭ، چۈنكى ئوقۇشىنىمۇ، ئەمگەكتىمۇ، ئەخلاقىنىمۇ ياخشى بولۇپ باھالاندى.

— باللار مېنىڭ تەربىيەمدىن ئاجرىغاندىن كېيىن، بەختىيار مۇشۇ مەرەز يولغا كىرىپ قالدى، — دېدى تاجىگۈل ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ، — دادىسىنىڭ ئەھۋالى ئاۋۇ، كېچە يۇكۇندۇز خۇدىنى بىلمەي يۈرىدۇ... ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەن ئۇنى ئالدىغان قاچا يوق، ئۇكام، ھەرقانچە جاپا تارتسامۇ، ئازابلانسامۇ، ئاچ- توق قېلىپ، قەلەندەرچىلىك قىلسامۇ ئاشۇ ئۆيۈمدىن كەتمىسەم بوپتىكەن...

— دادىسىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولغاندىكىن، باللارنى ئۇنىڭ قولىدا قويمىسىڭىز بوپتىكەن...

— ۋاي جېنىم ئۇكام، مېنىڭ مەيلىم دەمسىز، سوتتىكىلەر ئۇنىمىدى، سىزنىڭ ئىش ئورنىڭىز بولمىسا بۇ ئۈچ بالىنى قانداق باقىسىز، دەپ تۇرۇۋالدى. بوپتۇ دەپتىمەن، ئەمدى باللارنى كۆرسەم، كۆندە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىمەن، — ئۇنىڭ مۇلايىم قوي كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، يۈزىدە پەرىشان ئۆچقۇنلار غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى، — راستىمنى ئېيتاي، بالامنى تەربىيلەۋاتقان ئادەمسىز، يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، باللىرىمنىلا ئەمەس، كېيىمنى كۆرسەممۇ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىدۇ ئۇكام، كوچىلاردا دەلدەڭشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسام، ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىپ ئېچىنىپ قاراپ كېتىمەن،

قىز تەگكەن ئېرىم ئەمەسمۇ، ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئازابلىنىمەن... توۋا، بىز قانداق ئەر - ئايال ئىدۇق؟ نېمە بولۇپ كەتتۇق؟ بالىلار نېمە بولۇپ كەتتى، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ ئويلاپ كېتىمەن. ئىشەنسىڭىز، ئۇكام، بىزچۇ بىر - بىرىمىزگە كۆيۈپ - پىشقان، كىشىلەر ئاڭلىسا زوقلانغۇدەك شوخلۇقلارنى قىلىپ، چىرايلىق ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقان، خېلىغا خال، گۈلگە گۈل كەلگەنلەردىن ئىدۇق... نېمە تەقدىركىن، كۆز تەگكەندەك ۋەيران بولۇپ كەتتۇق...

ئايال يىغلىۋەتتى.

راست، ئۇلار بىر چاغلاردا بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ئامراق، غېرىپ - سەنەمدەك ئاشىق - مەشۇقلار ئىدى. كېرىم ئەسلىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا موزدۇزلۇق قىلىدىغان دادىسى تۈگەپ كېتىپ، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالمىغان. ئۇ دادىسىنىڭ ھۈنىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇكىلىرىغا قاراشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ ئىشقا بېرىپ - كېلىشتە قورۇلىرى باغلىق بىر خىلۋەت كوچىدىن ئۆتەتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئىككى تەرىپى قويۇق دەرەخلىك بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۈچىسىغا شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك، قىسقا يەڭ كۆڭلەك كىيگەن، زىلۋا بويلۇق، ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، يېقىملىق كۆرۈنىدىغان بىر قىزنى كۆرۈپ قالدى. يېقىنراق كەلگەندە قىز مۇلايىم قوي كۆزلىرى بىلەن ئاق يۈزلۈك، قاش - كىرپىكىنىڭ تايىنى بولمىسىمۇ، ئويناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلۈك بۇ يىگىتكە تىكىلىپ قارىدى. كۆزلەر ئۇچراشتى، كېرىم بەش-ئالتە قەدەمگىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالماي، ئەجەب

يىللىق چىراي، نازۇك قىزكىنا، دەپ ئويلىدى؛ قىزمۇ: ئەجەب كۆزى ئىتتىككەن، يۈرىكىمگىلا تەگدى، دەپ قالدى. ئويلاش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشمىدى، كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشتى. بىرى: ئەتە يەنە مەشەدىن ئۆتەرمۇ دېسە، يەنە بىرى: ئەتە يەنە ئەشەدە تۇرارمۇ، دەيتتى. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ قاش - كۆزى، رەڭگىروھى، قىياپەت - ئىسكەتلىرىنى كۆز ئالدىغا ئېنىق كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئەتىسى كېرىم ئىشتىن قايتىپ قىزنى يەنە شۇ يەردە — دەرۋازا ئالدىدا كۆردى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا تونۇگۇنكى كىيىم، بوگۈن قۇلىقىغا گۈل قىسۋاپتۇ. كېرىم خۇشال بولدى. قىز ئىزا تارتىپ قىزاردى. مەيلى نېمە بولسۇن، ئىككىسى بىر - بىرىگە بەزىدە تىكىلىپ، بەزىدە كۈلۈمسىرەپ قارىشىپ بىر ھەپتە ئۆتتى. ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە مەيلى بارلىقمۇ ئايان بولۇپ بولدى. بىراق مەيلىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلىپ سۆز ئېچىشقا ھېچقايىسىسى جۈرئەت قىلالـ مايۋاتاتتى.

— تونۇشۇپ قويايلى، مېنىڭ ئىسمىم كېرىم، — دېدى ئۇ ئاخىر بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېچىپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا گۈل قىسىپ تۇرغان قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

— مېنىڭ ئىسمىم...، — قىز ھاياجانلىنىپ تىترەپ، يەردىن بېشىنى ئالالماي قالغانىدى، — تاجىگۈل...

— ئىسمىڭىز چىرايلىق ئىكەن، بىراق قۇلىقىڭىزدىكى گۈل ئىسمىڭىزدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن، ماڭا بېرەمسىز؟

— نېمە قىلىسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تورى

— قىسقىۋالىمەن.
— ۋېيەي... سىزنىڭ بېغىڭىزدا گۈل يوقمۇ؟
— بىزنىڭ باغدا ھەممە نېمە بار، گۈللا يوق.
— مەيلى... ئېلىڭ...

كۆكۈل مەيلىنى، ئۆز مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئەنە شۇنداق بېسىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەملەرنى بېسىش ئۈچۈن، ئۇلار ئىستىراھەت باغلىرىغا باردى، كىنوخانىلارغا كىردى، كوچىلارنى ئايلاندى. بارا - بارا ئىككىسى بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ئېچىنىشىپ كەتتىكى، بىر كۈن كۆرۈشمىسە چىدىمىغۇدەك ھالغا كەلدى. بۇ مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچى تاجىگۈلنى نۇرغۇن يالغان گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى: «ئاپا، ئايشەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي»، «ئاپا، رۇقىيەنىڭكىدە قونۇپ كېلەي»، «ئاپا، ئەتە ئاسىيەنىڭ تويى، بۈگۈن بېرىپ قارىشىپ بېرەي»... شۇنداق قىلىپ تاجىگۈلنىڭ ئۆيدە قونمىغان، تويى بولمىغان دوستلىرىمۇ ئاز قالدى. ئۇلار بىللە بولۇشسا، بىر - بىرىگە قانماي، ئايرىلغۇسى كەلمەي، تالاي - تالاي كېچىلەرنى باغلاردا، خىلۋەت كوچىلاردا تاڭغا ئۇلىۋەتكەن.

كېرىمنىڭ ئۆيى دەرياغا يېقىن مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە بولۇپ، ئۇ پات - پات قولۋاق بىلەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق توقايلىق ئارالغا ئۆتۈپ بېلىق تۇتاتتى. بىر كۈنى ئۇ كۆز باغلانغان چاغدا، تاجىگۈلنى ئېلىپ ئارالغا ئۆتتى. قارماق تاشلاپ بېلىق تۇتتى. مەززە قىلىپ بېلىق شورپىسى ئىچىشتى - دە، ئوڭدا يېتىشىپ يۇلتۇزلار ئالەمىنى تاماشا قىلدى. ئالتۇن كىرپىكلىك

يۇلتۇزلار بىلەن كۆز قىسىشتى. بىر چاغدا تولۇن ئاي تاغلار كەينىدىن چىقىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاقۇچ نۇرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سېخىيلىك بىلەن سەپتى. ئوت-چۆپلەر، دەل-دەرەخلەر، تۈرلۈك-تۈمەن گۈللەرنىڭ يىلىلىق پۇراقلىرىنى ئەكەلگەن ئارامبەخش سالقىن شاماللار ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى، چاچلىرىنى سۆيۈشكە باشلىدى. دەريا شاۋقۇنى، چاڭىلداپ سايراۋاتقان قۇشلار ئاۋازى — گويا تۈگىمەس، يېقىملىق مۇزىكىنىڭ چېلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، كىشى كۆڭلىنى ئاللىقاياقلارغا ئەكېتەتتى.

تەبىئەتنىڭ نازۇك ھەرىكەتلىرى، يېقىملىق كۈيلەردىن تامامەن مەست بولغان قىز ئاستا پىچىرلىدى:

— دۇنيانىڭ مۇنداقمۇ گۈزەللىكلىرى باركەن... مەن تېخى ھېچنېمە كۆرمەپتىمەن...

— شۇنداق، — دېدى تاجىگۈل بىلەن تەڭ ھاياجانلانغان كېرىممۇ شىۋىرلاپ، — ھاياتتا ئىنسانلار تېخى پەيزىنى سۈرەلمىگەن نۇرغۇن ئىشلار بار...

شۇنداق چىرايلىق ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە ئۈچ كۈن، تۆت كۈن، بەش كۈن، ئالتە كۈنگىچە كېرىم كۆرۈنمەي قالدى. تاجىگۈلنىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى: يىراق بىر يەرلەرگە كەتكەنمىدۇ؟ تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالغاندىمۇ؟ ئىككى كۈن كۆرمىگەنگە چىدىمايتتى، نېمە بولغاندۇ؟ ياكى مېنى تاشلاپ... ئۇ خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىدىن ئەنسىزلىك، ئالاقزادىلىك، ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئەنسىز خىياللار تۇيدۇرماي ئۆمۈرنى

www.uyghurkitap.com

يەيدۇ. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تاجىگۈلنىڭ نۇرلۇق چىرايى يىلتىزىدىن قۇرۇۋاتقان گۈلدەك سولغۇن تۈسكە كىرىپ قالدى. ئاخىر ئۇ ئۇنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدى - دە، ئۇلارنىڭ هويلىسىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلدى:

— مەن كېرىمنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقدىشى، — دېدى تاجىگۈل ئالدىغا چىققان كېرىمنىڭ سىڭلىسىغا، — يوقلاپ كېتەي دەپ كەلگەن.

سىڭلىسى تاجىگۈلنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. كېرىم راستتىنلا تۇيۇقسىز ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى، هازىر بىرئاز ياخشى بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ قىزنىڭ كۆڭلى تىندى.

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇلار توي قىلىپ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسىنىڭ مېهرىبان - كۆيۈمچانلىقى، سەممىي - سادىقلىقىدىن ۋە بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئايايدىغان مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىناق بىر ئائىلە دۇنياغا كەلدى. تاجىگۈل هەربىر كۈننى چۈشنى كۈتۈش، چۈشتىن كېيىن كەچنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئەگەر كېرىم چۈش ۋە كەچلىكى ئىشتىن ۋاقتىدا قايتالماي قالسا، تاجىگۈل ئاچ قالسا قالاتتىكى، تامىقنى يېمەيتتى. چۈنكى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ يېگەن غىزا ئۇنىڭ گېلىدىن هەرگىزمۇ ئۆتمەيتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى ئوخشىمايمۇ قالاتتى، لېكىن كېرىم ئۇنى ماختاپ، قالتىس ئوخشاپتۇ، دەپ يەيتتى. ئۇلار كىشلەر زوقلانغۇدەك ئىناق ئۆتۈشۈپ ئۈچ باللىق بولۇشتى. چېچەن خوتۇننى بۆشۈك ئاستىدا

باشلاپ كېلىپ، ئاچچىق-چۈچۈك سىنا دېگەن گەپ بار، تاجىگۈل چاققان-چېچەنلىكىدىن، بالىلىرىنى پاكىز بېقىشتىن، ئۆيىنى رەتلىك، سەرەمجان تۇتۇشتىن قالمىدى. كېرىمنىڭ ياقىسىنى كىر قىلمىدى. ئۇ ھەممە ئىشقا ئاۋۋالقىدەكلا ئۈلگۈرەتتى. كېرىم ئىلاجى بار ئۆيگە كېچىكمەي كېلىشكە ئالدىرايتتى. تاجىگۈلنى ئاياپ، تالا-تۈزنىڭ، ھويلىنىڭ ئىشلىرىدىن، سىرت، ئۆي ئىشلىرىغىمۇ قارىشاتتى. كەچقۇ-رۇنلۇقى تاماقلىرىنى يېيىشىپ، بالىلىرى ئۇخلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇشتىن ئىلگىركى بەگباشلىق چاغلىرىنى ئەسلىشىپ، لەززىتى تەڭداشسىز سۆھبەتلەرگە چۈشۈپ كېتىشەتتى، كۈلۈشەتتى، ھۇزۇرلىناتتى ۋە ئاشۇ چاغلارنى ئەتىۋارلايتتى. خۇددى يېڭىدىن تېپىشقان، يۈرۈشكەن چاغلاردىكىدەك ھېسسىياتلىرى قوزغىلىپ، ھاياجانلىنىپ بىر-بىرىگە مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلىشاتتى. تەقدىرنىڭ ئىككىسىنى قوشقانلىقىدىن رازى بولۇپ، ئۆزلىرىدە چەكسىز بەخت، خۇشاللىق ھېس قىلىشاتتى. مەھەللىدە ئۇلارنى ئەڭ بەختلىك ئائىلە، ئەڭ بەختلىك ئەر-خوتۇن، دېيىشەتتى.

ئەمما كېرىمنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ ئىچىپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى، ئۇ بارا-بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. تاجىگۈل بۇنى تۇرمۇشتا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئىش دەپ، مۇئامىلىسىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى. بىراق كېرىمنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، قىلىقلىرى، ھەۋەسلىرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ھاراقنىڭ تەمىنى ئالايىتەنلا تېتىپ، ئۇنىڭ خۇمارى، ئۆلپەتچىلىك خۇمارى پات-پاتلا تۇتىدىغان بولدى. بارغانسېرى ياشاشنىڭ پەيزى

يىرگىنىدىغان بولدى. ئاشۇ نەپرەت، يىرگىنچ ئىككىسىنى ئۇنىڭغا ئاشپۇزۇللاردا، مەيخانىلاردا قالغاندەكلا، باشقا ئىشلارنىڭ ھېچبىر مەززىسى يوقتەك بىلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن تاجىگۇلنىڭ ھەۋەسلىرى، ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە ئېتىبار قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇلار پارا كېيىملەرنى كىيىپ پات-پاتلا كىنو-تىياتىرلارغا باراتتى، باللىرىنى يېتىلىشىپ سەيلىلەرگە چىقاتتى. ھېسسىيات، ھاياجان قوزغايدىغان مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلىشاتتى، بولۇپمۇ كېرىم شۇنداق ئىدى، ھازىر ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئالامەتلەردىن تاجىگۇلنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ھاڭۋېقىپلا قالدى ۋە: تۇرمۇشنىڭ يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان مۇنداقمۇ نەشتەرلىرى، دەردلىرى بولىدىكەن-ھە، دەپ تولغاندى. بۇنى تۈزىتىشنىڭ يوللىرىنىمۇ ئويلىدى. كېرىمگە ھاراقنى يولى بىلەن ئىچىش، ئائىلىگە، بالىلارغا، ئۆزىگە بۇرۇنقىدەك كۆيۈنۈش، ئېتىبار بېرىش، ئائىلىنىڭ مېھرلىك قويىنىنى ھەممىدىن ئەتىۋار بىلىش ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم تەسىرلىك گەپلەرنى قىلدى، بەزىدە سۆزلەۋېتىپ يىغلاپمۇ تاشلىدى. يۈرۈۋاتقان ۋاقىتتىن تارتىپ ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى ئەسلەتتى، كېرىم ماقۇل دەيتتى، تەسىرلەنگەن-دەك قىلاتتى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە «ئاتام ئېيتقان بايىقى» بولاتتى. ھەربىر كۈن تىنچ ئۆتكىنى يوق، ئۇنىڭ ھەسرىتى، ئازابلىرى جانىغا پاتتى. كېرىم تاپقان پۇلنىڭ يېرىمىنى، بەزىدە ھەممىسىنى ھاراققا، ئۇلپەتچىلىككە خەجلىۋېتىدىغان، يەنە بەزى كۈنلىرى ئۆيگە دەلدەڭشىپ ئارانلا ماڭىدىغان مەست ئۇلپەتلىرىنى

سۇيۇقئاش ئېتىپ بەر دەيدىغان قىلىقلار ئەۋج ئالغىلى تۇردى. ئاچچىق-چۈچۈك سۇيۇقئاش ئېتىدىغان نەرسە ئۆيدە بارمۇ، يوقمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى. كۆندىلىك تۇرمۇشنى — يېمەك-ئىچمەكنى قامداش ئۇنىڭ ئىسگە كەلمەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە قاتتىق-يىرىك گەپلەر بولۇنمىغان ئائىلىدە تىللىشىش، ئۇرۇشۇشلار، ئائىلە جابدۇقلىرىنى بىر-بىرىگە ئېتىشلار يۈز بەردى. بارا-بارا كىرىمنىڭ ئىچمەيدىغان كۈنى قالمىدى. ئۇ ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە، بەزىدە يېرىم كېچىدە، بەزىدە تاڭ ئاتقاندا كېلىدىغان، يەنە بەزىدە كۈنلەپ-كۈنلەپ يوقلىپ كېتىدىغان، ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، بالىلارنىڭ كىيىم-كېچىكى بىلەن كارىمۇ بولمايدىغان بولدى. ياخشى گەپ-نەسىھەتلەرنى ئاڭلىمىدى. كۈنلەپ-كۈنلەپ ئاچ قېلىشلار بۇ ئائىلىدە ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. تاجىگۈل ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سېتىپ بولدى. ئۆيلىنىپ، بالا تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدىغان تۇخۇمنى ئۆزى باسماي تاشلىۋېتىدىغان كاككۇكتەك مۇنداق ئەردىن ئۇ يىرگىنىچكە باشلىدى. ئىتمۇ بالىلىرى بىر نېمە تېپىپ يېيەلەيدىغان بولغۇچە ئۇنى باقىدىغۇ، — دەپ ئويلىدى ئاخىر تاجىگۈل، — بۇنىڭ نەرى ئادەم!...» شۇنچىلىك ئىناق، مېھرىبان، مېھماندەك ئۆتۈشكەن بۇ ئائىلىنى شۇ ھالغا كېلىدۇ دەپ كىممۇ ئويلىغان؟!... تۇرمۇش شۇنداق تاسادىپ، غەلىتە ئەھۋاللارغا بايكى، كىشىلەر تېخى ئۇنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىمىغان ئىشلار كۆپ ئىكەن، مانا ئەمدى ئۇلار بىر-بىرىدىن نەپرەتلىنىدىغان،

www.uyghurkitap.com

ئاجرىششقا ئېلىپ كەلدى. تاجىگۈل ئۆيدىن قۇرۇق بويىنى ئېلىپلا چىقىپ كەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇكام، — دېدى تاجىگۈل ئوغلىنىڭ تەربىيچىسى خەمىتكە تارتىنماي، نومۇسلانماي سۆزلەۋاتقان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دۇنيادا ئەڭ ۋەھشىي، يىرتقۇچ هايۋانمۇ باللىرىنى باقىدىغۇ، ئۇلارغا كۆيۈنىدۇغۇ، چىدىمايدۇغۇ، يولى كەلسە جېنىنى ئاتىۋېتىدۇغۇ... سوت ماڭا: سىزنىڭ ئىش ئورنىڭىز يوق، باللارنى بېقىشتا قىينىلىپ قالىسىز، دېسە، ماقۇل دەپتىمەن، نېمشقا تاشلاپ كەتكەندىمەن؟... بىزمۇ ئادەم بولغاندىكىن، تۇرمۇشنىڭ يولىنى قىلار ئىدۇق، كەچ قويغان خۇدايىم، ئاچ قويماپتۇ دېگەندەك، رىزقىمىزنى بېرەر ئىدى. بالامنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ كېتىشىگە بىر تۇرۇپ ئۆزۈم سەۋەبچى بولدۇممىكىن، دەپ ئويلاپ كېتىمەن... سىزدىن نېمىنى يوشۇراي، كىشلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن، كېلىشكەن قىز ئىدىم، ئۆزۈم يارىتىپ كېرىمگە تەگدىم. ياشلىقىم، گۈزەللىكىم، پۈتۈن ئىشقى - مۇھەببەتلىرىمنى ئۇنىڭغا، باللىرىمغا بەردىم. ئاخىر ئايىغىدا قاراڭا، ئۇنىڭدىن، باللىرىمدىن، چاقناپ تۇرغان ياشلىقىمدىن، ھۆسن - جامالىمدىن ئايرىلىپ، خۇددى ياغاچقا ئويۇپ قويغان ئادەمدەك بولۇپ قالدىم. مېنى ئوتتۇز بەش ياش دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟... ئادەملەر نېمشقا دۇنياغا كېلىدۇ؟ نېمشقا ياشايدۇ؟... مۇشۇنداق سورۇقچىلىق، ۋەيرانچىلىقلارنى تارتىشنى كىم ئويلىغان؟!... ئويلىرىم، ئارزۇلىرىم، ئۈمىدلىرىم نەگە كەتتى؟...

ئۇ كۆكسىنى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر تىنىدى - دە، توختاپ قالدى. ئۇنىڭ مۇلايىم قوي كۆزلىرى جىددىي تۈسكە كىرىپ،

ئېچىنىش، پۇشايماندىن ياندى. قاپقارا كىرپىكلىرىمۇ ئەلەمدىن تولغاندى. خەمىتنىڭ تاجىگۈلگە ئېيتىش ئۈچۈن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان خېلى گەپلىرى بار ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئازابلىق دەردلىرىگە، سولغان چىرايىغا، بىردە يېنىپ، بىردە مەيۈس-لىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭدىن كەچتى ۋە تاجىگۈلگە ئوخشاشلا ئازابلىنىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— قانداق قىلاي، — غەمكىن ئاۋاز، ئېچىنىشلىق ھېسسىياتتا سۆز باشلىدى ئۇ، — ئۆمۈر يولى، تۇرمۇش غېمى ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىكەن، تۇرمۇشقا چىقتىم، بۇ ئېرىم بىلەنغۇ ھازىرچە يامان ئەمەسمەن، ئۇكام. بىراق ئەر يەتتىكەن ئوغۇللىرى، بويىغا يەتكەن قىزلىرى بار ئىكەن، كۆردىڭىزمۇ ئەمدى ماۋۇ دەردنى، شۇلار مېنى پاتقۇزمايۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئۆگەيلىكنىڭ دەردىنى باللار تارتىدۇ دەيدىغان، ياق، مەن تارتىۋاتىمەن، قاراڭ جېنىم ئۇكام، باللىرىم نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ، مەن قانداق كۈنلەرگە قېلىۋاتىمەن؟ كېيىن نە ھالدا قالدى؟... ئۇھ، خۇدايىم، قىسمەتلىرىڭىزدىن ئايلىناي...

خەمىت تاجىگۈلنى ئۇزىتىپ دەرۋازىدىن چىقتى. خۇددى ماتەمدار كىشىدەك بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئۇنىڭ بىلەن خېلى يەرگىچە بىللە يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

× ×

قىزىق ئىش: ئاردىن بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا بەختىيارنى دادىسى يوقلاپ چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ قاچانلا چىقسا مەست چىقىدىغانلىقىنى بۇ يەردىكىلەر ياخشى

بىلەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ پۇلاڭلاپ خۇددى يىقىلىپ چۈشىدىغان-
دەك بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا تاشلىنىپ چىقىپ كەلدى.
— كە، ساقا... بالام...، — دېدى ئۇ ئالدىدا
ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قالغان ئوغلىغا. بەختىيارنىڭ يا
ئېچىنىۋاتقانلىقىنى، يا غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى
بولمايتتى.

— مەن ساڭا سامسا... ئوخشىغان سامسا ئاچىقتىم،
مە، — ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن يانچۇقىدىن
ئىككىسى پۈتۈن، بىرى يېرىم ئۈچ سامسا ئالدى، —
يېۋال بەختى، ئىسسىقىدا...، — يېرىم سامسىنىڭ قىيمىسى
يانچۇقتا تېرىلىپ كەتكەنمۇ، ئىچىدە بىر تالمۇ گۆشى
قالمىغانىدى.

كېرىمنىڭ نۇرى ئۆچكەن ياشاڭغىراپ تۇرغان
كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكىرىپ كەتكەن، چىرايى ئۇززۇن
يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك تېگى - تېگىدىن
سېرىقلىدىغان ۋە ئۇ يەر - بۇ يېرىگە داغ چۈشكەن
بولۇپ، ئۇ ئارانلا پۇت دەسسەپ تۇراتتى. تويغۇدەك
ئىچىۋالغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر گەپلىرى قولاشمايتتى.
ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئوساللاپ كېتىپ بارغانلىقى
مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. بەختىيارنىڭ دادىسىغا
بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە مۇلايىملىق بىلەن
سورىدى:

— ياراڭ قانداق بولۇپ قالدى، دادا؟
— ياخشى، ياخشى... ساقايدى.
— ئەكەلگىنە كۆرۈپ باقاي، — ئۇ دادىسىنىڭ كىر
ھەم تەردىن قېتىپ كەتكەن بۆرۈلكىسىنىڭ پۇچقىقىنى

قايرىدى، — نەدە، ساقايماپتۇغۇ، دادا؟
— ساقايماپتۇما...
— مېنىڭمۇ پۇتۇمغا يارا چىقىپ، دوختۇر دورا بەرگەن، ئىككىلا قېتىم سۈركىسەم ساقىيىپ كەتتى. شۇ دورىنى ساڭا ئاچىقىپ بېرەي، تۇرۇپ تۇر دادا، — بەختىيار يۈگۈرگىنىچە ياتىقىغا كىرىپ كەتتى ۋە ھايال قىلمايلا چىقتى، — مانا، پۇتۇڭنى يىلمان سۇدا پاكىز يۇيۇپ ئاندىن سۈر.
بەختىيارنىڭ كۆزى لىپ قىلىپ ئۆزلىرىدىن يەتمىش-سەكسەن مېتىر نېرىدا، ئېرىق قىرىنى جەينەكلەپ، يېنىچە ياتقان ئىككى مەست ئادەمگە تاشلىنىپ تۇراتتى.
— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئادەملەر بىلەن چىقمىغىنە، دادا، مەن ئىزا تارتىدىكەنمەن، — دېدى بەختىيار.
— ئۇلارمۇچىقتى...ئۇلارمۇ...سېنىيوقلاپ...، — ئۇ دۇدۇقلاپ شۇنداق دېدى - دە، ئۇلارنى بۇياققا كېلىشلار دېگەندەك قىلىپ قولىنى پۇلاڭلاتتى.
— بولدى، دادا، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ نېمىگە چاقىرىسەن ئۇ مەستلەرنى.
بۈگۈن كېرىم ئاشۇ ئىككىسى بىلەن ئاشخانىدا بىللە ھاراق ئىچىشكەن. راسا قايىنىغان چاغدا بىردىنلا ئۇ: مېنىڭ بالام تەربىيىدە... تېخى مۇشتتەك تۇرۇپ... تەربىيىگە چۈشۈپ قالدى، مەن قانداق چىدايمەن... جېنىم بالام... ساقام بالام... دەپ يىغلاپ كەتكەن، باشقىلىرى تەسەللى بەرسىمۇ، ئۇنىڭ يىغىسى بېسىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ: سېنىڭ بالاڭ بىزنىڭ بالىمىز،

www.uyghurkitap.com

يۆرە يوقلايمىز، دەپ ۋارقىرىشىپ، ئېشىپ قالغان سامسلارنى ئېلىشىپ بۇ يەرگە چىقىشقان. ئۇ ئىككىسىمۇ كېرىمنىڭ ئىچمىسە يۆرەلمەيدىغان ئۆلپەتلىرى.

— ھەي دادا، جېنىم دادا، — دېدى بەختىيار يالۋۇرۇش ھەم ئېچىنىش بىلەن، — ھاراققا بۇنداق بېرىلىپ كەتمىگەن بولساڭ، ئاپامۇ كەتمىگەن، بىزمۇ مۇنداق كۈنلەرگە قالمىغان بولاتتۇق...

— بەختى، سەن بىلمەيسەن...، — كېرىم بىر ئاز تېتىكلىشىپ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا تىكىلدى، — بىلمەيسەن... ئاپاڭچۇ، ئاپاڭ مېنىڭ يۈز - خاتىرەمنى قىلمىغان... سەن بىلمەيسەن... ئوغلۇم... بولمىسا مەن بۇنچىلىك بولۇپ كەتمىگەن بولاتتىم، بالام...، — كېرىم بەختىيارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ بىردىنلا يىغلاپ كەتتى، ئۇ دادىسىنىڭ يىغلىغىنىنى زادىلا كۆرمىگەن. ئۇنى ئويلاندۇرىدىغىنى، دادىسىنىڭ ئىچمىسە يۆرەلمەيدىغان ھالغا قېلىشىدا ئاپىسىنىڭ بىرەر مۇناسىۋىتى بارمىكىنە؟ ئۇ نېمىشقا شۇنداق دەيدىغاندۇ؟

كېرىمنىڭ ئىچكۈلۈككە قاتتىق بېرىلىشى سەۋەبىدىن ئەر - ئايال ئىككىسى يىرىكلىشىپ تىللىشىدىغان، ئۇرۇشىدىغان ھالغا كەلگەندە، كېرىم تېخى ئىش — ئوقەتتىن قالمىغان، كۆپ ۋاقتىنى ئاشپۇزۇل - مەيخانىلاردا ئۆتكۈزسىمۇ، قالغان ۋاقتىدا موزدۇزلۇق قىلىپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بەش - ئالتە چالا مەست ئۆلپىتىنى ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاش ئىچىمىز دەپ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى، يانچۇقلىرىدىكى بوتۇلكىلاردا تېخى يېرىم - يارتا ھاراقلارمۇ

بار ئىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن تاجىگۇلنىڭ يەنە چىدىغۇچىلىكى قالماي قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— يوقىلىش! ... ھارىقىڭنى قەيەردە ئىچىشكەن بولساڭ، ئاچچىق - چۇچۇكۇڭنىمۇ شۇ يەردە ئىچىش! مېنىڭ ئۆيۈم قاۋاقخانا ئەمەس! ... بېزىرىپ تۇرۇشسەنغۇ، يوقىلىش دەيمەن!

شۇنىڭدىن كېيىن كېرىمنىڭ ئۆيگە ئادەم باشلاپ كېلىدىغان كۈنىمۇ بولمىدى، ھاراق ئىچمەيدىغانمۇ كۈنى بولمىدى....

كېرىم قايتتى، بەختىيار خۇددى بوراندا قالغان قامغاقتەك كېتىپ بارغان دادىسىنى ئۇزىتىپ قالدى. بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلغان بالا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ياتىقىغا ئىنتىلىك كىردى - دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى ۋە دۇم يېتىۋېلىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ئۇزاق يىغلىدى.

## 8

باسقان قەدەمنىڭ ھەممىسى ئۇچۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ، ئىنسانلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن قەدەملىرىدىن تۈپتۈز ئىزلارمۇ، ئەگرى ئىزلارمۇ قالىدۇ، قالغان ئىزلارنىڭ ئەگرى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۆكۈنگەن ھەم نەپرەتلەنگەن ئادەم ئەمدىكى ئىزلىرىنىڭ قانداق چۇشۇشىگە قاتتىق دىققەت قىلىشى مۇمكىن. بەختىيارنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىگە ئاز قالدى، ئۇ ئەمدىكى ئۆمۈر يولىدا قانداق ئىزلارنى قالدۇرىدۇ؟ بۇنى كىتابخانلار قىياس قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا تاغام چىقتى، — دېدى بەختىيار ئارزۇگۇلگە. ئىككىسى گۇللۇكنىڭ يېنىدا پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇشاتتى، — دادام ھاراقتا بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۈگەپ كېتىپتۇ، ئاپام ئۆيىمىزگە قايتىپ كەپتۇ.

راست، بەختىيارنىڭ ئانىسى تاجىگۇل بۇرۇنقى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنداق بولۇشى تاجىگۇلنىڭ موخۇركېچىلىق قىلىۋاتقان ئىككىنچى ئوغلى ئىلىيار موخۇركا ساتىدىغان تەنزىلىرىنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇپ، بىر كۈندىلا يوقىلىپ كەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆزىدىن چوڭ ئىككى بالا بىلەن گۇاڭجۇغا كېتىپتۇدەك. ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كەتكەن ئىككى بالا كىشلەرنىڭ يانچۇقلىرىغا سەپسېلىپ يۈرىدىغان باللار ئىمىش. ئۇنداق بولسا ئىلىيارنىڭ ئۇ ياققا كېتىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان تاجىگۇل يەنە بىر قېتىم ئازابلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. كەينىدىن كىرىمنىڭ تۇيۇقسىزلا كوچىدا ئۆلۈپ قالغانلىق خەۋىرى تارقالدى. ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان كەنجى ئوغۇل دىليار يالغۇز قالغانلىقى ئۈچۈن، مەھەللە ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئۇنى گۇلشەرىخان مومايىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئايدا ئون بەش سوم بېرىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بەش كىشلىك بۇ ئائىلە توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان تاجىگۇل باللىرىمدىن ئايرىلىپ بولىدىغان ئوخشايمەن دېدى - دە، كېيىن تەككەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىشكە ئۆتتى. ئۆزىمۇ پاتماي تۇرغان بۇ ئائىلىدىن ئاجرىشىپ چىقىش ئانچىمۇ تەسكە چۈشمىدى. كونا ئۆيىگە تېزلا قايتىپ كەلدى. دىليارنى ئۆز باغرىغا ئېلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ

ئازغىنىنە قۇتۇلدۇرۇش پۇلىغا قانائەت قىلىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ناچار تۇرمۇشقىمۇ قانائەت قىلساق، يۈرىكىڭگە چۈشكەن يارىلار ساقىيىشقا باشلايدۇ.

— دادام مۇلايىم، ياۋاش ئادەم ئىدى، — دېدى بەختىيار ئۆزىمۇ مۇلايىم ئاۋازدا، — بىزنى بىرەر قېتىم ئۇرغىنىنى بىلمەيمەن، — ئۇ مەيۈسلىنىپ بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — ھاراق دادامنى ئەكەتتى، بىزنىمۇ ۋەيران قىلىپ تۈگەشتۈرۈۋەتتى.

— سىز نېمىگە مەيۈسلىنەتتىڭىز، سىزنىڭغۇ ئاپىڭىز بار، ئۆيۈڭلارغىمۇ قايتىپ كەپتۇ، ئۇكىلىرىڭىزمۇ بار، مېنىڭ نېمەم بار؟... قىز بېشىم بىلەن تىكەندەك يالغۇزمەن، — ئارزۇگۈل يىغلىۋېتىشكە ئاز - ئاز قالدى ۋە بىگىز بارمىقى بىلەن يەرنى سىجاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىگە ياش ئەگىپ توختاپ قالدى.

غويۇلداپ ئۆتكەن يىللار بەختىيارنىڭمۇ، ئارزۇگۈلنىڭمۇ يېشىنى ئون يەتتىدىن ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يىگىتلىك، قىزلىق قۇرامىنى يېتىلدۈرۈشكە باشلىدى. بەختىيارنىڭ ئېتىگە ئەت قوشۇلۇپ، بويى ئۆسۈپ، بۇرۇتى خەت تارتتى. ئارزۇگۈلنىڭ كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ، بوي - تۇرقىغا سىن كىرىپ، ئىزا تارتىش، نومۇسلىنىش ھېسلىرى ئويدانلا ئويغىنىپ، ئىشقى - مۇھەببەت گەپلىرى بولسا، يۈزى قىزىرىدىغان، يەرگە قارىۋالىدىغان بولدى.

— بەختىيار، — دېدى قىز ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەندەك تەلمۈرۈپ قاراپ، — مۇددىتىمىز ئالتە ئاي

www.uyghurkitap.com

قسقاردى، چىقىدىغان ۋاقتىمىزغىمۇ ئاز قالدى، سىزغۇ ئاپىڭىزنىڭ يېنىغا چىقسىز، مەن نەگە چىقارمەن.

— قورقماڭ، بىر ئىلاجىنى قىلىمىز.

— شۇنى ئويلىسام، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كېتىدۇ... توۋا، نېمانداق ئادەمنىڭ غېمى تۈگىمەيدىغاندۇر...

— بۇنى ئۇنچىۋالا ئويلاپ كەتمەڭ، ۋاقتى كەلگەندە خەمەت مۇئەللىمگە ئېيتىمىز، بىز ئۇچۇن ئۇ ئاز ئەجىر قىلمىغان، ھېلىمۇ ئۇ يەنە بىر ئىلاجىنى قىلىدۇ. راست، ئۇستىڭىزچۇ؟

— ئۇستام مېنى ھازىر ئانچە ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدى. مېنىڭ غېمىمنى قىلمايدۇ.

— نېمىشقا؟ مېنى ماختىدى دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— يېقىندىن بېرى دېگىنىنى، كۆرسەتكىنىنى شۇنداق توغرا، شۇنداق چاققان قىلىدىغان بولۇۋىدىم، خوتۇن كىشىنىڭ قورسىقى تار بولىدۇ دېگەن راست ئىكەن، تۇرۇپلا ماڭا ئۆچ بولۇپ قالدى.

— ئەنسىرىمەڭ، — دېدى بەختىيار، — باشقا ئىلاجىنى قىلالمىساق، بىزنىڭكىگە چىقارسىز، ئاپام بىلەن تۇرارسىز.

ئارزۇگۈل ھويپىدە قىزىرىپ، قانداقتۇر بىر مۇلايىم قىياپەتتە بەختىيارغا ئاستا قاراپ قويدى، بەختىيار بولسا بىپەرۋا ھالدا قاراپ تۇراتتى.

ئىككىسى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئەركىن - بەھۇزۇر

كۆنلەر ھەققىدە كەچكى تاماقتا قوڭغۇراق چېلىنغانغا قەدەر شۇ يەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

× ×

مۇخبىر ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر لاگېرىغا يەنە چىقتى. بۇ، ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. ئۇنىڭ دىمىقىغا قوغۇننىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلۇپ، ئېغىزىغا سېرىقسۇ كەلدى. قوغۇنلۇقتىن ئۈزۈلۈۋاتقان قوغۇنلار كەڭرى لاپاسنىڭ ئاستىغا تىزىلىۋاتاتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قوغۇن سېتىپ بەرسە كېرەك، ئىككىيلەن تارازىلارنى جۆندەۋاتىدۇ، بىرنەچچىسى قوغۇنلارنى سورتلارغا ئايرىۋاتىدۇ.

مۇخبىر شۇ يەردە خەمىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ بۇ قوغۇنلارنى باللارنىڭ يېتىشتۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ياراتقان باشقىمۇ بايلىقلىرى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ يەنە مۇخبىرنىڭ ئۇزاق يوقلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى تەربىيلەشتە بەزىبىر يېڭىلىقلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى سۆزلەپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانلىقىنىمۇ ئېيتتى.

شۇ چاغدا ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان باللارمۇ قايتتى. ھەممىسىنىڭ قولىدا بىردىن قوغۇن، يۈز - كۆزلىرى تەرلەپ، قىزىرىپ كەتكەن، چىرايلىرىدا شادلىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مۇخبىر ئۇلارغا سەپسىلىپ قارىدى، ئۇلار قىزىق گەپلەر، كۈلكىلەر بىلەن كېلىشمەكتە ئىدى، قىزلار ئۇنى كۆرۈپ يەرگە قارىۋېلىشتى. ئۇ بۇ يەردىكى

www.uyghurkitap.com

نازارەتچىلەر ئۇلارنىڭ قولىدىكى قوغۇنلارنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدى، ياق، ئۇنداق قىلمىدى، ئۇلار قوغۇنلىرىنى كۆتۈرۈشكەن پېتى كۈلكە - پاراڭلىرى بىلەن ياتاقلىرى بار قورۇغا يوغان تۆمۈر دەرۋازا ئارقىلىق كىرىپ كېتىشتى.

خەمت تورلىشىپ پىشقان كۆكچىدىن بىرنى ئالدى-دە، مۇخبىرنى باشلاپ بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى. قوغۇنغا پىچاق تېگىشى بىلەنلا يېرىلىپ كەتتى، ئىككىسى ئۇنى تۆگەپ كەتكۈچە ماختاپ يېيىشتى. مۇخبىر بۇ قوغۇنلارنى يېتىشتۈرۈشتە باللارنىڭ نۇرغۇن ئەجىر قىلىپ تەر تۆككەنلىكىنى ھېس قىلدى. خەمت قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنى ئالايتەن ئېلىپ قويدى.

— شۇنچە سەپسىلىپ قاراپمۇ ھېلىقى ئويچان بالىنى چېلىقتۇرالمىدىمىغۇ؟ — دېدى مۇخبىر.

— ھە، بەختىيارنى دەمسىز، مېنىڭمۇ سىزگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغىنىم شۇلار توغرۇلۇق ئىدى، — خەمت ئولتۇرۇپ يېنىدىن تاماكا ئالدى، ئىككىسى قوغۇندىن كېيىن پەيزى قىلىپ چېكىشتى، — ئىسلاھات شامىلى بىزنىڭ باشلىقلارنىمۇ تەۋرەتتى، ئۇلارمۇ قوزغالدى. بۇ يەردىن مۇددىتىنى تولدۇرۇپ چىقىدىغان باللارنىڭ ئىستىقبالىنىمۇ ئويلىدى، ئىزدەندى...

خەمتنىڭ نەزەرىدە كېسىلگەن باللارنىڭ مۇددىتىنى تولدۇرۇپ چىقىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ چىققاندىن كېيىنكى ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى بىلەن كارى بولماسلىقنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك ئىدى. ئەڭ ياخشىسى ئۇلار بۇ يەردىن جەمئىيەتكە

ھۇنەرۋەن بولۇپ چىقىپ كېتىشى كېرەك. شۇ چاغدا جەمئىيەتكە چىققاندا تەمتىرىمەي، ھالال ياشاشقا ئىگە بولىدۇ. يەنە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدا مۇنۇ ئىككى خىل ئۇسۇل بار: بىرى، مەشەگە ھۇنەرۋەن - ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ بالىلارغا ھۇنەر ئۆگىتىش؛ يەنە بىرى، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل كەسىپىي كارخانىلار ۋە ھەرخىل ھۇنەرۋەنلەر بىلەن سۆزلىشىپ توختام تۈزۈپ، ئىپادىسى ياخشى بالىلارنى شۇلارغا شاگىرتلىققا بېرىش.

— بىرنەچچە يىل بۇرۇن يۇقىرىغا بەرگەن پىكرىم ماقۇل تېپىلغان، — دېدى خەمت، — ھازىرچە ئىككىنچى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئىپادىسى ياخشى بالىلاردىن ئىككى قىز، ئالتە ئوغۇلنى ئاجراتقان، ئىككى قىزنى تىككۈچىلىك كارخانىسىغا، تۆت ئوغۇلنى ئاياغ كىيىم كارخانىسىغا، يەنە ئىككى ئوغۇلنى شەخسىي ناۋايلارغا شاگىرتلىققا بەردۇق. بۇ بىرىنچى قېتىملىق سىناق رېتىدە قوللانغان ئىش، ئەمما ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بۇ سەككىز بالا ئوقۇش، ئەمگەك ھەم باشقا ئىشلاردا ئىپادىسى ھەقىقەتەن ياخشى بالىلار ئىدى. ئۇلار ئەتىگەنلىكى بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، ئىككى كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، ئاپتوبۇسقا چىقاتتى - دە، يەنە ئۈچ كىلومېتىر يول بېسىپ شەھەرگە كىرىپ، ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرىغا تارقىلاتتى. چۈشتە ئەكەلگەن نېنىنى بىلەن چاي ئىچىپ، كەچتە تاماققا ئۈلگۈرۈپ لاگېرغا قايتىپ چىقاتتى. ئۇلارنىڭ بىر يىللىق توختام بىلەن

ئۆگىنىۋاتقىنىغا ئۇن ئاي بولۇپ قالغانىدى.

— سىز سورىغان ئۇيچان بالا — بەختىيار شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تېز، ئەڭ ياخشى ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقىنى، — دېدى خەمىت ئىپتىخار بىلەن، — ھازىر ئۇستىسى دۇكان ئايرىپ بەرسەم ناۋايلىقنى ئۆزى پۈتۈنلەي مۇستەقىل قىلىپ كېتەلەيدۇ، دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيچان ھاياتىغا ئەمدى شادلىقمۇ قوشۇلىدۇ.

خەمىتنىڭ ئاق - سېرىق، يېقىملىق چىرايىدىن قەتئىيلىك، جاسارەتلىك روھ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆز پىكرىنىڭ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلىرىنىڭ ياخشى نەتىجە بېرىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى ۋە ئاشۇ خۇشاللىقنى مۇمكىنقەدەر شەرھلەپ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۆتكەن قېتىمقى كۈچەپ سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ نوقۇل قارا ئەمگەككىلا قىلىشقا قارشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولاتتى. ئۇ ئەمدى يەنە كىچىككىنە بالىلارنى دېھقانچىلىق، كۆكتاتچىلىققا سالغاندىن كۆرە، بىر ياقتىن ئوقۇش، بىر ياقتىن مەشەددە ھۈنەر ئۆگىنىش، مەسىلەن، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق، تىككۈچىلىك، ساتىراشلىق سېخلىرىنى قۇرۇش، ئۇستىلارنى سىرتتىن تەكلىپ قىلىش، ئاستا - ئاستا ئۆز ئىچىدىن ئۇستا يېتىشتۈرۈش ھەققىدە يەنە بىرمۇنچە پىلانلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

— بىز ھازىر بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى تەن جازاسى بېرىش، قوپاللىق قىلىش، ئۆزۈمنىڭكى توغرا دەپ ئۇلارنى مەجبۇر كۆندۈرۈش، ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتمەسلىككە ئوخشاش ئۇسۇللىرىمىزنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ

قىلىپ ئۆزگەرتتۇق، — دېدى خەمەت يەنە بىر مەسىلىگە ئۆتۈپ، قىسقا، قارا قاشلىرىنى چىمىرىپ قويۇپ، — ئاتىنىمۇ تېز ماڭمىدى، دەپ ئۇرۇۋەرسەڭ چىچاڭشىيدۇ، تېپىدۇ، چىشلەيدۇ؛ باش - كۆزىنى سىيلاپ، سىلىق مۇئامىلە قىلساڭ، بولدۇرۇپ قالغىنىمۇ ماڭىدۇ. خاتالىق - سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى تىللىدۇق، ئۇردۇق... ئادەم دېگەنمۇ قىزىق نەرسە ئىكەن، بىز بىلەن قېرىشىپ، خاتالىقنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، خاتالىق - سەۋەنلىكلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارغا كۆيۈنۈپ، مېھرىبانلىق كۆرسىتىۋىدۇق تەسىرلەندى، يەيلىدىن ياندى، ئۆزگەردى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھازىر ئىشەنچلىك ئادەملەرگە ئايلىنىۋاتىدۇ.

خەمەت سۆزلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يەنە مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى:

— ئىككى ئايدىن كېيىن بىر چىقىڭ، مۇددىتى توشقان سەككىز بالىنى يەنى سىرتتا ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقانلارنى قويۇپ بېرىمىز، ئۇلارغا ھۈنەر ئۆگەتكەنلەر بىلەن تونۇزگەن توختامىمۇ شۇ كۈنى توشىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يىغىلىقنى ئالاھىدە داغدۇغا بىلەن نامايىش قىلماقچىمىز، چىقىڭ، شۇ كۈنى بالىلارنىڭ چىرايىغا سەپسىلىڭ، ھېسسىياتىنى بايقاڭ، كۆزىتىڭ...

مۇخبىر ئىككى ئايدىن كېيىن چىقتى. بىراق ئۇ كېچىكىپ قالدى، ئۇلارنى ئۇزىتىش ئاخىرلاشقانىدى. خەمەتكە ئۆزرىخاھلىق قويدى. خەمەتنىڭ يېنىدا بەختىيار بىلەن يەنە بىر قىز، ئىككى ئوغۇل بالا تۇراتتى. بۇلار

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردىن ئۈزۈلمەي ئېقىۋاتقان ئوتسىز ئېنىرگىيە. بەختىيارنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، ھېلىقى خىيالچانلىقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان، بۇغداي ئۆڭ يۈزىدە، يېقىملىق قارا كۆزلىرىدە ۋە قىزلارنىڭكىدەك نېپىز لەۋلىرىدە خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇلار ئەتە ئەتىگەن بۇ يەردىن ئايرىلىدۇ، — دېدى خەمىت كۈلۈپ، — بەختىيارغا ئۈستىسى ئەتىلا دۇكان ئايرىپ بەرمەكچى، بىرقۇر دۇكان سايمانلىرىنى تەييارلاپ قويۇپتۇ. مۇنۇ قىزىمىز — ئارزۇگۇل ئۇستا ماشىنىچى بولۇپ يېتىشتى. بىر ئاياغ ماشىنىسى بىلەن بۇ قىزىمىزنى ئۆزىنىڭ ھۈنەر ئۆگەنگەن دۇكىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇق.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمدىكى تۇرمۇش يولىغا مۇستەقىل، ئەركىن قەدەم بېسىش ئۈچۈن تەييارلانغان قىز - يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا خۇشاللىق، رازىمەنلىك ئالامەتلىرى ئېپادىلىنەتتى. ئۆمۈرنىڭ شۇنداق خۇش خۇي، شادچاغلىرى بولىدىغانلىقىنى ئۇلار ئەمدىلا ھېس قىلىشقانىدى. ئەتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى خۇددى ھېيتنى كۈتۈۋاتقان بالىلاردەك كۈتمەكتە ئىدى.

مۇخبىر كۆپ ئولتۇراي دېگەندە قايتتى. بەختىيار بىلەن ئارزۇگۇلمۇ ئۇنىڭ بىلەن شەھەرگە ماڭدى.

— ئاپامنى كۆرۈشكە ماڭدىم، — دېدى بەختىيار ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ، — ئەتىگىچە تاقەت قىلالمىدىم.

— سىزچۇ؟ — دېدى ئۇ ئارزۇگۇلگە، — سىزنىڭمۇ تاقەت قىلالماي مېڭىشىڭىزمۇ؟

— ياق، مېنىڭ ئاتا - ئانام يوق...، — دېدى

قىز مەيۈسلۈك بىلەن، — بەختىيارنىڭ ئاپىسنى بولسىمۇ كۆرۈپ كېلەي دەپ كېتىۋاتىمەن.

— مۇنداق دەڭ... مەيۈسلەنمەڭ، قىزچاق، — دېدى ئۇ، — بەختىيارنىڭ ئاپىسنى ئاپا قىلىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ...

ئاۋۋال ئارزۇگۈل، ئاندىن بەختىيار ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈچۈق كۆرۈنۈپ تۇرغان شەپەق قىزىللىقىدەك قىزىرىپ كەتتى ۋە يەرگە قارىۋالدى. بۇ گەپنى ئۇ ئاتا-ئانىسىز يېتىم قىزغا ئىچى ئاغرىپ مۇنداقلا دەپ قويغان، ئۇلارغا باشقىچە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغان ئىدى.

— گۈلشەرىخان موما!...

ئۇلار تەرەپكە كېلىۋاتقان مومايغا قاراپ بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى بەختىيار.

— ۋاي، جېنىم بالام، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ،... — پايپاسلاپ يېتىپ كەلگەن موماي ئۇنىڭ پېشانىسىغا يېنىش-يېنىشلاپ سۆيدى، — سېنى تاجىگۈل ئەتە چىقىدىكەن، ئالدىغا چىقايلى دېۋىدى، ئەتەڭنى قوي، هازىرلا چىقىمەن، دېدىم-دە، بۇ ياققا چاپتىم... پاھ، كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپسەنغۇ بەختىيار، قارا سېنى... ئاشۇ يىللىرى كىچىككىنە بالا ئەمەسمىدىڭ...، — موماي بىرنېمىنى ئەسلىگەندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ قالدى، — ئاشۇ يىللار... بوپتۇ، سەن گۆدەكتىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىللارنى رەنجىتىپ قويۇش ئۆز مەيلىڭمۇ ئەمەستى...

— شۇنداق موما، ئاشۇ يىللار مەندىن رەنجىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەن، ئەمدىكى يىللار كۈلۈپ ئۆتىدۇ.
— يارايسەن، ئوغلۇم، كۈلگەندىمۇ قاقاقلىتىپ كۈلدۈرۈۋەت!
مومايىنىڭ گېپىگە ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

1988 - يىل دېكابىر، غۇلجا.

# ئادەملەر، ماگا رەھىم قىلماگلار

ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى كىر ھەم يىرتىلغان، كۆزلىرى ياش يۇقى، بېشىدىكى ئۆگۆپ كەتكەن سوكنا شەپكە-سىنىڭ چەت-چۆرىلىرى قىرقىلغانىدى، قەددى-قامىتىدىن ئەسلىدە كېلىشكەن ئادەملىكى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ھازىر پۈتۈنلەي مۈكچىيىپ قاپتۇ.

— گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرى سىز بولامسىز؟— دېدى ئۇ.

— شۇنداق، — دېدىم مەن ۋە سەل ئەيمىنىپراق ئورۇن كۆرسەتتىم، — كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ.

ئۇ يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇردى-دە، كۆكسىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر تىندى. ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ قايغۇلۇق ئىدى.

— بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى يازامدىكىن دەپ كىرىۋىدىم، — دېدى ئۇ ماگا تەلمۈرۈپ قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پەرىشان ئۇچقۇنلار كۆرۈندى.

— قانداق ۋەقەلەر؟

— سۆزلىگىنىدە بىلىسىز.

— مەيلى...، — مەن سەل ئارىسالدى بولۇپ

جاۋاب بەردىم، — سۆزلەڭ، ئاڭلاپ باقاي.

ئۇ تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن تاماكا يۆگەشكە كىرىشتى، لېكىن ئۇنىڭ تاماكا ئۇسسدا سېرىقداپ كەتكەن قوللىرى زادىلا قولاشمايتتى.

ئۇ سۆزلەشكە كىرىشتى، مەن يېزىۋاتقانلىرىمنى سەل نېرىراق سۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.

ئۇ سۆزلىگەنسېرى مەن بىرىلىپ كەتتىم، ئاۋۋال رايىنى ياندۇرماي، ئاڭلاپ قويىمامدىم، دەپ ئويلىغان بولسامۇ، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرى ئىختىيارىمنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە تارتىۋالدى. ۋەقەلىك تازا جىددىي يېرىگە كەلگەندە چۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئاشخانىغا كىرىپ تاساق ئاچىقتىم، ئۇ تاماقتىن ئازراقلا يېدى-دە، كۆڭلۈم تارتمايدۇ، دەپ قالغىنىنى يېگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ يەنە سۆزگە كىرىشتى. ئەمدىكى ۋەقەلەرنى ئۆپكىدەپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى. بەزىدە سۆزىدىن توختاپ قېلىپ، خۇددى دەيدىغان گېپىنى تاپالمايۋاتقان بالىدەك قىينىلاتتى. چۈشتىن كېيىن، كۆن قايرىلغان چاغدىلا سۆزىدىن توختىدى.

ئىككىمىز بىر هازاغىچە گويا هازىدار ئادەمدەك باشلىرىمىزنى سىلىپ، جىمجىت ئولتۇرۇشۇپ كەتتۇق. ئۇ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى يېڭى بىلەن ئېرتتى-دە، ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

— دەيدىغانلىرىم مۇشۇ، ئۇكا، — دېدى ئۇ ماڭا يالۋۇرغاندەك قاراپ، — تېزرەك يېزىپ چىقىشىڭىزنى تىلەيمەن.

— يازىمەن، ئەلۋەتتە يازىمەن! — دېدىم مەن بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ.

— ئىسىم-فامىلەمنى، خىزمەت ئورنۇمنى يېزىڭ. كىشىلەرنىڭ ماڭا نەپرەت ياغدۇرۇشىنى، يۈرىكىمگە چۈشكەن ساقايماس ئىككى تال يارىنى كۆپەيتىۋېتىشىنى، يۈزگە، مىڭغا يەتكۈزۈۋېتىشىنى ئىستىمەيمەن.

مەن ئېچىنىپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— ياق، مەن ئەركىنرەك يېزىشىم كېرەك. ئىسىم-فامىلىڭىزنى، خىزمەت ئورنىڭىزنى يازسام، بەزى چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ قالىمەن ھەم ئۇنداق يېزىلسا — سىز كىشىلەرگە پايدىسى تەگسۇن دەۋاتىسىزغۇ — ئۇ چاغدا ئۇنۇمى ئازراق بولۇپ قالىدۇ.

— بۇ ئىختىيارىڭىز ئۆزىڭىزدە، — دېدى ئۇ، — بىراق ئوچۇق يېزىلسا، مەن ئۈچۈن ياخشى بولغان بولاتتى.

## 1

پازىلجان قەددى-قامىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى. رەتلىك كىيىنىپ، ئۆزىنى پاكىز تۇتۇپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، «پازىل پەرداز»، «پازىل چېچەن» دېگەن لەقەملىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئېغىر-بېسىق، ئەخلاقلىق قىزغا ئۆيلىنىمەن دەپ يۈرۈپ يىگىرمە يەتتە ياشقىمۇ كىرىپ قالدى، شۇنىڭغىچە تېپىلغان لايىقلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ ياراتمىدى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان قىزلارنىڭ بىرەرىگىمۇ كۆڭلى چۈشمىدى. بەزىسىنى مىجەزى ئىتتىك ئىكەن، ئۇنداق قىز بىلەن ئۆي تۇتساڭ،

جاڭجالدىن خالىي بولالمايسەن، دەپ قارىدى؛ بەزىسىنى كۆزى ئىتتىك ئىكەن، ئۇنداق قىزنىڭ كەينىگە يىگىتلەر كۆپ كىرىۋالىدۇ، بېشىنى ئايلاندۇرىدۇ، ئايىنتىدۇ، تېخى دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدۇ، دەپ ھېسابلىدى؛ بەزىسىنى جاۋۇلداق ئىكەن، كۆپ سۆزلەيدىكەن، ئۇنداق قىزنىڭ گەپ-سۆزىنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ، دېدى؛ يەنە بەزىسىنى ياخشى-يامىنىنى ئانچە پەرق ئەتمەيدىكەن، ئۇنداق قىز ۋاپاسىز بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ قىزلاردىن تاپقان نۇقسانلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ، يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى. ئاخىر ئۇ يىگىرمە سەككىز ياشقا تولغاندا، كۆڭلىدىكىدەك بىرى تېپىلىپ قالدى. ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تەربىيىلىنىپ چوڭ بولغان، گۈلنار ئىسىملىك ئاق-سېرىق، مۇلايىم، تارتىنچاق قىزنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆردى-دە، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا ئۆيلەندى.

شۇنىڭدىن كېيىن پازىلجان بىلەن گۈلنارنىڭ تۇرمۇشى يېپيېڭى دۇنياغا كۆچكەندەك، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى لەززەتلىك بىر ئېقىم چۇلغىۋالدى. خۇددى گۈلنار پازىلجان ئۈچۈنلا يارالغاندەك، پازىلجانمۇ گۈلنار ئۈچۈنلا يارالغاندەك ئىناق ۋە ئامراق تۇرمۇش باشلاندى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئامراقلىقى، ئىناقلىقى ھەم سەممىي ۋاپادارلىقى ئورتاق كۆڭۈل ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ بارماقتا ئىدى.

كىم تۇرمۇشتىن رازى بولسا، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. پازىلجان يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگۈچە قىز تاللاپ، ئاخىر گۈلنارغا ئۆيلەنگىنىگە قانچىلىك رازى

بولغان بولسا، گۈلنارمۇ ئوچۇق مىجەزلىك، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان ئەرگە تەگكىنىگە شۇنچىلىك خۇش ئىدى، تۇرمۇشىدىن، بەختىدىن رازى ئىدى. ئۇلار مۇشۇ كۈنلەرگە قاراپ، تۇرمۇشىنىڭ گۈل ئۈستىگە گۈل بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

يەكشەنبە كۈنى، سەھەر تۇرغان گۈلنار خېمىر يۇغۇرۇپ، ئىككى تونۇر نان ياقتى، ئاندىن ئەتىياز ئاپتىپىغا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى ھەپتىدىن بېرى يىغىلىپ قالغان كىرلەرنى يۇيۇشقا كىرىشتى. ھويلىنى، دەرۋازا ئالدىلىرىنى سۈپۈرۈپ، گۈل تېرىش ئۈچۈن ھويلىنىڭ چەت-چۆرىلىرىگە چۆنەك تارتىپ، ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغان پازىلجان يۇندىنى تۆكۈۋېتىش ئۈچۈن داسنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

— ۋىيەي، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، — دېدى گۈلنار پازىلجانغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — ئەر كىشىمۇ يۇندا تۆكەمدۇ؟

— نېمە بولىدۇ؟

— سەت بولىدۇ، قويۇڭ، ئۆزۈم ھازىر تۆكۈۋېتىمەن.

— سىز يېتىشەلمەيۋاتىسىز.

— كىشىلەر كۆرسە نېمە دەيدۇ؟ خوتۇنىنىڭ كىرىنى يۇيىدۇ، يۇندىسىنى تۆكىدۇ، بۇ قانداق ئەردۇ دېمەمدۇ؟

— ھەر ئىككىسى خىزمەتچى بولغاچقا، ئائىلە ئىشلىرىنى تەڭ قىلىشىدىكەن دەر.

— ھەي پازىلجان، ئۇنداق دەپ تونۇيدىغانلار ئاز...

پازىلجان ئېغىر داسنى كۆتۈرگىنىچە، ھويلىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ نىمە قىلارىنى ياكى داسنى كۆتۈرۈپ تالاغا مېڭىشىنى، ياكى ئۇنى قويۇپ قويۇشىنى بىلمەي قالغانىدى، گۈلنار ئىككى قولىنى قولتۇقىغا تىقىپ ئېرتىپ، ئىتتىك كېلىپ داسنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋالدى. شۇ چاغدا پېشايۋاندىكى بىر جۈپ پاختەك سايراپ كەتتى، گۈلنار قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، پازىلجانمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— كىشلەر سىزنىڭ يۇندا تۆككەنلىكىڭىزنى كۆرسە، پاختەكنىڭ بۇ قورۇدا سايرىشى بىكار ئەمەس ئىكەن، دەيدۇ-دە. ①

مانا ئەمدى ئىككىسى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ پاختەكنى چۆچۈتىۋەتتى.

— ئىشىڭىز قالغان ئوخشايسىز، — دېدى گۈلنار چاق-چاق ئارىلاش، كىر يۇيۇشقا ئولتۇرۇپ، — سىزگە تازا مۇۋاپىق ئىش تېپىپ بېرەيمۇ؟

— ماقۇل، قېنى؟

— ئۆيگە كىرىپ، قولىڭىزغا كىتابىنى ئېلىپ، بېشىڭىزغا ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ئوقۇڭ يا بولمىسا يېنىمدا ئولتۇرۇپ ئوقۇڭ، مەنمۇ ئاڭلاي.

گۈلنار كىرلىرىنى يۇيۇپ چايقاپ بولۇپ يېيىۋەتتى، ئۇ ئۆزىدە قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە تېز ۋە چاققان ئىدى، چىرايىدىن يەنىلا يىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. كۆكۈللۈك ئىش ئادەمگە جۇشقۇن روھ بەخش ئېتىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن

① خەلق ئىچىدە پاختەك خوتۇندىن قورقىدۇ، دەپ سايرايدۇ دېگەن گەپ بار.

ئۇ قازان باشلىرىنى سۈۋاش، ئۆينىڭ چۆرىلىرىنى ئاقارتىشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ، ئۇنىڭ توققۇز يېشىدىن تارتىپ قىلىپ، ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىشلىرى ئىدى.

مۇشۇنداق بىر قاتار ئىشلار ئۇنىڭ يېنىك ھەرىكەتلىرى بىلەن پۈتكەندىن كېيىن، ئۇ پازىلجاننىڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقى — جۇۋاۋا ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، گۈلنار قاچا-قومۇچلارنى يۇيۇپ بولۇپ، رادىئو ئاڭلاۋاتقان پازىلجاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن تازىمۇ ھېرىپ كەتتىڭىز - ھە؟ — دېدى پازىلجان گۈلنارغا ئامراقلىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن تىكىلىپ.

— ياق، قىلچە... ئۆزۈمنى شۇنداق يېنىك سېزىۋاتىمەن، — ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرىگە بېقىلغاندا، ھەر ئىككىسى كۆزلىرىدە ئوتلۇق مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى... پازىلجان ئىختىيارسىز ھالدا گۈلنارنى قۇچاقلىۋالدى. مۇنداق چاغلاردا گۈلنارنىڭ تارتىنچاقلىقى ھامان قوزغىلاتتى. ئۇ يەرگە قارىۋالدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، لېكىن بوش ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ئۇنداق قىلماڭا...

— نېمىشقا؟

— ئىزا تارتىدىكەنمەن.

راستىنلا نومۇسلىنىپ، يۈزلىرى ئوت ئالغان گۈلنار تىترەپ كەتتى، لېكىن پازىلجاننىڭ شۇنداق قىلىشىنى — قۇچاقلىشىنى خالايتتى.

— پازىلجان؟
— ھە.
— كۆڭلۈمگە بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ. ئېيتايمۇ؟
— ئەلۋەتتە ئېيتىڭ.
— ئىككىمىز ئوخشاش رەڭدە — قارا كۆك سارجىدىن، سىز كاستۇم-بۇرۇلكا، مەن پىلاتىي-يوپكا كىيسەك قانداق دەيسىز؟
— كۆڭلۈمدىكىدەك گەپ قىلدىڭىز.
— قاچان دېمەمسىز؟ رەختنى ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە ئالىمىز، دەرھاللا ئۇستا ماشىنىچىغا بېرىمىز. نىمانچىلا ئالدىراش دېمەمسىز؟
— ھە، نىمانچىلا ئالدىراش؟
— قاراڭ، ھازىر قورسىقىمدىكى بالا تۆت ئايلىق بولدى، — دېدى گۈلنار بېشىنى كۆتۈرمەي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يەنە بىر-ئىككى ئايدىن كېيىن كىيىم ئۆلچەپ تىكتۈرۈشكە ئەپلىك بولمايدۇ. ھېسابلاپ باقسام، بالىمىز تۇغۇلۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن قۇربان ھېيت كېلىدىكەن، ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككىمىز ئوخشاش كىيىنىپ، بالىنى چىرايلىق ئورايمىز، ئۇنى سىز كۆتۈرىسىز، مەن يېنىڭىزدا يېقىن ماڭىمەن، كوچىلارنى ئايلىنىمىز، باغچىلارغا بارىمىز...
يېڭى تۇرمۇش قۇرغان، باللىق بولغان ياش ئاياللاردا مۇنداق ئارزۇنىڭ بولۇشى، ئۇلارنىڭ باللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى پازىلجان ئوبدان بىلەتتى ھەم مۇنداق ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئايالىدا

بۇنداق ئارزۇنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە سۆيۈندى:

— ماقۇل، ئەتىلا بازارغا چىقىپ، سىز دېگەندەك ياخشى سارجىدىن ئېلىپ، ماشىنىچىغا بېرىۋېتەيلى، — دېدى ئۇ.

قىزىقارلىق ھەم سەممىي پاراڭ كۆڭۈللۈك بولدۇ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالسەن. ئۇلار شۇنداق شېرىن ئارزۇلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ كېتىشتى. گۈلنار پازىلجاننىڭ ئۆز كۆڭلىدىن چىقىۋاتقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەر-ئايالنىڭ پىكرىنىڭ بىردەكلىكى ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس ئىدى.

## 2

كۆڭۈل خالىغان ۋە كۆڭۈلگە ياققان ئىش ئۈچۈن قەدەم تاشلاش كۆڭۈللۈك، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم ھارغىنلىق ۋە ئاۋارىچىلىك ھېس قىلمايدۇ. پازىلجان بىلەن گۈلنار ئالىي سورتلۇق قارا كۆك سارجا ئىزدەپ ئۈچ-تۆت سائەت بازار ئارىلىدى، ئەمما ھارمىدى، چارچىمىدى، ئاخىر كۆرۈمسىز بىر ماگىزىندىن دېگەندەك سارجىدىن تۆت يېرىم مېتىر ئالدى-دە، شەھەر بويىچە داڭلىق ماشىنىچىخانىلارنىڭ بىرىگە ئەكىردى. ماشىنىچىخانىنىڭ كېسىمچىسى ئادەم ئەيمەنگۈدەك گۈزەل ئايال ئىدى. پازىلجان سارجىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئېمىلەرنى تىككۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، كېسىمچى ئايال

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رەختنى ئۆلچەپ كۆرۈپ:

— ئىككىڭلار پارە قىلىپ كىيمەكچىمۇ؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— شۇنداق.

كېسمچى ئايال ئىچىدە مۇنۇلارنى ئويلاپ قالدى: تووا تەڭشەلمىگەن ئالەم، شۇنچە كېلىشكەن، چىرايلىق يىگىتكە مۇنۇ سىدام ياغاچقا كىيىم كىيدۈرۈپ قويغاندەك ئەرۋاھىنى جۈپلىگەن تەقدىر، ھەي تەقدىر - تەقدىر... ئىككىسى بىر-بىرىدىن كىيىمدە ئون ياش پەرقلىنىدىغاندەك تۇرىدۇ، كىچىكلىكىگە قىزىقالامدۇ يا ئىككىنچى ئۆيلىنىشمىدۇ؟...

كېسمچى ئايال سانتىمېتىر ئېلىپ گۈلنارنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى ئۆلچەۋاتقاندا، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدى-دە، گۈلنارنىڭ كۆزىگە «لاپ» قىلىپ قارىدى، گۈلنارمۇ ئۇنىڭ مەنىلىك قارىشىنى سېزىپ قىزىرىپ كەتتى ۋە پەس ئاۋازدا:

— بېلىمنى سەل-پەل تارراق ئالسىڭىز بولارمىكىن، — دېدى يەردىن بېشىنى ئالالماي.

ئاندىن كېسمچى ئايال پازىلجاننىڭ بويىغا سانتىمېتىر سېلىشقا باشلىدى. مەيدىسىنى ئۆلچىگەندە، ئالدى-كەينىگە ئۆتۈپ ئۆلچىدى، كەينىدىن ئۆلچىگەندە، سانتىمېتىر تۇتقان قولىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ، ئىككىنچى قولىنى قولتۇق ئاستىدىن ئېلىپ، سانتىمېتىرنى تارتىش ئارىلىقىدا بىر-نەچچە سېكۇنت ئايالنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كۆكسى پازىلجاننىڭ دۈمبىسىنى غىدىقلاپ تەۋرەندى... ئۇ كەينىگە بۇرۇلغاندا پازىلجان ھېلىلا دۈمبىسىنى غىدىقلاپ ئۆتكەن ئۇنىڭ تولۇق

كۆكسگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن قاراپ قويدى. ماشىنىچى ئايالنىڭ تۇيغۇن كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ نەگە تىكىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى ۋە سانتىمېترنى كەگرەك قويۇۋېتىپ، پازىلجاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. كۆزى ئىتتىك ئادەمگە قارىماق تەس. پازىلجان ئايالنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئۆزىنىڭ كۆزىگە سانجىلىۋاتقاندەك، كۆزىنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى يۈرىكىنى تېشىۋېتىدىغاندەك ئۇنىڭغا ئاران بىرلا قېتىم قارىيالىدى، لېكىن شۇ قارىشىدا ئايالنىڭ كۆزىدىن كىشى مەيلىنى ئويغاتقۇچى يېقىملىق بىر نۇرنى غىل-پاللا كۆرۈپ قالدى ۋە شۇ ھامان بەدىنىدە يېنىك تىترەشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى.

— باھاسى ئۇستۇنرەك بولسىمۇ، ياخشىراق ئۇستىنغا تىككۈزۈپ بەرسىڭىز، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداقتا ئۆزۈم تىكىشىم كېرەك، — دېدى ئايال ئويلىنىپ، — كىيىم دېگەن تىكىش تاپمىسا بىكار، بىراق قولۇمدا ئىشىم كۆپ، كېچىكىپ كەتسە مەيلىمۇ؟

پازىلجان گۈلنارغا قارىدى.

— مەيلى، — دېدى گۈلنار، — ئىككى-ئۈچ ئاي كەتسىمۇ مەيلى.

— ئەمسە ئىككى ئاي... ياق ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىتتا پىرمىرىكىنغا كېلىڭلار، ئاۋۋال ئەستەرلىك-سارۇچكىلار-نى ئەكىلىۋېتىشىڭلار كېرەك.

— قاچانراق ئەكەلسەم بولىدۇ؟

ماشىنىچى ئايال ئويناق كۆزلىرى بىلەن پازىلجانغا يەنە بىر تىكىلىپ قاراپ:

— تېز بولغانىنىڭ زىيىنى يوق، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

شۇ ئارىلىقتا دۇكانغا يۈزلىرى پارقىراق، بويىنى قىسقا، كۆلۈپ تۇرىدىغان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

— سالام ئەختەرنىسا، بۈگۈنغۇ پۈتكەندۇ؟

— پۈتتى، پۈتتى، ئەجەب ئالدىراپ كەتتىڭىز.

— ھېلىمۇ ئالدىرىمىدىم، بۈگۈن توپتوغرا يۈز كۈن بولدى ئەمەسمۇ؟

— ئۈچ ئايغا ۋەدە قىلغان، ئون كۈن دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس، ئاخشام پۈتتۈرۈپ دەزماللاپ قويدۇم، چۈشتە قايتمەن، ئۆيدىن ئېلىۋېلىڭ.

— بۇنىڭغىمۇ مەيلى.

پازىلجان بىلەن گۈلنار ماشىنىچىخانىدىن ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشنى ئادا قىلغان ئادەمدەك يېنىكلەپ، خۇشال چىقىشتى.

بۈگۈن ماگىزىن ئارىلىغاندا، گۈلنارنىڭ نۇرغۇن ئويۇنچۇقلار، بوۋاقلارنىڭ كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق كىيىملىرىگە كۆزى چۈشكەن ۋە يېقىن كەلگۈسىدە دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان بالىسى ئۈچۈن شۇلاردىن ئېلىپ قويماقچىمۇ بولغان. بىراق ئۇ ھەقتە پازىلجانغا ئېغىز ئېچىشتىن خىجىل بولدى. ئاياللارنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئاياللارنىڭ ئويلايدىغىنى كۆپ بولىدۇ. ئۆينى قانداق تۈزەش، قانداق كىيىملەرنى كىيىش، ھەتتا تۇغۇلمىغان بالىلىرىنى قانداق بېقىش، تەربىيىلەش، قىسقىسى، ئويلىمايدىغان نەرسىسى ئاز. باشقىلار ئارزۇ قىلغۇدەك ۋە ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئۆي تۇتۇشنى خالايدۇ. لېكىن ئۇ بۇ ئارزۇلىرىنى تېخى پازىلجانغا ئېيتقىنى يوق، ئەمما بىر-بىردىن ئېيتىدۇ. ئۇ بىلىدۇ: پازىلجان ئۇنى

ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، كۆڭلىنى ياندۇرمايدۇ. شۇڭا ئىقتىسادىنىڭ يار بېرىشىگە قاراپ ئاستا-ئاستا دەيدۇ. كۆڭۈللۈك خىيال بىلەن ئۆتكەن ۋاقىت بىلىنمەيدۇ — دە، گۈلنار شۇ خىياللىرى بىلەن قايسى ئارىلىقلاردا تاماق ئېتىپ يېگەنلىكىنى ۋە قانداق قىلىپ كەچ كىرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. گۈزەل ئارزۇلار ئۇنى بەخت بۆشۈكىدە تەۋرىتىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكۈزدى.

پازىلجانچۇ؟ بۈگۈن كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان. ئۇ نېمىشقىدۇر كېسمچى ئايالنى ئويلاپ قالدى. ئەنە كۆز ئالدىدا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان گۈزەل ئايال، ئۇنىڭ ئېتىلىپ كەتكۈدەك چىڭ كۆكسى پازىلجاننىڭ دۈمبىسىنى غىدىقلاۋاتىدۇ، ئايالنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ مەيلىنى ئويغىتىپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە مەنىلىك قاراۋاتىدۇ، بەدەنلىرىگە ئوت كېتىۋاتىدۇ... توۋا، پازىلجانغىلا شۇنداق خۇلقلارنى كۆرسىتىۋاتامدىغاندۇ؟... ئۇ ھازىرغىچە نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ ئادەمگە كىيىم ئۆلچىگەندۇ، ھەممىسىگىلا شۇنداق قىلىقلارنى قىلامدىغاندۇ؟... ياكى ئۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادىتىمىدۇ يا ئۆزى پەرۋاسىزمىدۇ؟... ياق، پەرۋاسىز ئادەمدىن مەنىلىك قاراشنى، مەقسەتلىك ھەرىكەتنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ بىردىنلا بېشىنى قاتتىق سىلكىدى، مەن زادى نېملەرنى ئويلاۋاتىمەن، ساراڭ بولۇپ قالمىغاندىمەن؟ ھاياتىمدا ماڭا مەنىلىك قارىغان، مەقسەتلىك ھەرىكەتلەر-نى قىلغانلار ئاز بولغانمىدى؟ ھېچقايسىسىنى مۇنداق ئويلاپ كەتمىگەنىدىم، ئەمدى كېلىپ نېمە خىياللار بۇ؟ ئۇ ئۆزىدىن قاتتىق رەنجىدى-دە، يېنىدا يېنىك نەپەس

ئېلىپ، خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان ئايالى تەرەپكە ئۆرۈلدى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى.

× ×

پازىلجان ئەستەرلىك بىلەن سارۇچكىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ماشىنىچىخانىغا ماڭدى. دۇكانغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىۋاتقاندەك ھاسىرىدى. ئادەم دېگەن قىزىق نەرسە، قايسى كۈنى كېچىسى ئۇ ئۆزىدە قوزغالغان ھېس-تۇيغۇلاردىن نەپرەتلەنگەنىدى، مانا ئەمدى ئەختەرنىسانىڭ ئالدىدا تېزرەك پەيدا بولۇشنى ئويلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ چىرايى شەكلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ، تېخى يۈرەك ئۇرۇشىنىڭ ئىتتىكلەپ، ھاسىراۋاتقانلىقىنى ئاز دېگەندەك، قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ...

ئۇ شۇنداق قىزىق ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدە ماشىنىچىخانىغا كىرىپ كەلدى، ئەختەرنىسا ئۇنى يېقىملىق قارىشى بىلەن كۈتۈۋالدى:

— قېنى، بۇياققا كېلىڭ، خاپا بولماڭ، كىچىككىنە تۇرۇپ تۇرۇڭ، — ئۇ ئۆزىنىڭ ئولتۇرغان ئورۇندۇقىنى بوشىتىپ پازىلجاننىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالدىدىكى ئادەملەرگە گويا بۇيرۇق بېرىۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتتى.

— سىز پىرمىركىغا ئەتە كېلىڭ.

— سىز كىرىشنىۋاي ئەتىلەستىن ئۈچ مېتىر ئالسىڭىز



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىي ئادرېسى

بولىدۇ.

— بىز شۇنداق قىممەترەك تىكىمىز، ئەرزان تىكىدىغان يەرلەر كۆپ، شۇ يەرگە ئاپىرىڭ، مانا رەختىڭىز.

ئەخەتەرنىسا ئالدىدىكى ئادەملەرنى يولغا سېلىپ بولغۇچە، پازىلجان تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. ئىچكىرىكى تىكىش ئۆيىدە ئىش تىكىۋاتقان قىز-چوكانلار ۋە ياش باللار ھېلىدىن-ھېلى چىقىپ، ئەخەتەرنىسادىن ئۇنى-بۇنى سوراپتتى، تىككەن ئىشلىرىنى كۆرسىتەتتى. ئەخەتەرنىسا ھەممە ئىشلىرىنى تۆگەتكەندىن كېيىن، پازىلجانغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— مانا ماۋۇلارنى ئەكەلدىم، — دېدى پازىلجان ئالغانلىرىنى ئەخەتەرنىسانىڭ ئالدىغا قويۇپ.

— ۋاي، ئىست... بولماپتۇ، سارۇچكىنىڭ ناچىرىدىن ئاپسىز، بۇنداق سارۇچكىنى ئىشلەتسەك، كىيىم ئىسكەتسىز چىقىپ قالىدۇ.

— مەن نەدىن بىلەي، ئۇچراشقانىنى ئاپتۇمەن.

— قاراڭا، ئۇچىڭىزدىكى كاستۇمنىڭ مۇرىسىنىڭ چۇشۇپ كەتكىنىنى، قاتۇرمىسى ياخشى ئەمەس، — ئەخەتەرنىسا قولىنى كاستۇمنىڭ ئىچىگە تىقىپ كۆردى، — قاتۇرمىسى پاختىدەك يۇمشاق بولۇپ قاپتۇ، سارۇچكا ياخشى بولمىسا بىكار.

ئەخەتەرنىسانىڭ يۇمشاق قولى كاستۇمنىڭ قاتۇرمىسىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ مۇرىسىنمۇ تۇتقانىدى، قولىنىڭ قىززىق ھارارىتى پازىلجانىنىڭ مۇرىسىدىن باشقا يەرلىرىگىمۇ تارقىلىپ كەتتى-دە، پۈتۈن بەدىنىدە قىززىق ھېس-تۇيغۇلار قوزغىلىپ كەتتى... ئەمدى ئۇ ئەخەتەرنىساغا يېنىپ

قاراشتىن ئەيمەندى.

— قىزىل ماگىزىنىنىڭ يېنىدىكى پاكار دۇكاندا ئەلەك ياخشى جىگەررەڭ سارۇچكا بار، شۇنىڭدىن ئېلىڭ، — دېدى ئايال، — ھە راست، ئۆيىڭىز نەدە؟

— بوستان مەھەللىدە.

— ئۇنداق بولسا يولىڭىزغىكەن، بىزنىڭ ئۆي قوشكۆۋرۈك مەھەللىسىدە، ئىككىنچى قورۇ. تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىڭ، مەن بىردەمدىن كېيىنلا قايتىمەن.

— ماقۇل.

پازىلجان كوچىغا چىقىپلا خۇددى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك يېنىك نەپەس ئالدى، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىنى سۇر بېسىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى: ئۇنىڭ ئۆيىگە قانداقمۇ بارارمەن، — دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ، — ئېرى نېمىلەرنى ئويلاپ قالار، بەلكى ئاتا-ئانىسى، بالىلىرى باردۇ... قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۆزى دەۋاتقاندىكىن نېمە ئىلاج، بارماي ئامال يوق... بىراق ھەر كۈنى كوچىدا كۆرۈپ يۈرگەن ئاياللار ئازمۇ؟ ئويلاپ-يۈزلەپ ئۇچرىتىپ تۇرىمەن، ئۇلار نېمىشقا مۇنۇ ئايالدەك كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنمەيدىكىنە؟ مۇشۇ ئايالنى كۆرسەملا ئۆزۈمنى سۇر باسىدۇ، گەپلىرىم قولاشمىغاندەك قىلىدۇ. تىترەيمەن، يۈرەكلىرىم سېلىپ كېتىدۇ...

پازىلجاننىڭ شۇنداق ئويلاپ قېلىشىمۇ قايسى كۈنى كېچىدە قىلغان خىياللىرىنى بۇگۈن دەلىللەپ قويغانىدى، ئۇ ماشىنىچىخانىغا كىرگەندە، ئۆزىگە ئوخشاش بىرنەچچە ئادەم ئەختەرنىسانىڭ ئالدىدا تۇراتتى. لېكىن ئايال ئۇلارغا پازىلجانغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغىنى يوق، تېخى

ئۇلارغا تورۇك-تورۇك تەگدى، بىرەرىنگىمۇ ئورۇندۇقنى بوشىتىپ بەرمىدى. ئۇ، بۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى-دە.

پازىلجان خىياللىرىنىڭ باش-ئۇچىغا چىقالماي، بېشىنى سىلىپ كېتىپ بارغان چاغدا، ئەختەرنىسا ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتكىنى يوق. ئۇ بىر قولىدا سانتىمېتر، بىر قولىدا قايچىنى تۇتقان هالدا چوڭقۇر خىيالغا چۆككەن، ئۇنىڭ خىياللىرى پازىلجانىنىڭ خىياللىرىغا قارىغاندا خېلىلا ئېنىق: ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە دۇكاندا كېسىمچىلىك قىلىدۇ. ئاخشىمى چىراغ يورۇقىدا يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ، هەر كۈنى قوزغىلىپ تۇرىدىغان، بىراق كىشلەرگە دېگىلى بولمايدىغان هېس-تۇيغۇلىرىنى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئادەم ئىشلىرىنى مۇشۇ قولى گۈل ئايالغا بېرىشكە خۇشتار. تاپاۋىتى يالغۇز ئانىسى بىلەن ئۆزىدىن ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن كۆڭلى سۇنۇق، غېمى جىق. ئۇنىڭغا تازا سەپ سېلىپ قاراشتىن ئەيمەنمىگەن ئادەم ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قەيەردىندۇر بىر يەرلىرىدىن پەرىشان، غەمكىن ئۇچقۇنلارنى كۆرەلىشى مۇمكىن. ئۇ ئون ئىككى يىلدىن بېرى تۇل. هازىر يېشى ئوتتۇز تۆتنىڭ قارىسىنى ئالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى هېچكىم شۇنچە ياشقا كىردى دېمەيدۇ، شۇنچە يىلدىن بېرى تەسەللى ۋە غايىبانە خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئالداپ، گۈزەل ياشلىقىنى ئۆزىتىۋاتىدۇ، «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىك بولسۇن» دېگەن گەپلەرنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمدىچۇ؟ ئاخىرلىشىۋاتقان ياشلىقنىڭ تەلپىي ئۇنىڭغا هېچ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، دەرەخنىڭ يا ئۇچىدا ئەمەس، يا تۈۋىدە

ئەمەس مەزگىلنىڭ تەشنالىقى قاتتىق بولىدىكەن، تەسەللىنىڭمۇ چېكى بولىدىكەن... بىراق تۇرمۇشتا ئادەملەرنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرى، نىيەت-خاھىشلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇ ئون ئىككى يىلدىن بېرى لايىقسىز ئولتۇرغىنى يوق، لېكىن ئىشىك ئېچىپ كىرگەنلەرنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭغا ياقمىدى: بەزىسىنىڭ بالىسى كۆپ، بەزىسىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى كۆپ؛ بەزىسى بولسا بىرنەچچە ئۆيلەنگەن، مۇنداقلارغا قارىسام يەنە ۋاپاسىزلىقنىڭ ئازابىدا قالمىسام دەپ قورقتى. ئەمما گەپنىڭ جىنى يېرىنى قىلغاندا، لايىقلىرىنىڭ چىراي-شەكلى يارىمىدى. ئۇ تېگىدىغان ئادىمىنىڭ ئۆزىدەك چىرايلىق، قاملاشقان، ئېرىنىڭ بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار ئادەم بولۇشىنى ئىستەيتتى.

مانا ھازىر مۇنۇ ئايالى بىلەن پارە قىلىپ كىيىم كىيمەكچى بولۇۋاتقان كېلىشكەن كىشى ئۇنىڭغا ياقتى. شۇنچە يىل غايىبانە قىياس قىلىپ يۈرگەن ئادىمىنى ئەمدى تاپتى. بىراق، ئايالى بار ئىكەن، بولسا بولمامدۇ، ئۇنىڭ كارى چاغلىق. ئۆزىنىڭمۇ شۇنچە كېلىشكەن ئېرىنى باشقىلار تارتىپ كەتتىغۇ... ئۇ، كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى پەقەت چىرايلىق ئاياللارلا بۇزالايدۇ، دەپ ئويلايتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ قويىنىدا ياتقان ئېرىنى ئىنتايىن سەت بىر ئايال بۇزۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە قويۇنىدەك ئۇچۇرۇپ كەتتىغۇ... شۇنچە گۈزەل چىرايى بىلەن ئاشۇ سەت ئايال قىلالىغان ئىشنى قىلالماسمۇ؟ تۇرمۇشتا ھەمىشە كىشىلەرگە بوزەك بولۇپ ئۆتۈۋېرەمدۇ؟... ئۆزىنىڭكىنى تارتقۇزۇپ قويغانىكەن، ئۆزىمۇ باشقىلارنىڭكىنى

تارتۋېلىشى، ئۆچىنى ئېلىشى كېرەك-دە!
ئەختەرنىسا ئۆمرىدە ھېچقاچان بۇنداق گۈزەل، بۇنداق شېرىن، بۇنداق راھەتلىك خىيال سۈرمىگەنىدى.

## 3

چاشقان كىستىرلاۋەرسە، ئۇيقۇنىڭ مەززىسى بولمىغىنىدەك، پازىلجاننىڭ ماشىنىچىخانىغا بارغان كۈنىدىن تارتىپ، كۆڭلىگە ھەرقىسما ئويلار كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. كۆڭۈلنىڭ مەيلى كۆپ ھاللاردا ھەرقانداق نەرسىنى يېڭىپ كېتىدۇ. شۇنداق ھەرقىسما خىياللارغا بېرىلگىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى پات-پاتلا تىللاپ، دۆشكەلەپ تۇرسىمۇ، يەنە پات-پاتلا يېقىملىق تۇيۇلۇپ قالىدىغان ئاشۇنداق خىياللار ئىلكىدە قالاتتى. ئۇ بەزىدە: ئاشۇ ماشىنىچىخانىغا نېمىشقىمۇ كىرىپ قالغاندىمەن. ئاشۇ ئايالنى نېمىشقا كۆرگەندىمەن، نېمىشقا سارۇچكىنى ئۆيىگە ئاپارغاندىمەن، دەپ پۇشايمان قىلسا، بەزىدە: نېمىشقا ئۇنى قىز ۋاقتىدا كۆرمىگەندىمەن، — دەپ ئارمان قىلاتتى. شۇڭا ئۇ گاھى چاغلاردا سەھەر تۇرۇپ ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ كېتەتتى، كەچلىك تاماققا گۈلنارغا ياردەملىشىپ كۆكتات ئاقلاش، ئوچاققا ئوت قالاش ئىشلىرىنى قىلاتتى؛ گاھى چاغلاردا ھېچ نەرسە بىلەن كارى بولماي، چىرايىنمۇ ئاچماي دۇدۇلىنىپ يۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا گۈلنار: خىزمەتتىن ھېرىپ قايتقاندۇ، ئادەم بەزىدە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلايتتى-دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

سوراپمۇ باقماي، ھەرقاچانقىدەك خۇش مۇئامىلىدە بولاتتى.

پازىلجان بەزىدە يىقىملىق، بەزىدە نەپرەتلىك تۇيۇلىدىغان خىياللار بىلەن بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

— كىيىملىرىمىزگە پىرمىركىغا بارىدىغان چاغ بولۇپ كەتكەندۇ، جىملا يۇرىسىزغۇ؟ — دېدى گۆلنار بىر كۈنى تاماق ئۈستىدە پازىلجانغا.

— بارىدىغان ۋاقتىغۇ بولدى، — دېمەي ئۇ ئېغىزغا ئالغان لەقمەننى ئىشتىھاسىزلىق بىلەن چايناپ، — بىراق ئۇ ئايال ئۆيىدە تىكىدىكەن، بارمىساقمۇ بولار دەيمەن؟

— نېمىشقا، پىرمىركا قىلىنمىسا كىيىم دەل تىكىلمەيدۇ-دە، ئۆيىگە بارمامسىز؟ ھېلىقى چاغدا بىر كىشىگە، كىيىمىڭىز پۈتتى، ئۆيىدىن ئېلىۋېلىڭ دېگەنىغۇ؟

— ئۆيى قەيەردىكىنتاڭ...، — ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە قارىۋالدى. گۆلنار ئۇنىڭغا دىققەتمۇ قىلمىدى.

— سورىمامسىز؟

— سىزچۇ؟ سىز بارمامسىز؟

— ۋېيەي، ئەمدى مەن قانداق باراي، — ئۇ ئىززا تارتىپ، تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى تۇتتى، — ماڭا ھازىر ھەرقانداق كەڭ كىيىممۇ توغرا كەلمەس، ئۆتكەنكى ئۆلچىگىنى بويىچە تىكىۋەرسۇن.

— ئەمسە مەيلى.

پازىلجان سارۇچكىنى كۆتۈرۈپ ئەختەرنىسانىڭ ئۆيىگە بىرىنچى قېتىم ماڭغىنىدەك، بۇ قېتىم قورۇنغىنى، مەڭدىگىنى يوق، چۈنكى ئۇ ھازىر ئەختەرنىسانىڭ ئەرسىز ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئاپىسى بىلەنلا تۇرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

شۇڭا قەدەملىرىنى ئىشەنچلىك بېسىپ، ئۇنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. قارا كۆك سارجىدىن يوپكا، ئاق كوپتا كىيگەن ئەختەرنىسا ئەتىۋارلىق مېھماننى قارشى ئالغاندەك، ئۇنىڭ ئالدىغا كۈلۈمسىرەپ، نازۇك ھەرىكەتلەر بىلەن چىقتى.

— دېگەن ۋاقتىتا كېلەلمىدىمغۇ دەيمەن؟ كەچۈرۈڭ، ساقلىتىپ قويدۇم.

— ياق، ياق، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز.

ئۇلار تەكەللۇپلار بىلەن ئۆيگە كىرىشتى. پازىلجاننىڭ ئەختەرنىسانى كۆرۈپلا كۆزلىرى قامىشىپ كەتكەندى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تولۇق كۆكسى ئاق كوپتىغا قالتىس ياراشقان، دائىم ئۇرۇۋالىدىغان، ئەمما بۈگۈن كىنوغا چىققان ئاياللارنىڭكىدەك قويۇۋېتىلگەن قۇندۇزدەك چېچىنىڭ ئۇنىڭ مۇرىسىدە يېيىلىپ تۇرۇشى، ئوبناپ تۇرىدىغان سېھىرلىك بىر جۈپ كۆزى، قايرىلما كىرپىكلىرى پازىلجاننى مەست قىلىۋەتكەنىدى. گۈزەل چىرايىغا ئىنتىلمەيدىغان، ھېسسىياتى قوزغالمايدىغان ئادەم ئاز بولسا كېرەك. پازىلجان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا كۆز سالماسلىقنى، بولۇپمۇ تىكىلىپ قارىماسلىقنى ئويلاپ ئولتۇردى. ئۇ ياخشى بىلىدۇ: ئەختەرنىسا بىر چىنە چاي بەرمىگۈچە ئۇنى قويۇۋەتمەيدۇ. ئۆتكەندە سارۇچكىنى ئەكەلگەندە شۇنداق بولغان، ھېلىمۇ شۇنداق بولىدۇ، شۇڭا قوزغىلىش ئاۋارىچىلىك.

ئەختەرنىسا داستىخىنىنى ئاچقاندا، ئۈستەل ئۈستىنىڭ قىسما-قىسما سوغۇق يېمەكلىكلەر بىلەن تولۇپ، خۇددى مېھمان چاقىرغاندەك تۈس ئالغانلىقىنى كۆرگەن

پازىلجان ھەيران قالدى ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەختەر-
نىساغا قارىدى. ئەختەرنىسا ئادەتتىكى يېنىك ھەرىكەتلەر
بىلەن چىنىلەرگە چاي قۇيۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ چىرايى
پازىلجان دائىم كۆرۈپ كېلىۋاتقاندەك يېقىملىق بولۇپ،
بۇ قېتىم نۇر يېغىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار چاي ئىچىشىپ،
پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئەختەرنىسا ئۆمۈرنى قانداق
ئۆتكۈزۈش، ياشلىقنىڭ قىممىتى، ئادەم ئۆمرىنىڭ مەزگىللىرى،
بەل مۇكچەيگەن چاغلاردا قىلىنىدىغان پۇشايمان توغرىسىدا
پاراڭ قىلاتتى. ئۇ گېپىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ چىرايىنى
ئۆزگەرتىپ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، جىلۋىلىك ھەرىكەتلەرنى
ئەپچىللىك بىلەن كۆرسىتەلەيتتى، ئەمما ھەرىكەتلىرى
مۇۋاپىق ۋە تەبىئىي ئىدى. شۇڭا ئۇ سۆزلەۋاتقاندا
شادلانسىمۇ، قايغۇرسىمۇ، يىرگەنسىمۇ چىرايى ھامان
يېقىملىق بولۇپ كېتەتتى. مانا بۇ نازۇك ھەرىكەتلەر
پازىلجاننى بىر تەرەپتىن قىزىقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن
ھودۇقتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.

— قېنى، كاستۇم-بۇرۇلكىنى كۆرۈپ باقامدۇق؟ —
دېدى پازىلجان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— كۆرۈشكە ئالدىراپ كېتىۋاتامسىز؟... ماقۇل،
كۆرۈپ بېقىڭ، — ئۇ ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى كۆكلەپ
قويغان كاستۇمنى ئېلىپ پازىلجانغا كىيدۈردى، پازىلجان
تىكلىمە ئەينەكنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ياخشى تىكىلىپتۇ، دەل كەلدى، — دېدى.

ئەختەرنىسا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كاستۇمنىڭ ياقىسىنى
تۈزىدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى شۇنچىلىك يېقىنلاشتىكى،
ئىسسىق نەپەسلىرى بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ، ئەختەرنىسانىڭ

چىك كۆكسى پازىلجاننىڭ مەيدىسىگە تېگەي-تېگەي دەپلا قالغانىدى. شۇ ھالدا پازىلجاننىڭ بەدەنلىرى قوغۇشۇندەك ئېرىپ كېتىشكە ئازلا قالدى.

— رەھمەت، سىزگە، — دېدى پازىلجان كاستۇمنى سېلىۋېتىپ، — ئەمدى كېتەيمىكىن.

— رەھمەتكە ئالدىرىماڭ، سىز ئۈچۈن تاماق ئېتىپ قويدۇم، يېمەي كەتسىڭىز رەنجىيمەن.

— ئاۋارە بوپسىز...

— تاماق ئېتىش دېگەنغۇ ئادەتتىكى ئىش، مەن كۆڭلۈمگە ياققان كىشى ئۈچۈن ھەرقانچە ئېغىر ئىش قىلسامۇ، ئۇنى قىلچە ئاۋارىچىلىك ھېس قىلمايمەن.

ئەختەرنىسانىڭ سۆزى پازىلجاننى بىر تەرەپتىن ھاياجانلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدىكى ھودۇقۇش ۋە قورقۇنۇشنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئەختەرنىسا نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كېتىپ بىردەم ھايال بولغاندىن كېيىن، پەتنۇستا ئىككى تەخسە لەڭمەن كۆتۈرۈپ كىردى، سەينىڭ دىماققا ئۇرۇلغان مەززىلىك پۇرىقى تاماقنىڭ ئوخشىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

— ئوخشىتىپ تاماق ئېتەلمەيمەن، قېنى ئېلىڭا.

تاماققا يېڭىلا ئېغىز تەگكەن پازىلجان:

— ياق ئوخشىتىپسىز، — دېدى ماقۇللاش ئىشارىسى بىلەن بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ.

— ئايالىڭىز تاماققا ئۇستىدۇ؟

— ئۇمۇ ئۇستا، لېكىن سىز ئۇنىڭدىنمۇ ئۇستا ئىكەنسىز.

— ۋىيەي، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، ئاغزىڭىزغا تېتىمىغاندۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

— كۆرمىدىڭىزمۇ تامشىپ يېۋاتقىنىمنى...

— تامشىغانلىقىڭىز تېتىغانلىقتىن بولسا مەن ئۆزۈمدىن رازى بولسام بولغۇدەك...

ئىككىسى بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ھاياجانلىنىپ تاماق يېيىشتى. ئەختەرنىسا مەنتاتىڭغا ماڭدى.

— بولدى، مەن ئىچمەيمەن، چاينى كۆپ ئىچىپ قويۇپتىمەن.

— مەنتاتىڭ ئىچمىسىڭىز ئاغرىپ قالىسىز.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دەمسىز؟ مەن سىزگە بىر گەپ قىلىپ بېرەي: بۇرۇن بىر ئادەم ئاشپۇزۇلغا كىرىپ لەڭمەن يەپتۇ، بىراق مەنتاتىڭ ئىچمەي كېتىپ قاپتۇ. ئۆيىگە بېرىپلا ئاغرىپ قاپتۇ. قىرىق يىلغىچە ئاغرىقتىن قۇتۇلالماي، بىر پالچىغا پال ئاچقۇزغانىكەن، پالچى ئۇنىڭ قىرىق يىل بۇرۇن بىر ئاشپۇزۇلدىن لەڭمەن يەپ، مەنتاتىڭنى ئىچمەي كېتىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ھازىرغىچە ئاغرىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاغرىق ئادەم ھېلىقى ئاشپۇزۇلغا كەلسە، مەنتاتىڭنى ئېلىپ قويغانىكەن، ئۇنى ئىچىپتۇ-دە، ساقىيىپ قاپتۇ.

ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى پازىلجان ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەتە كېلىپ مەنتاتىڭنى ئىچىپ كېتەي.

— قانچە كۆپ كەلسىڭىز شۇنچە خۇشال بولىمەن، بىراق ھازىر بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىڭ.

— ئولتۇرسامغۇ بولاتتى، بىراق...

— بۈگۈن ئۆيدە سىز قورۇنغۇدەك ئادەم يوق.

— ئاپئمزچۇ؟
— ئاپام سىئلىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن.
پازىلجان ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەختەرنىسا ئۈستەل ئۈستىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ يەنە چاي دەملىدى، ئېلىۋېتىلگەن قەنت-گېزەكلەر قايتا قويۇلدى. نېمىشقىدۇر پازىلجاننىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۈپۈلدەشكە باشلىدى، ئەنسىز خىياللار ئۇنىڭغا تىكەندەك سانجىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىككى پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن بىرقىسما بولۇپ يەنە ئورنىدىن تۇردى:
— ئەمدى مەن كېتەي...
— نېمە بولدىڭىز، قورقۇۋاتامسىز؟ قورقۇنچاقلىق ئەرلەرنىڭ ئەڭ يامان ئىللىتى، — دېدى ئەختەرنىسا ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن قورقۇنچاق ئادەمنى يامان كۆرىمەن.
— قورقۇۋاتقىنىم يوق، ئېھتىيات قىلىۋاتىمەن.
— ئېيتتىمغۇ، ئاپامنى يوق دەپ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن يەنە ئېھتىيات قىلىشقا نېمە ھاجەت؟!
— كېلىپ قالسىچۇ؟
— ئەجەب ئەنسىز ئىكەنسىز، دېمەيدىغان گەپنىمۇ دېگۈزىدىغان بولدىڭىز، راست گەپنى ئېيتاي: ئاپام كەلمەيدۇ. بۈگۈن ئىككىمىز مۇشۇ ئۆينىڭ خوجايىنى!
— شۇنداقمۇ!...
پازىلجان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئەختەرنىساغا قاراپ ئاستا-ئاستا كۈلۈمسىرىدى. ئەختەر-نىسامۇ نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا قادىغىنىچە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يېقىن كەلدى-دە، پازىلجاننىڭ تىترەۋاتقان

www.uyghurkitap.com

قولىنى ئاستا تۇتتى. پازىلجاننىڭ بەدىنىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك بىرقىسما ھالغا كېلىپ قالدى-دە، ھەممىنى ئۇنتۇدى. قوللىرىنى ئىختىيارسىز سوزۇپ، ئەختەرنىسانىڭ ئۆزىگە ئىنتىلىپ تۇرغان گەۋدىسىنى قۇچاقلىدى... ئەختەرنىسامۇ بىھوش ھالدا بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى...

× ×

پازىلجان ئۆيىگە يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلدى.

— مۇشۇ چاغقىچە نەدە يۈردىڭىز؟ — دېدى ئۇنىڭ ئالدىغا رۇباشكا بىلەن چىققان گۈلنار، — قورقۇپ ئۆلەي دېدىم.

نىيەت بۇزۇلسا، ھەرقاچان راست گەپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەممۇ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

— بىر ئاغىنىنىڭ ئۆيىدىن كېلىشىم.

— پېرمىركىغا بارمىدىڭىزمۇ؟

— بارغان، ئۇ ئايال ئۆيىدە يوق ئىكەن.

— نەگە كېتىپتۇ؟

— يېزىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

— كىمدىن ئۇقتىڭىز.

— ئاپىسىدىن.

پازىلجاننىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى، ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالغان ئادەمدەك تەتۈر قارىشىپ يېتىشتى. بۇنداق يېتىشتىن پازىلجان خۇشال بولدى، گۈلنار ئازابلاندى.

× ×

شۇنىڭدىن كېيىن پازىلجان پات-پاتلا ئۆيگە كەچ قايتىدىغان، ھەتتا يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ياندىغان بولۇپ قالدى، ئەختەرنىسانىڭ ئانىسمۇ سىڭلىسىنىڭ ئۆيگە پات-پاتلا كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

پازىلجان ئۆزىنى باشقىچە بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك — ئۆمرىدە تېتىپ باقمىغان لەززەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۆيدىكى ھەممە ئىشلار، ئاددىيسى چاي ئىچىش، تاماق يېيىشمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز تۇيۇلدۇ. ئىلگىرى ئۇ تاماقتا تۇتۇش قىلغاندا، گۈلنارنىڭ «بولدى، نېمە قىلىسىز كۆلگە بۇلغىنىپ»، دېگىنىگە ئۇنىماي، ئوچاقتا ئوت قالاپ بېرەتتى، ھازىر ئۇنداق ئىشلارغا قاراپمۇ قويمايدۇ... ئادەمنىڭ ئۆيدىن كۆڭلى سوۋۇسا، ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان بولۇپ قالدۇ. ھازىر ئۇ، كاستۇم-بۇرۇلكىسى بىلەنلا كىگىز ئۇستىدە ئېغىناپ ياتىدىغان، ساقلاپ يۈرۈۋاتقان گېزىت-ژۇرناللىرىنىڭ بىر چېتىنى يىرتىپلا تاماكا يۆگەيدىغان، ئاچقۇچلىرىنى كۆرگەنلا يېرگە تاشلاپ، يىتتۈرۈپ قويۇپ ئىشكاپىنىڭ قۇلۇپىنى تولا بۇزىدىغان بولۇپ قالدى. چۈمۈلىمۇ يازىچە قىشنىڭ تەييارلىقىدا تېنىمسىز ئۆملەيدۇ، قىشلىق ئوتۇن، كۆمۈر، كۆكتات دېگەنلەر پازىلجاننىڭ غېمىگە كىرگىنى يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ تېرىكىدىغان بىر ئىشى بار. ناۋادا كاستۇم - بۇرۇلكىسىغا بىرەر قېتىم دەزمال سېلىنماي قالسا، گۈلنارنىڭ بېشىغا ئاتىدۇ. ھازىرچە گۈلنارمۇ

شۇنىڭدىن باشقا ئۇ قۇسۇر تاپقۇدەك بىرەر ئىش قىلمىدى، پازىلجاننىڭ خاپىلىقى مۇشۇ يەردە. گۈلنار نېمىشقا ئۆزىنىڭ بەزى قىلىقلارنى چىقىرىۋاتقانلىقىدىن سۆز ئېچىمايدىغاندۇ؟.. مۇنۇ خوتۇننىڭ نېمىلا قىلسا، خاپا بولمايۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان...

ئەختەرنىسانىڭ قايسى كۈنى كارىۋاتتا يېنىچە يېتىۋېلىپ، ئاچچىقى بىلەن دېگەن گەپلىرى پازىلجاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ:

— ئەمدى سىزنىڭ قانۇنلۇق ئايالىڭىز بولۇشۇم كېرەك، — دېگەنىدى ئۇ جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا، — بۇنداق ئەندىشىلىك ھاياتتىن بىزارمەن!

— مەنمۇ شۇنىڭ كويىدا ئالدىراۋاتىمەن.

— قاچانغىچە ئۆز ئەركىنلىكىمىزنى، مۇھەببىتىمىزنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ يۈرىمىز؟

— كۆڭلىمىزگە توغرا كەلگەن ئىشلار قانۇنغا توغرا كەلمەيدىكەن، ئۇ يەڭگۈالغۇچە ئازراق تەخىر قىلىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ... مەن بۇنى قانۇننىڭ ئادەملىرىدىن سوراپ بىلدىم.

— بىلىمەن، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئۆيىڭىزدە ئۇنى «ئامرىقىم» دەپ، بۇ يەرگە كەلسىڭىز مېنى «گۈزىلىم» دەپ يۈرۈۋاتىسىز.

— خۇدا بار، — پازىلجان چۆچۈپ كەتتى، — مېنى چۈشىنىڭ، ئۆيدىكى ئىشلارنى كۆرسىڭىز ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن.

— ئاياللىرىڭىزغا مۇئامىلىڭىزنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا ئىش پۈتەتتىمۇ، ئەر كىشىدە جۈرئەت، غەيرەت بولۇشى

كېرەك!

شۇنىڭدىن كېيىن پازىلجاننىڭ مۇئامىلىسىلا ئەمەس، باشقا ئىشلىرىمۇ گۈلنارنى ھەيران قالدۇرۇشقا باشلىدى. دەسلەپ خېلى ۋاقىتلارغىچە پازىلجاننىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۇ: «بەزىدە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ، ئادەمنىڭ ئوڭ يېنىدىنمۇ، سول يېنىدىنمۇ قوپىدىغان چاغلىرى بولىدۇغۇ» دەپ قارىغان. بارا-بارا ئىلگىرىكى مۇئامىلە، ھۆرمەت، كۆيۈمچانلىق ئەسلىگە قايتماي، قوپاللىق، ئاھانەت، كۆڭۈلگە تېگىدىغان ئىشلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى گۈلنارنى ھەر قىسما ئويلارغا، تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان خىياللارغا سېلىپ قويدى. ياش تۇرمۇشلۇق مەزگىل مۇھەببەتلىك سۆزلەرگە، سەممىي ئەركىلىتىشلەرگە، سىلىق مۇئامىلىلەرگە تەشنا ۋاقىت. ھازىر ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغۇتى يېقىنلىشىپ، ھەربىر كۈننى قورقۇش، ئەندىشە بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان گۈلنارغا كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان، غەم-ئەندىشىنى قاچۇرىدىغان سۆز، مۇئامىلە كېرەك. دەرد ئۈستىگە دەرد كېلىۋاتقىنى نېمىسى؟... ھە، تۇرمۇشنىڭ گالدىن ئاش-نان ئۆتۈپ كەتكەندەك سىلىق مەزگىللىرىمۇ، ئۈستىخان تۇرۇلۇپ قالغاندەك ئازابلىق چاغلىرىمۇ بولىدىكەن-دە... كىمدۇ بىرى: ئادەم تىللاش — يېرىم ۋەھشىيلىك، ئۇرۇش — پۈتۈن ۋەھشىيلىك، دېگەنىكەن، ھازىر گۈلنار ھەر ئىككىسىنى كۆرۈۋاتىدۇ. پازىلجان ئاخشام ئۆيگە يېرىم كېچىدە قايتىپ، دەرۋازىنى ئۇرغان، جالاقلاتقان، لېكىن گۈلنار قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپ ئۇنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ ھويلىغا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ،

ئىشىكنى تېپىپ ئىچىپ ئۆيگە كىرگەندە، گۈلنار چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. پازىلجاننىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى.

— نېكەم مەن دەرۋازىنى ئۇرغىلى، ئۆلدۈڭمۇ قانجۇق! — دېدى ئۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ.

— خاپا بولماڭ، ئاڭلىماي قاپتىمەن...

— قانداق قۇلاق بۇ! — ئۇ ئۇندەرەپ ئالدىغا كېلىپ قالغان گۈلنارغا قولىنى سوزدى، — پاك بولۇپ قالغانمىدىڭ؟

— قاتتىق ئۇخلاپ...

— يالغان، سەن ئەتەي شۇنداق قىلىۋاتىسەن.

— ياق، ئاڭلىغان بولسام ئۆلەي، — ئۇ پازىلجاننىڭ كۆزىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ داجىدى.

— تاماق ئەت!

گۈلنار مەيۇس كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئاستا قارىدى.

— قارا يىسەڭغۇ؟

— ماقۇل ئېتەي، — گۈلنار كىيىملىرىنى كىيىمەكچى بولۇپ كۆڭلىكىگە قول سۇنغانىدى، پازىلجان قەھرى بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كاچتىغا بىرنى سالدى.

— ھەي بەز، قاراپ تۇرۇۋسەڭغۇ!

گۈلنارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتتى، پازىلجان يەنە ئۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ئۇ، بالا ئېسىگە چۈشسە بەلكىم ئۇرماس، دېگەن ئۈمىدتە بىر قولىدا تاياق يېگەن مەڭزىنى، يەنە بىر قولىدا قورسىقىنى سىلاپ ئۇنىڭغا قارىدى. پازىلجان قىيا كۆزىنىمۇ سالماي، تۇيۇقسىز ئىككىنچى كاچاتنى ئۇرۇۋەتتى. شۇ چاغدىلا گۈلنار تالاغا

قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى ۋە چىقىپلا تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.

ئۇ، بىر تۇرۇپ ئۆيگە كىرىشتىن قورقاتتى، بىر تۇرۇپ، چاقىرىپ قالارمىكىن، دەپ ئويلايتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن پازىلجان چاقىرغىنى يوق. يالىڭاياغ، رۇباشكىچان گۈلنار سېنتەبىر كېچىسىنىڭ سوغۇق شامىلىدا تىترەشكە باشلىدى. يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ، يۇلتۇزلارنىڭ-مۇ ئۆز كۆڭلىدە خىرە يانغانلىقىنى بايقىدى. كېچە جىمجىت، سۈرلۈك ئىدى، شامال نېمىلەرنىدۇ شىلدىرلىتىپ ئۆكسۈگەن كۆڭۈلگە ئەندىشە سېلىپ ئۆتەتتى...

گۈلنار ھويلىدا مەجنۇنتالدەك تىترەپ قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى، توشقاندەك قورقۇپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاستا ئۆيگە كىردى. پازىلجان كىيىملىرى بىلەنلا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. گۈلنار ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئاۋايلاپ يەشتى-دە، تۈزەپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ نەلەردە يۈرگەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ مەڭزلىرى توپا، لەۋلىرى سەي يۇقى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئېرىگە كۆيۈمچانلىق بىلەن تىكىلىپ قارىدى-دە، رۇباشكىسىنىڭ ئېتىكىنى ھۆللەپ، يۈزلىرىنى سۈرتۈپ پاكىز قىلىپ قويدى ۋە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كەتتى.

گۈلنار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى بولۇپ، شۇ كەمگىچە قاتتىق-يىرىك گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى، ئۇ، ئەدەبلىكلىكى، كەم سۆزلۈكلۈكى ۋە نازۇكلۇقلۇقى بىلەن دوستلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئەمدى نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىپ بارىدۇ-ھە! بۇنداق بولار

دەپ كىم قىياس قىلغان؟... قايسى كۈنى پازىلجان گۈلنارنى چاينۇەتكۈدەك ئەلپازدا: بۇرۇلكىغا نېمىشقا ۋاقتىدا دەزمال سالمىدىڭ «ئەزمە» ، «ئۆلۈمتۈك» دېيدى. يەنە بىر قېتىم ھويلىلارنى سۈپۈرمەپسەن «ھۇرۇن» ، «سۆرەلمە» ، «بولۇمسىز» دەپ تىللىدى. يېرىم كېچىلەردە مەست كېلىپ بىكاردىن-بىكار ئاھانەت قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپەيدى. ئائىلە ئىشلىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇۋالدى. تىللاش، ھاقارەت قىلىشتىن ئۆتۈپ مانا ئەمدى ئۇرىدىغان قىلىق چىقاردى. بۇ نېمە ئىشلاردۇ، نېمىلەرنى ئويلاپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟

گۈلنار مۇزلاپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇزاققىچە شۇمشىيىپ ئولتۇردى. «تۇرمۇش يولى تۈپتۈز بولمايدۇ» ، كىتابلاردىن كۆرگەنلىرىنى ئەسلىدى ئۇ. ئاخىر مومىسىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى يادىغا ئالدى: «ئەر كىشىنىڭ راھىتىمۇ-مۇشەققىتىمۇ بولىدۇ. نۇرغۇن ئاياللار خۇددى جۇدۇندەك كەلگەن مۇشەققەتكە چىدىماي، تۇرمۇشنى ۋەيران قىلىۋالىدۇ» . بوپتۇ، — ئويلىدى ئۇ، — پازىلجاننىڭ راھىتىنى تېخى ئازراقلا كۆرۈۋېدىم، ئەمدى مۇشەققىتىنى كۆرىدىغان ئوخشايمەن، «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دېگەن گەپ بار، سەۋر قىلاي، چىداي، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىققا تىرىشاي... ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە تۇنجى مۇھەببەت ئويغاتقان، مەيلىنى ئۆزىگە قاراتقان ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىم... نۇرغۇن جېدەل-ماجىرا قىلىشقان ئائىلىلەرمۇ ئاخىرىدا ياخشى، ئىناق بولۇشۇپ كېتىدىكەنغۇ...

گۈلنار يوتقاننى ئاستا ئاچتى-دە، ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتقان پازىلجاننىڭ يېنىغا كىرىپ ياتتى.

## 4

گۈلنار ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قىرىق كۈن كۈتۈلگەندىن كېيىن، پازىلجان بۆشۈك توينى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈۋەپ بەردى. گۈلنارمۇ ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇلدى. ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ياخشى كۈتۈلگەن بولسىمۇ، ئۆز ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ئويلىغانلىرى كۆپ بولدى. تۇمۇرنى دات يەيدۇ، ئادەمنى غەم دېگەندەك، ئازابلىق خىياللار ئۇنىڭ يۈزىنى سارغايتىپ، مەڭزىدىكى قىزىللىقنى ئەكەتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىگە كەلگەندە ياخشى كۈتۈۋېلىنغان بولسا، ئۆتكەن ئىشلارنى بەلكىم كەچۈرۈۋېتەر ئىدى. بىراق، سوغۇق قارشى ئېلىندى-دە، كۆڭلىگە تەگكەن ئىشلار خۇددى نېرى يۇتسا بېرى كەلگەن تاماقتەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى:

گۈلنارنىڭ تولغىقى تۇتقان يېرىم كېچە مەزگىلدە پازىلجان ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇ قاتتىق قىينالدى، تولغاق ئازابى ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن كىگىز ئۈستىدە پوكزەكتەك دومىلىتاتتى، ئۇنىڭ پېشانىسىدە قوناقتەك-قوناقتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ بىر قېتىم چىش ئاغرىقىنىڭ ئازابىنى تارتىپ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئاغرىق بولماس، دەپ ئويلىغان، ئەمما تولغاق ئازابىنىڭ ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھەتتا ئاغرىق كۈچەيدىن: نېمىشقىمۇ ياشىغاندىمەن،

نىمىشقىمۇ تۇرمۇشقا چىققاندىمەن، دەپ ۋارقىرىۋەتتى.
ئۇ خۇددى جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك تولغىنىپ، ئۆز-ئۆزىدىن قورقۇپ، ئۆلۈكۈم مۇشۇ يالغۇز ئۆيدە قالارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلدى. باشقا ۋاقىتلار بولسىغۇ بىر نۆرى، مۇشۇنداق ئېغىر مىنۇتلاردا ئۇنىڭ بېشىنى سىيلايدىغان، بەزلەيدىغان ۋە تەسەللى بېرىدىغان پازىلجان قېنى؟ ئۇ نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟... ئەتىگەنلىكى ئۇ ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا، گۈلنار بۈگۈن بۇرۇنراق قايتىپ كەلسىڭىز، تولغاق باشلىنىپ قالدى. دەپ تاپىلىغان ئەمەسمىدى؟ مۇڭۇڭغا مۇڭداش، ئازابىڭغا ئازابداش بولمىغان، جانغا تاقىلىۋاتقان ئېغىر پەيت كەلگەندە ساڭا باشپاناھلىق قىلمىغان ئەرنى، ئېرىم بار، دەپ يۈرگىلى بولامدۇ؟ بۇ ئۆز - ئۆزىگىنى ئالداش ئەمەسمۇ؟... ئاخىر ئۇ بولالمىغاندىن كېيىن نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، قولۇم-قوشنىلارنى ئويغاتقان، ئۇلار ئانىسىنى چاقىرىپ دوختۇرخانىغا ئۇنى بىرلىكتە ئاپىرىشقانىدى. پازىلجان دوختۇرخانىغا ئەتىسى چۈشكە يېقىن باردى. چىرايىدىن كېتىپ، ئاپئاق ئاقىرىپ كارىۋاتتا ياتقان گۈلنار ئۇنىڭ كۆزىگە ياغاچتىن ياساپ قويغان ئادەمدەك مېھرىسىز، كۆرۈمسىز، يىرگىنچلىك كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىككى ئايال، ئىككى چىراي روشەن گەۋدىلىنىپ كەلدى: يۈزلىرىدىن نۇر، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، ئۇماق لەۋلىرىدىن ئادەمنى بىھوش قىلىۋېتىدىغان ئەركىلەتمە سۆزلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئەختەرنىسانىڭ ئالدىدا مۇنۇ كارىۋاتتا پىلدىرلاپ ياتقان ئايالى خۇددى كىچىك باللار ئويناپ تاشلىۋەتكەن ئەسكى قورچاققا ئوخشىشىپ

قاپتۇ. ئۇ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان ئون مىنۇتتا «ئۆيگە چىقامسىز ياكى ئاپئىزنىڭكىگە چىقامسىز؟» دېگەن ئىككى ئېغىزلا سۆزنى قىلدى. ھەي، ئايال كىشىنىڭ ھېسسىياتى... گۈلنار پازىلجاننى كۆرۈپ يەنە كۆلۈمسىرىگەن، دۇنياغا كۆز ئاچقان بالىسىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، مەن دوختۇرخانىدىن چىققۇچە تاماقتىن قېينىلىپ قالارسىزمۇ، دەپ ئەنسىرىگەنىدى. لېكىن پازىلجاننىڭ چىرايىنى تۈزۈككىنە ئاچمىغىنى نېمىسى؟ ھېچ بولمىغاندا چىرايلىققىنە ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن، ئاخشام ئۆزىنىڭ ئۆيدە يوق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ قويسىچۇ؟ تۇغۇت دېگەن ئاسان ئىشمۇ، ئۇ — بىر جەڭ، تېخى ئۆزىنىڭ، بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپمۇ قويمىدى، پەرزەنت كۆرگىنىگە خۇشال بولمىدىمكىنا؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قولىنى سىلىپ، قۇرۇقتىن-قۇرۇق كەپتۇ. ئىككى كىلوگرام نەشپۈت ياكى ئىككى قۇتا كونسېرۋا دېگەن جانمۇ؟... گۈلنار شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا ئۆلمىدى، ئۇنىڭ بىرىسى بولدى.

گۈلنار دوختۇرخانىدا يەتتە كۈن يېتىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە چىقتى. ئۈچىنچى كۈنى پازىلجان ئۇنى بىر قېتىم يوقلاپ كەلگىنىچە، ئارىدا يىگىرمە كۈن يوقلىپ كەتتى. ئاخىر گۈلنارنىڭ ئاپىسى تاقەت قىلالمىدى:

— قىزىم، پازىلجانغا نېمە بولغاندۇ، قارىسىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپلا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك يوقلىپلا كەتتىغۇ؟

— ئىشلىرى بېسىق، ئاپا.

— ھەرقانچە بېسىق بولسىمۇ، ئارىلىقلاردا بوش ۋاقتى

چىقماسمۇ؟

— كۆپ چاغلاردا كەچتمۇ ئىشلەيدۇ.

ئۇ شۇنداق دېسىمۇ، لېكىن كۆپنى كۆرگەن ئانا قىزىنىڭ كۆزلىرىدە مەيۇس ئۇچقۇنلارنىڭ غىل-پال چاقناپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى ۋە ئۇ ھەقتە گەپ ئاچقانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

گۈلنار چۈشىنىپ يەتمەيدىغان، ئويلاپمۇ تاپالمايدىغان بىر يوشۇرۇن ئازابتا قىينالماقتا ئىدى. ئۇ پازىلجاننىڭ مۇئامىلىسى يىرىكلىشىشكە باشلىغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى، ئۆزىدىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلالمىدى. ئەسلىمە ئادەمگە يا خۇشاللىق، يا ئازاب ئەكېلىدۇ. گۈلنارنىڭ ئەسلىمىلىرى ئۆزىگە ئۈست-ئۈستىلەپ ئازاب ئەكېلىۋاتىسىمۇ، ئۇنىڭدىن گۇمانلانغۇسى كەلمەيتتى، ئەيىبلەشكە تىلى بارمايتتى. قايسى كۈنى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن قوشنا ئايال قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ تۇرۇپ، پازىلجاننىڭ بەزى كۈنلىرى ئۆيىگە كەلمەيدىغانلىقى، كەلسىمۇ ناھايىتى كەچ كېلىدىغانلىقى، تېخى بىر قېتىم بىر ئايالنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. لېكىن گۈلنار ئۇنىڭدىن يەنىلا گۇمانلانمىدى: ئەر كىشىنىڭ يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيدۇ، ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىدىغاندۇ، بەزىدە قونۇپمۇ قالىدىغاندۇ، ئىدارىسىدە ئاياللار كۆپ، بىرەرى مەلۇم ئىش بىلەن كەلگەندۇ، بۇرۇنمۇ كېلىدىغان دەپ ئويلىدى.

گۈلنار ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، پازىلجاننىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەنىلا قاپقى ئېچىلمىدى، ئۇ ياش تۇغۇتلۇق ئايالنى يالغۇزدىن يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېچىلەردە كېلەتتى. بەزىدە بولۇشىچە ئىچىپ كېلىپ ئۇنى تىللايتتى. ئۇرۇشقا تەمشىلەتتى، گۈلنار ھەرقانچە ئېغىر ئاھانەتلەرنى ئاڭلىسىمۇ گەپ ياندۇرمايتتى، شۇڭا تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. تازا خورلۇق ھېس قىلىۋاتقىنى — پازىلجان سەككىز - ئون كۈندىن بېرى بالىنى بىر قېتىممۇ قولىغا ئېلىپ قويغىنى، ئەركىلىتىپ باققىنى يوق. كۆڭلىگە تېگىدىغان گەپلەر، قىلىقلار كۈندە نەچچە قېتىم تەكرارلانسىمۇ، گۈلنار ھامان كۆڭلىگە ئالماسلىققا ۋە ئۇنى ئۇنتۇشقا تىرىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى قولىغا ئالغان گۈلنار:

— پازىلجان، ئوغلىڭىزغا سىزنىڭ ھېلىقى چاغدىكى ئارزۇيىڭىز بويىچە ئادىلجان دەپ ئىسىم قويدۇق، — دېدى.

— ياخشى بوپتۇ.

— قاراڭ، — دېدى ئۇ يەنە ئوغلىنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ، — ئادىلجاننىڭ كۆزى سىزنىڭكىدەك قارا بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئەخمەق، مېنىڭكىدەك قارا كۆز بولامدۇ، سېنىڭكىدەك چېقىر كۆز بولامدۇ، ھازىر نەدىن بىلسەن؟

گۈلنار يۈرىكى تۆۋەن تارتىۋاتقان ئادەمدەك ئىككى پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپلا قالدى ۋە پازىلجانغا پەرىشان ھالدا تىكىلىپ قارىدى.

— قارايسەنغۇ، ئادەمنى يېۋېتىدىغاندەك.

— سىزگە ئەمدى قارىغىلىمۇ بولمايدىكەن - دە؟

www.uyghurkitap.com

— ئەمدى دەيسەنغۇ؟

— بولدى، پازىلجان، مېنى قىينىماڭ... شۇنچىلىك بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟ مەن تېخى بۇرۇنقى چاغلارنى ئويلاپ يۈرۈپتىمەن.

— بۇرۇنقى چاغلار ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن!

گۈلنارنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى-دە، يۈزلىرى تاتىرىپ، ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ ئوغلىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ تۇرۇۋالدى.

— گۈلنار، مەن سېنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئالدىماسلىقىم كېرەك، — دېدى پازىلجان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — راست گېپىمنى ئېيتاي، مەن سەندىن زېرىكتىم، مېنىڭ ئىچكۈلۈككە بېرىلىشىم، تاياقچى بولۇپ كېتىشىم — سېنىڭدىن، ئائىلىدىن كۆڭلۈم قالغانلىقتىن بولۇۋاتىدۇ.

گۈلنار خۇددى ئەيىبكار ئادەمدەك بېشىنى كۆتۈرەلمەدى، كۆز چاناقلىرىغا تولغان ياش ئۇنى خورلاۋاتقاندەك سېزىلدى.

— مەن ئالدىڭىزدا يىرگىنچلىك ئادەم بولۇپ قاپتىمەن-دە؟

— شۇنداق، سەن ئاڭلىق ئادەم، ماڭا يېپىشىۋالماي ئۆزۈڭنىڭ غۇرۇرىنى ساقلىساڭ، بىز چىرايلىق ئاجراشساق.

— ئاجراشساق؟!...، — ئۇ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن پازىلجانغا تىكىلىپ قالدى.

— غۇرۇرىنى يوقاتقان ئايال خارلىقتا قالىدۇ، — دېدى پازىلجان گۈلنارغا قادىلىپ، — خارلىقتا قېلىشنى خالامسەن-يا؟

— بولدى... بولدى، پازىلجان، مېنى ھاقارەتلىمەڭ.

گۈلنارنىڭ كۆز ياشلىرى بالىسىنىڭ مەڭزىگە تېمىپ چۈشمەكتە ئىدى، پازىلجاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە يەنە سانجىلىشقا باشلىدى:

— كۆڭۈلسىز تۇرمۇش — ھايۋانچە تۇرمۇش، ئىنتىلىشى كۆڭلى قالغان ھويلىغا ھەرگىز يېنىپ كىرمەيدۇ...

— بولدى، پازىلجان، يۈرىكىمنى يارا قىلماڭ، بۇرۇنقىلىرىمۇ يېتەر...

— كەينى ئەگىتمەي، ئوچۇق قىلمامسەن!؟

— سىز خالىغان ئىشقا مەن قوشۇلىمەن، مېنىڭدىن شۇنچىلىك بىزار بولغان بولسىڭىز... مەيلى ئاجرىشايلى.

— ئەمىسە بالىنى...

— بولدى مېنىڭدىن تۇغۇلغان بالىنى باقىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، بالام بىلەن بىللە قالسىڭىز ھايۋاندىنمۇ بەتتەر تۇرمۇشقا قالىسىز.

ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ئېيتىلغان ئاشۇ بىرنەچچە جۈملە سۆزدىن كېيىن، بۇ ئائىلىنىڭ تۇرخۇنىدىن ئىس چىقمايدىغان بولدى.

× ×

ئۈمىدى كېسىلگەن ئادەم پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئىلاجسىزلىقتىن كىشىلەرنى ئاشۇنداق روھىي ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. گۈلنار ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ئىككى ھەپتىدىن بېرى يېنىپ كېتەلمەيۋاتقان مەنگەندەك بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈردى. ئەگەر

كۆزنى پىلدىرلىتىپ تۇرغان ئادىلجان بولمىغان بولسا، ئۇ باشقىچە تەقدىرگە گىرىپتار بولغان بولاتتى. ھازىر ئازراق تاماقنىمۇ ئىشتىها بىلەن يېمەيدۇ، قولى ئىشقا بارمايدۇ، مۇبادا ئاپىسى: مۇنداق قىلساڭ، ئادىلجانغىمۇ سۈت چىقمايدۇ، دېمىسە، ئۇ ھېچنېمە يېمىگەنمۇ بولاتتى. مىسكىنلىك — كۆڭلى سۇنۇقلۇقنىڭ ئالامىتى. بۇنداق ئادەمنىڭ ئىشتىهاسى تۇتۇلىدۇ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ، نەپىسى بوغۇلىدۇ، ھېچقانداق نەرسىگە ھەۋىسى بولمايدۇ، ھەتتا ياشاش ئارزۇسى تۇمانلىشىدۇ. ئەمما بىر ئىشقا كەلگەندە، يەنى ئانىسى پازىلجاننى «بۇزۇلدى» دېگەندە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، بۇ پازىلجاننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمىكىن؟...

دۇنيادا بالا ئۇچۇن قانات قېقىپ، كۆيۈكى بېسىلماي ياشايدىغان ئانا بالىغا چىدامدۇ؟ ئۇ شېخى-شېخىدىن سۇنۇپ بەرگى خازان گۈلدەك بولۇپ قالغان قىزىغا ھەر قېتىم سەپسېلىپ قارىغاندا، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلەتتى: «ياپياش تۇرۇپلا تەلەيسىز بولۇپ قالغان قىزىم، — دەپ ئىچ-ئىچىدىن تولغىناتتى، — نېمىشقىمۇ كۆڭلۈڭ نازۇك بولۇپ تۇرىلىپ قالغانسەن، شۇنچە ئىشلىرىغا چىدىغان يەردە ئاشۇ گەپلىرىگە چىدىغان، ئۆيۈڭدە گەپ قىلماي مەھكەم ئولتۇرۇۋالغان بولساڭ، ئىش مۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس ئىدى.»

كەچلىك غىزادىن كېيىن ئايسخان قاچا-قومۇچلارنى يۇيۇپ بولۇپ، بۆشۈك قۇچاقلاپ بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان

قىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلنارنىڭ كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي تەگسىز خىياللارغا كېتىشى ئايىسخاننىڭ يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشتۇراتتى. ئۇ قىزىغا ئېچىنغان هالدا بىردەم قاراپ ئولتۇردى-دە، ئېغىز ئاچتى.

— نېمانچىلا كۆپ خىيال بۇ؟ ئۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويىسەن، قىزىم، سەن تېخى ياش، ئەمدىلا يىگىرمە بىرگە كىردىڭ.

— كىشىلەرگە يېلىنىدىغان ياشلىقنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن!

— ئۇ، يات ئەمەس ئېرىڭغۇ؟ ئېرىڭگە يېلىنساڭ نېمە بوپتۇ، ئەر-خوتۇنچىلىقتا بەزىدە سەن يېلىنىسەن، بەزىدە ئۇ يېلىنىدۇ...

— يەنە قانچىلىك يېلىناتتىم؟

— بالام، هەر هالدا بۇ ئىشتا بىرئاز يېنىكلىك قىپسەن، بىر ئۆيىنى مۇنداقمۇ ئاسان بۇزۇۋەتكەن بارمۇ؟

گۈلنار قايرىلىپ ئاپىسىغا قارىدى.

— هەي، جېنىم ئاپا، ئۇ، سەندىن زېرىكتىم، سەن بىلەن بىرگە بولسام، قەپەسكە سولىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالىمەن، دەپ تۇرسا، يەنە نېمدەپ يېلىنىمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئايىسخان ئويلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— شۇنداقمۇ ئەرلەر بولىدۇ، ئايالى چىرايىدىن كەتسە، باشقا بىرى كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئۆز تۇرمۇشىدىن ۋاز كەچكۈسى، هېلىقى ئوت كۆرۈنگەنگە ئۆيلەنگۈسى كېلىدۇ. سەن ئۆيۈڭنى ئاز ئەجىر بىلەن

www.uyghurkitap.com

تۇتتۇڭمۇ، ئېغىرئاياغ تۇرۇپ ئۆي تازىلايسەن، نان ياقىسەن، كىر يۇيىسەن، تاماق ئېتىسەن، تېخى بازارنىڭ سېتىقلىرىنى قىلىسەن... ئېغىر-يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدىڭ، ئۆيگە ئادەم سېلىپ بەر دېمىدىڭ، ئۇ ۋاپاسىزنى ئاياپ قىلچە ئىشقا سالمىدىڭ، ئۆزۈڭ چىرايىڭدىن كەتتىڭ.

— ھەر قىلسامۇ كۆيۈپ-پىشىپ ئۆز ئۆيۈمنىڭ ئىشىنى قىلدىم، ئاپا.

— شۇنى بىلدىمۇ؟... بىلگۈچىلىكى بولمىغان ئادەمگە تېتىپ قويۇش كېرەك ئىدى. مەن سەندىن چىقمايمەن، زېرىككەن بولساڭ ئۆيدىن ئۆزۈڭ چىق دېگەن بولساڭ نېمە قىلالايتتى، ئاخىر پىلىكتەك يۇمشاپ قالاتتى.

— ياق، ئاپا، ئۇ ھاقارەتلەرگە مەن قانداق چىدايمەن؟

— ھېچ بولمىغاندا ماڭىمۇ مەسلىھەت قىلمىدىڭا؟

— ساڭا مەسلىھەت قىلسام، ئاشۇ ھايۋانىمۇ چىدىمايدىغان ئاھانەتلەرگە چىدىسام بولىدۇ.

— ھەي، جېنىم بالام، — دېدى ئايسىخان يۈرىكى ئېچىشىپ، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، — ئادەم دېگەن باغدىكى ئالمىغا ئوخشىشىدۇ، بەزىلىرى قىپقىزىل، شۇنداق چىرايلىق چېچەكلەيدۇ، ئەمما مېۋىسى ئاچچىق، تەمسىز بولىدۇ. بەزىلىرى ئاقۇچ، كۆرۈمسىز چېچەكلەيدۇ، لېكىن مېۋىسى شۇنداق تەملىك، سۇلۇق بولىدۇ. توۋا دېگۈلۈك، ئېرىڭنىڭ يېقىملىق چىرايى، ئەدەبلىك مۇئامىلىسىگە قاراپ شۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ، دەپ قىلچە ئويلىماپتىكەن-مەن، كۆرگىنىمدىن كۆرمىگىنىم كۆپ ئىكەن.

— ئاۋۋال ئۇنداق ئەمەستى، ئاپا.

— بىر ئادەمنىڭ قانداق ئىكەنلىكنى بىلىش ئۈچۈن، ئىككى تاغار تۇزنى بىللە يېمىسەڭ بولمايدۇ، دېگەن راست گەپ ئىكەن، كۆڭلۈمگە شۇنداق ئايان تۇرۇپتۇ، بالام. ئۇ بۇزۇلدى، بىرى بۇزدى. بوپتۇ، ساڭا قىلدىم دەمدۇ، تارتقۇلۇقى بار ئۇنىڭ، كۆرەرمىز، بۇرۇندىن يېتىلەپ ماڭدىغان بىرىگە ئۆيلىنەر، خوتۇنى ئويلىمامدۇ، بىرىنچى خوتۇنىدىن بۇزۇلغان ئەر، مەندىنمۇ باشقىسىغا بۇزۇلماي قالارمۇ، دەپ ئۇمۇ ئويلايدۇ، شۇڭا ئۇنى ئىت-ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ، خارلايدۇ... سەندەك ئۇنى ئەتىۋارلاپ، پەپىلەپ تۇرىدىغان خوتۇن ئەمدى نەدە تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا خۇدايىمنىڭ كۈنلىرى تېخى ئۇزۇن، كۆرىمىز... يا ئۇ بۇزۇلغىنىغا بۇرۇندىن بولاق بولۇپ، يەتتە تەزىم قىلىپ ئالدىڭغا كېلىدۇ، يا ئۆمۈر بويى خارلىنىپ، رودۇلىشىپ ئۆتىدۇ.

ئانا-بالا ئىككىسى خۇددى بىر قىيىن مەسىلىنى يېشىپ قانائەت ھاسىل قىلغان ئادەمدەك جىمىپ قېلىشتى. بىر چاغدا گۈلنارنىڭ كۆزى ئوغلىغا چۈشتى-دە، كىچىككىنە كۆزىنى پىلدىرلىتىپ ئاچقان ئوغلىنىڭ مەڭزىگە سۆيدى، بىراق ئۆزى تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.

— بولدى، بالام، كۆڭلۈڭنى بۇزما، ۋاپاسىزغا كۆز يېشىڭنى زايە قىلما... دادىسى يوق يېتىمنى بوزەك قىلدىم دەمدۇ؟ ئۆزىگە قىلىدۇ.

ئانا شۇنداق دېدىيۇ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.

قىز بالا ئانا يېشىغا چىدىمايدۇ، ئانا يىغلىسا ھەسرەتلىنىپ تولغىنىدۇ، بەزلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى

كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.
— بولدى قوي، ئاپا، ئەمدى سېنى يىغلاتمايمەن، ھەسرەتلىنىپ يۈرمەيمەن، ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بارىمەن، مەكتەپ ھاياتى جۇشقۇن ھايات، خۇددى قايناۋاتقان قازاندەك قايناق ھايات: ئۆپچۆرەمدە چۇرۇقلىشىپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىم مېنى غەمدىن، خىيالدىن خالاس قىلىدۇ. بولدى، ئاپا، مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىمەن، مېنىڭ خۇشاللىقىم — مەكتىپىم، سەن، ئادىلجان!
— ئۇھ... ئىرادەڭدىن ئايلىناي، قىزىم!

× ×

جۇشقۇن مەكتەپ ھاياتى ھەرقانچە تەسەللى، بەزلەشلەردىن ئۈستۈن ئىكەن، گۈلنار مەكتەپكە كەلگەن كۈندىن تارتىپ، ھەسرەت-ئازابلىرىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. چۈشكىچە بىرنەچچە سائەت دەرس، چۈشتىن كېيىنكى تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولۇش، ئاتا-ئانىلار بىلەن بولغان سۆھبەت ھەرقانچە كۆتۈشلەردىن ئۈستۈن كېلىپ، ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى. مەڭزىلىرىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، بىرنەچچە ئايدىن بېرى تۇتۇق يۈرگەن چىرايىنى ئاچتى. كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئەتىكى دەرسكە تەييارلىق قىلىش، تاپشۇرۇق، دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈش، ئادىلجانىنى ئەركىلىتىش ئۇنى مۇڭلۇق خىياللاردىن قۇتۇلدۇردى.
ئايسىخاننىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. قىزىنىڭ يۈزىدە،

مېڭىش-تۇرۇشلىرىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان خاتىرجەملىك، ئوچۇق-يورۇقلۇق، يېنىك، چەبدەس ھەرىكەتلەر ئۇنىڭ غەم-قايغۇسىز، خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، خۇددى قوقاس دەسسىۋالغاندەك يۈرگەن ئايسخان مانا بۇنىڭدىن سۆيۈنەتتى، يېنىك تىناتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئانىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپماي، قىزىنى تېخىمۇ خۇشال، غەمسىز يۈرۈشكە، كۆڭۈل ئېچىشلارغا دەۋەت قىلىپ تۇراتتى:

— بالاڭغا مەن قاراپ تۇراي، كىنو كۆرۈپ كەلسەڭچۇ، قىزىم؟

— كۆڭلۈم تارتمايدۇ.

— دوستلىرىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئولتۇرۇپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟

— كۆرۈۋاتىسەنغۇ، ئاپا، ئىشلىرىمنىڭ جىقلىقىنى، بېشىمنى تاتىلاشقىمۇ چولام يوق.

لېكىن ئاپىسى قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقان مەزگىلمۇ بولدى، قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۇ گۈلنارغا مۇنداق دېدى:

— ئادىلجاننى چىرايلىق يۆگەپ كۆتۈرۈپ، كوچىلارنى ئايلىنىپ ناغرىخاننى كۆرۈپ كەلسەڭچۇ، بالام، ھېيتنىڭ قىزىقى باشقىچە بولىدۇ؟

— ماقۇل، ئاپا، مۇشۇ ھېيتتا كوچىلارنى، باغچىنى ئايلىنىپ كېلىشنى ئادىلجان تۇغۇلماستا كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان. ماقۇل ئايلىنىپ كېلەي.

ھېلىقى چاغدا گۈلنار بىلەن پازىلجان مەسلىھەتلەشكەن قۇتلۇق كۈن كەلدى، بىراق ھازىر گۈلنار ئۆزى

يالغۇز، يالغۇز بولسا نېمە بوپتۇ، يالغۇزمەن دەپ شۇ چاغدىكى ئارزۇسىنى ئۇرۇندىمسا بولامدۇ؟ جورىسىز چىقىپسەن دەپ ھېچكىم ئۇنى قوغلىۋەتمەس.

ئۇ تىكتۇرۇلگىنىگە بىرنەچچە ئاي بولغان پىلاتى-يوپكىسىنى كىيىپ، ئادىلجاننى چىرايلىق يۆگەپ كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقتى. بۈگۈن ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى. ئون بىرىنچى ئاي بولغىنىغا قارىماي، ھاۋا خېلى ياخشى ئىدى. كوچىلار يېڭى كىيىملىك كىشىلەر بىلەن تولغان. ئادەتتە كوچىغا كەم چىقىدىغان قىزلار، چوكانلار ھېيتنىڭ تۈگەپ كېتىپ بارغىنىغا ئۆكۈنۈپ، ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ كوچىغا چىقىشقان. بىرنەچچە يەردە چېلىنىۋاتقان ناغرىلارنىڭ ئاۋازى يۈرەكلەر قېتىدىكى خۇشاللىقلارنى ئىپادە قىلىپ جاراڭلىماقتا، كىشىلەرنى بەخت ۋە شادلىق بۆشۈكىگە بۆلىگەندەك رىتىملىق تەۋرىمەكتە. گۈلنار ئادىلجاننى كۆتۈرگىنىچە يېنىك قەدەم تاشلاپ قايناق كوچىلار بويلاپ كېلەتتى. كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىدە، كۆزلىرىدە، لەۋلىرىدە خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلىنىگەن ئىدى. ئەمما گۈلنار ئۆزىنىڭ خۇشال ياكى خۇشال ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالمايتتى. شۇ ئارىلىقتا يولنىڭ چېتىدە ۋېلسىپىت تۇتۇپ تۇرغان بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ گېپى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى:

— ۋېلسىپىتىڭىزنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئويىنىتىپ كېلەيمۇ دېمەمسىز، — دېدى قىز قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ.

— ۋېلسىپىت ئايلانسۇن، ئولتۇرۇڭ.

— مېنى كۆرسە ياقىڭىزغا ئېسىلىدىغان قىزلىرىڭىز باردۇر؟

— سىز تۇرغان يەردە ئۇلار بىر تىيىن...
گۈلنار ئويلاپ قالدى: توۋا، ئۆزى بىر چىرايلىق قىز ئىكەن، نېمىگە ئېرىشمەكچىدۇ؟ ئاشۇنداق تونۇشۇش، ئۇچرىشىش، سەيلە قىلىش ئۆزىنى قايسى ئاقىۋەتكە كەلتۈرىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ؟ خۇش بولغان بىر كۈن ھەسرەتلىك يۈز كۈننى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆمۈربويى ئازابلىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟...
ئۇ ئادەملەر ئولاشقان توپنىڭ يېنىغا كەلدى، توپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا بىر ياش ئايال قولىنى جۈنۈپ، بىر ئادەمنى ئەيىبلەۋاتاتتى:
— مېنى سوراقتا تارتىش ھەددىڭ ئەمەس، قويۇشنى قويۇۋېتىپ، ئەمدى چىدىماي قالدىڭمۇ؟... ئۆزۈڭنى چاغلاپ قويساڭ بولمامدۇ؟ مەن نېمىدىگەن، ئەمدى ئىچىڭ ئاداۋاتامدۇ؟ بىلىپ قوي، خالىغان ئادىمىم بىلەن مۇشۇنداق كۆزۈڭچە يۈرىمەن، ئوينايمەن!...
گۈلنار بۇ يەردىن تېز كەتتى، يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ نەپسى بوغۇلدى. ئۇ بىلدىكى، ھېلىقى ئەر مەلۇم سەۋەب بىلەن ئايالىنى قويۇۋەتكەن، ئايالى باشقا بىرى بىلەن يۈرگەندە كۆندەشلىكى تۇتۇپ ئالدىنى توسۇۋالغان... بۇنداق بېشەملىك قىلىشماي، ئەرمۇ تۈز يولى بىلەن كەلسە، ئايالمۇ ئۇنى كەچۈرۈۋەتسە ياخشى بولماسمىدى؟ — دەپ ئويلىدى گۈلنار، — ئەگەر پازىلجان كەچۈرۈم سوراپ ئالدىمغا كەلسىچۇ؟ مەن قانداق قىلىشىم كېرەك، كەچۈرۈۋېتەمدىم؟ بىلمەيمەن. بەلكى ھازىر مېنى، ئادىلجاننى ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئۈچ كۈن ھېيت تۈگگۈچە

بالىسنى كۆرگىلى كەلمىگىنىگە قارىغاندا قىلىپ قويغان ئەسكىلىكىگە ئىزا تارتقاندۇر...

گۈلنارنىڭ كۆزى يولنىڭ چېتىدە پارالڭىلىشىپ تۇرغان بوۋاي بىلەن مومايغا چۈشتى. بوۋاي قول ياغلىقتا چىگىلگەن قىزىل ئالمىدىن ئىككىنى ئېلىپ مومايغا ئۇزاتتى:

— يەپ باقىن، كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنگەن، ئېلىۋالدىم.

— ھەشقاللا، — موماي ئالمىنى ئالدى-دە، پۇرىدى.

— ئا-ھاي، ياشلىقتا بەرگەن ئالمىلار پۇرىغان بىلەن، — دېدى بوۋاي نۇرسىز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — ھازىرقىسى پۇرامدۇ، مەلىكىخان؟

— ئاشۇ ياشلىق چاغلارنى ئەسلەپ پۇرايمەن-دە، — دېدى مومايمۇ ياشاڭغىراپ قالغان كۆزلىرى بىلەن كۈلۈپ، — نېمىشقا پۇرىمايدۇ؟ تازا پۇرايدۇ.

گۈلنار كۈلۈپ كەتتى-دە، ئويلاپ قالدى: قاراڭلار، ئۇلار بەللىرى مۈكچەيگەن، چېشلىرى سارغايغان، كۈچ-قۇۋۋىتىدىن كەتكەن تۇرۇپمۇ، ياشلىقىنى، مۇھەببىتىنى ئۇنتۇماپتۇ، مەن مېنىڭ ئۇنتۇپ كېتىمەن دېسەممۇ ئۇنتۇيالمايدىكەنمەن-دە... قىز تەككەن ئەر شۇنداق بولامدىكىن...

گۈلنار باغچىغا كىردى. ئۇ يەردىمۇ كىشىلەر كۆپ ئىدى. يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىغا قارىماي، جۈپ-جۈپى بىلەن قىز-يىگىتلەر، باللىرىنى كۆتۈرۈشكەن ياكى يېتىلىشىۋالغان ئەر-ئاياللار تەرەپ-تەرەپلەرگە كەتكەن ئاسفالت يوللاردا سەيلە قىلىشىپ يۈرەتتى، كىچىك باللار قىيغىتىشىپ ئوينايتتى.



www.uyghurkitap.com

گۈلنار باغچىنى بىر سائەتتەك ئايلىنىپ، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قويۇق ئورمانلىق ئارىسىغا ئورنىتىلغان ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئولتۇراي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆزىدىن خېلىلا يىراقلىقتا، باغچىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىپ بارغان بىر جۈپ ئەر-ئايالغا كۆزى چۈشتى-دە، نېمىشقىدۇر يۈرىكى «قارت» لا قىلىپ قالدى، قولىدىكى بالا يەرگە چۈشۈپ كېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇ پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ چىققان سوغۇق تەرنى سۈرتۈۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك تۇرۇپ كەتتى: «ئاۋۇسى ئەجەب پازىلجانغا ئوخشايدىكىنا ،شۇمىدۇ؟ يېنىدىكىكىمدۇ؟ ...، — ئۇ يۈرىكىنى بىرى ئۆتكۈر تىرنىقى بىلەن تاتىلاۋاتقاندەك ئازابلىنىپ تولغاندى، — تۇرۇپ تۇراي، ھېلى قايتىپ قالار.»

گۈلنار ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئەسكى چۈش كۆرگەن ئادەمدەك، ئېغىر روھىي ئازابتا دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاشۇ ياققا قاراپ ئولتۇردى. كۆڭ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم، پەرىشان ئىدى. مەيۈس كۆزلىرىنى بەرگىدىن ئۈزۈلۈپ ئىرغاڭلاپ چۈشۈۋاتقان يوپۇرماقلارغا تىكتى، ئۆزىنى ئەتراپىدا، ئېرىق ئىچلىرىدە سارغىيىپ ياتقان يوپۇرماقلارغا قىياس قىلدى. ئازابلىق خىياللار بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ، باغچىنىڭ ئاسفالتلىق يول ياقلىرىدىكى چىراغلار ياندى. گۈلنار قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىكى قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان يولغا قاراپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى ئىككىسى كۆرۈندى، يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئۇرۇپ كەتكەن گۈلنار، زەن سېلىپ قارىدى-دە،

www.uyghurkitap.com

پازىلجاننى تونۇپ قالدى. ئۇ ھېلىقى ئۆزى بىلەن پارە قىلىپ تىكتۈرگەن قارا كۆك سارجا كاستۇم-بۇرۇلكىسىنى كىيىۋاپتۇ، ئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى تېشىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇنى قولتۇقلاپ كېلىۋاتقان كىمدۇ؟ ئۇلار يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، گۈلنار ئېلېكتر نۇرىنىڭ يورۇقىدا ئۇنى تونۇدى: ماشىنىچى خوتۇن! ئاھ... ھېلىقى چىرايلىق ماشىنىچى خوتۇن!...

ئۇمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدىكىدەك قارا كۆك سارجىدىن پىلاتى-يوپكا كىيىپ، پازىلجانغا ئوخشاش، ئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى تېشىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. ئەنە، ئىككىسى قىزىق پاراڭ بىلەن گۈلنارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، گويا گۈلنارنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئۆزى ئارزۇ قىلغان يۈرۈشتە، كىيىمدە، ھېچكىمنى مەنسىتمەي كېتىۋاتىدۇ، گۈلنار ئۆزىنى شۇنچىلىك يوقىتىپ قويدىكى، ئۇلارنىڭ نىمە دىيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىۋېلىش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىدى.

ئۇلار ئۆتۈپ كەتتى. گۈلنار قوقاستا پۈچىلانغاندەك تولغىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن لەۋلىرى پىچىرلىدى: «ھەي، ماشىنىچى خوتۇن، سەن ئېرىمنىڭ ئۇچىسىغا قارا كۆك سارجىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىدىغان، مەستخۇش قىلىدىغان دورىدىن كاستۇم-بۇرۇلكا تىككەنىكەنسەن - دە!»

بالىسى يىغلىمىغان بولسا، گۈلنار ئولتۇرغان ئورنىدا يەنە قانچىلىك ئولتۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ بالىسىنى ئېمىتتى-دە، ئورنىدىن تۇردى، بۇ چاغدا باغچىدا سەيلە قىلىدىغانلارمۇ سىيرىلىككەنىدى.

گۈلنار باغچىدىن ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي دېگۈدەك يېنىپ چىقتى ۋە ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مۇنۇ مەنزىرىلەر كەلدى:

ئادىلجان قورساقتا بەش ئايلىق بولغان چاغلار ئىدى. بىر كۈنى گۈلنار پازىلجانغا:

— بالىمىز ئوغۇلمىدۇ، قىزمىدۇ؟ — دېدى ئاستا پىچىرلاپ، — سىزچە قايسىسى بولسا ياخشى؟

— قايسىسى بولسا ئوخشاش ئەمەسمۇ.

— ئارزۇيىڭىز باردۇر؟

— ئەلۋەتتە بار، ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغۇپ بەرسىڭىزلا بولدى.

گۈلنار بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي يەنە سورىدى:

— ئارزۇيىڭىزدىكىدەك بولۇپ قالسا، ئۇلارغا نېمىدەپ ئىسىم قويىمىز؟

— ئوغۇللىرىمىزغا ماڭا يېقىن «ئادىلجان»، «كامىلجان» دەپ، قىزلىرىمىزغا سىزگە يېقىن «گۈلزار»، «گۈلباھار» دەپ ئات قويىمىز-دە.

يۈرەككە ئورناپ كەتكەن بۇ ئىشلار گۈلنارنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئازابلىدى-دە، يول بويى مۇنۇ بىرلا گەپنى پىچىرلاپ ماڭدى:

«ۋاي ئىست، نېمىشقىمۇ باغچىغا كىرگەندىمەن؟...»

## 5

ئادىلجان بەش ياشقا كىردى، شۇنىڭغىچە ئۇ، ئەركىن ئۆسكەنىدى. بىراق ئەمدى مىسكىن چوڭ بولۇشقا

باشلىدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك دادىسىنى سوراشتۇرىدىغان ۋە ئانىسىنىڭ جاۋابىدىن كۆڭلى يېرىم بولىدىغان بولدى.
— ئاپا، دادام نەدە؟
— ئۆلۈپ كەتكەن.
بۇ ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان سوئال-جاۋابلار، شۇنداقتىمۇ ئانىسىنىڭ جاۋابى ئادىلجاننىڭ كىچىككىنە يۈرىكىنى تىترىتەتتى ۋە ئويلاندۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بارا-بارا ئىچكىرىلەپ سوئال سورايدىغان بولۇۋالدى:
— نېمىشقا ئۆلۈپ كەتكەن؟
— ئاغرىپ.
— روزىنىڭ دادىسى ئاغرىپ ساقايدىغۇ؟
— سېنىڭ داداڭ ساقايمىغان.
— نېمىشقا باشقىلارنىڭ دادىسى ساقىيىدۇ، مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كېتىدۇ؟
— سېنىڭ داداڭ ساقايماس كېسەل بولۇپ قالغان.
— ساقايماس كېسەل دېگەن قانداق بولىدۇ، ئاپا؟
— قانداق بولاتتى، داداڭدەك ئۆلىدۇ!
گۈلنار ئىچىدىكى پۈتۈن دەرد-ئەلىمىنى چىقىرىۋەتكەندەك ئاچچىق جاۋاب بەرسىمۇ، لېكىن كۆڭلى ئاغرىغانلىقىنى، ئازابلانغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بالىچۇ؟ خۇددى ئانىسىدىن قاتتىق تاياق يەپ قاچقاندەك، شۇ جاۋابنى ئالغان ھامان كەينىگە بۇرۇلاتتى-دە، يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ كېتەتتى ياكى كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ئۆپكىدەپ: «نېمىشقا مېنىڭلا دادام ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۆلمىسە بولمامدۇ؟» دەپ يىغلايتتى. قانغۇدەك يىغلىغاندىن كېيىن، يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ ئۆيىگە كىرەتتى. گۈلنارنىڭ ئۆزى بەرگەن جاۋابتىن ئۆزى

تولغىنىپو، قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى ئادىلجان نەدىنمۇ بىلسۇن، گويا سوراۋەرسە، ئانىسى «داداڭ بار» دەۋېتىدىغاندەك ئۇنىڭ ئاشۇ سوئاللارنى تەكرار-تەكرار سورىغۇسى كېلىپلا تۇراتتى. كۆتكىنىدەك جاۋاب بېرەلمىگەنـ-دىن كېيىن، تېخىمۇ مەيۇس، غەمكىن بولۇپ قالاتتى.
ئادىلجانىنىڭ مىسكىنلىشىپ يۇرۇشى گۈلنارنىڭ يۇرەك-باغرىنى ئېزەتتى. بولمسا، ئۇ، بالىنى كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن دەپ، شۇنچە ئەتىۋارلاپ، دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ چوڭ قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرى باشقا باللارنىڭكىدىن كۆپ، تېخى كىيىملىرىمۇ ئېسىل. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ چىرايى يەنە نېمىشقا مىسكىن؟ گۈلنار شۇنى ھېس قىلدىكى: ئاتا مېھرىگە قانمىغان بالا ھەرقانچە ياخشى بېقىلسىمۇ، بەرىبىر مىسكىن چوڭ بولىدىكەن، تېخى «ئالتۇن باشلىق داداڭ بىلەن قالغۇچە، پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلماپتىكەن، ئەگەر دادىسى بىلەن قالغان بولسا، تېخىمۇ مىسكىن، سولغۇن چوڭ بولاتتىكەن-دە... ھەي جېنىم بالام، — دەپ ئويلىدى گۈلنار، — بوينىنى قىسىپ قالغان بالام، سەن كىچىكىنە تۇرۇپ داداڭنىڭ قەدرى ئۆتتۇلۇپ، تولغىنىپ، كۆيۇپ يۇرسەن. داداڭ شۇ تۇرقىدا نەدە، نېمىلەرنى قىلىپ يۇرىدۇ، بىلەمسەن؟ ئۇ سېنى ئويلاپمۇ قويغىنى يوق، بەلكى ئويلىغۇدەك ھالىمۇ يوق. ئۇنى قانچە سۆرۈشتۈرسەڭمۇ، ئىزدىسەڭمۇ، سېغىنساڭمۇ بەرىبىر خىيالىدا يوقسەن...
قەدىرلىك كىتابخان! پازىلجانىنىڭ گۈلنارنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، قانداق كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇيلاۋاتقانسىز، ئۇنىڭ ئەختەرنىسا بىلەن تويى قىلىپ، قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى بىلگۈڭىز كېلىۋاتقاندۇ؟ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قۇرغىنىغا بەش يىلدىن ئېشىپ قالدى. ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىشتىن كېلىپ كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىش جەريانىدىكى ئىشىنىلا كۆرۈپ، گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ.

ئەختەرنىسا ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، نېمە تاماق ئەتسەم بولار، دەپ تۇرۇشىغا، ئۆيگە پازىلجان كىرىپ كەلدى. ئۇ ھازىر ئۆزگىرىپ كەتكەن — چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرى كېپىكىنىڭكىدەك پىلدىرلاپ قالغان، كۆزىنىڭ ئەتراپىغا ئۇششاق قورۇقلار چۈشكەن، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇستىرا تەگمەي، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتلىرى چىرايىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، كۆرۈمسىز تۇسكە كىرگۈزگەن، بېشىدىكى شەپكىسى، ئۇچىسىدىكى تۆت يانچۇقلۇق خادانى چاپىنى ئۆزىگە چوڭ كېلىپ، خۇددى باشقا بىرىنىڭكىنى كىيىۋالغاندەك جۇدىگەن. ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلىقى، ئاستا تەۋرىنىپ تۇرۇشى گويا كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەچ كۈزدىكى ئىزغىرىن شامالدا يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن يالىڭاچ دەرەخنى كەلتۈرىدۇ.

پازىلجان ئەختەرنىساغا لىپ-لىپ قىلىپ قارايتتى.

— ئاۋۇ يۇندىنى تۆكۈۋېتىڭ، — دېدى ئەختەرنىسا.

پازىلجان لىقمۇلىق يۇندا تولغان داسنى كۆتۈرۈپ دوكۇلداپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇ يۇندىنى تۆكۈۋېتىپ كىرىشىگە:

— سەي ئاقلاڭ، — دېدى، — تاماققا كەچ قالىمىز.

ئۇ كۆكتاتلارنى تازىلاپ يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەختەرنىسانىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ئوچاقتا ئوت قالاپ، بولۇپ، نېماندداق نوغۇچ يۇتۇۋالغان ئادەمدەك تۇرىسىز، ئەتىگەنلىك كۆمۈرلەرنى ئاچىقىپ قويۇپ...

— ئالدىرىماڭ، ئۆز نۆۋىتى بىلەن قىلىمامدىم...

— ئالدىرىماڭ؟... مەن سۆرەلمىلىكنى يامان كۆرىمەن، ئىش دېگەننى جاق-جاق قىلىش كېرەك، سەينىڭ ئەخلەتلىرىنى تۆكۈۋېتىش، خىشلارنى يۇيۇۋېتىش، پاسكىنا ئۆيدە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش بولمايدۇ.

پازىلجاننىڭ بۇرۇنقى كۆڭلىرى يادىغا چۈشۈپ قالسا قولى ئىشتا تۇرۇپمۇ، نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ قوياتتى.

— ۋاي-ۋۇي، بۇيرۇيدىغان ئىشلىرىڭىزمۇ تۈگىمەيدىكەن...

— ئەلۋەتتە تۈگىمەيدۇ، بۇ ئۆينى ئىككىمىز تەڭ تۇتىمىز ئەمەسمۇ، پازىلجان.

— ئەر كىشى تالانىڭ ئىشىنى، ئايال كىشى ئۆينىڭ ئىشىنى قىلمامدۇ؟

— تالانىڭ ئىشىنى قانچىلىك قىلىۋاتىسىز؟

— سىزچۇ، خېمىر يۇغۇرۇپ قويۇپ ئولتۇرىسىزغۇ؟

— ئۆزىڭىزنى مەن بىلەن سېلىشتۇرماقچىمۇ؟ سېلىشتۇرغىڭىز كەلسە ئۇرۇمچىنىڭ ئەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ.

— ئۇ دېگەن ئۇرۇمچى، بۇ يەردە خەقلەر ئۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

— ئالدىرىماڭ، ئۇ يەرنىڭ ئەرلىرىدىن سىزنىڭ نەرىڭىز ئوشۇق؟ ئاددىي بىر خىزمەتچىسىز، ئۇلارچۇ؟ بىرى ئالىم، بىرى ئىنژېنېر، بىرى كاتتا دوختۇر، بىرى

باشلىق. سىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئادەم ئىدىڭىز؟...
مەنچۇ قاراڭ، ئۆيدە ئولتۇرغان بىكارچى خوتۇن ئەمەس، سىزدىن جىقراق پۇل تېپىۋاتقان خوتۇنمەن. تېخى بۇ يەردە خەقلەر ئۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ دەيسىزا، مېنىڭ تاپقان پۇلۇمنىغۇ كۆتۈرەر؟...

ئۇلار تۇرمۇش قۇرۇپ خېلى بىر مەزگىلگىچە بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشىپ ئۆتۈشكەن. ئەختەرنىسا پازىلجان ئىشتىن يېنىپ كەلگۈچە تاماقنى تەييار قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئېغىر-يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلاتتى، پازىلجان قولىغا چىغ سۈپۈرگىنى ئالسا، بولدى كىيىملىرىڭىزنى بۇلغىماڭ، دەيتتى، گويا ئايالىنىڭ ۋەزىپىسى ئەرنى كۈتۈشلا دېگەندەك، پازىلجانغا قىلىشقا ئىش قويمايتتى. ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرسا شىبلىتى مايلاقلىق، كاستۇم-بۇرۇلكىلىرى دەزمال سېلىنغلىق بولاتتى. بازارغا ماڭماقچى بولسا، ئەينەككە نەچچە قارىغۇزۇپ ماڭغۇزاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى بىرنەچچە ئېغىز شېرىن-شېكەر، مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى تۆكۈپ تۇراتتى. شۇڭا پازىلجان دەسلەپتىلا ئەختەرنىساغا يولۇقۇپ قالمىغانلىقىغا ئۆكۈنگەن، ھەتتا ئۇنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى بىلگەندە «تۇغماس بولسا تېخى ياخشى، نېمە قىلىدۇ، جاننى قىيناپ بالا بېقىپ، بالىسىز ئادەم قېرىمايدۇ» دېگەنىدى.

بىر يىلدىن كېيىن ئەختەرنىسا پازىلجاننى قانداق باشقۇرۇشنى، قانداق تۇتۇشنى جەزملەشتۈردى. قىز تەگكەن ئېرىمنى مىنىڭچىلىك كۈتكەن ئادەم يوقتۇر، — دەپ ئويلىغانىدى ئۇ، — چېتىنگە چۆپ قوندۇرمىدىم،

ياقىسىنى كىر قىلمىدىم، كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىدا ياخشى يۈرسۇن دېدىم، ھۆرمەت قىلدىم، ئەۋلىيا ئورنىدا كۆردۈم. بىراق ئېسىل كىيىم، قاملاشقان چىراي، ئىززەت-ئىكرام ئۇنى بۇزدى. باشقىلار ئۇنى مەندىن تارتىپ كەتتى. رودۇلىشىپ يۈرگەن بولسا ھېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمەس ئىدى. ياش تۇرۇپ تۇل خوتۇن دېگەن نام پېشانەمگە يېزىلماس ئىدى. ئەر دېگەننى ياساندۇرۇپ قويۇش، ھۆرمەتلەپ ئەتۋارلاش ئەخمەقنىڭ ئىشى. قانچە ياساندۇرساڭ، ھۆرمەتلىسەڭ، شۇنچە تېز ئايرىلىسەن. ۋاقتى-ۋاقتىدا جۆنۈپ، دۆشكە-لەپ، ھەممە ئىشقا سېلىپ تۇرۇش كېرەك، ساڭا ئەر بولۇپ بەرسىلا بولمىدىمۇ، ئەتۋارلاپ، ئېسىل كىيىملەرگە پۈركەپ خان قىلاتتىڭمۇ؟! ... چىرايلىق يۈرسۇن دېسەڭ زىيان تارتقىنىڭ تارتقان. رودۇلىشىپ، كۆرۈمسىز يۈرسە، ساڭا ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ تۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەڭگۈ بالىمىز بولمايدۇ، بالا ئاتا بىلەن ئانىنى باغلاپ تۇرىدىغان زەنجىر، دېمەك بالىلىق ئائىلە — زەنجىرلىك ئائىلە. ئۇ ئاشۇ زەنجىرنى ئۈزۈپ كەلگەن. بىزنىڭ ئائىلە — زەنجىرسىز ئائىلە، ئۇنىڭ بۇ ئۆيدىن كېتىشى ئاسان. شۇڭا ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمەسلىكى، ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارغا كۆزى چۈشكىدەك ھالى، ھەۋىسى، سۆلىتى بولماسلىقى كېرەك.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئائىلىدە چوڭ بولمىسىمۇ، كىچىكرەك جېدەللەر، گەپ تالىشىشلار كۆرۈلمەي قالغىنى يوق. بۇنىڭغىمۇ ئەختەرنىسانىڭ چارىسى بار، ھەممىلا ۋاقىتتا ئۇ پازىلجاننى سىلكىپ، جۆنۈپ، دۆشكەلەپ يۈرمەيدۇ.

ئەگەر پازىلجاندا قېيداش، خاپىلىق كۆرۈلسە، ئەختەرنىسا چىرايلىق گەپ، ناز-كەرەشمە بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدە قاتقان مۇزلارنى ئېرىتەلەيدۇ.

× ×

كېچە جىمجىتلىقمۇ كىشىگە مۇڭ ۋە خىيال ئەكېلىدۇ. گۈلنار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئانىسى يىڭنە ئىشى بىلەن بەند، ئادىلجان بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ. يىراق-يىراقلاردا كىملەرنىڭدۇ ئېيتقان ناخشىسى سۇس ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ناخشىلار بۈگۈن ئۇنىڭغا باشقىچىرەك تەسىر قىلماقتا. بەختسىزلىكنى ئۇنتۇپ كېتىش تەس، چۈنكى يۈرەكتە ئۇنىڭ ھەسرىتى، دېغى، يارىسى قالىدۇ.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا توزغاقتەك توزۇپ كەتكەن ئائىلىسى، مەنگەن ئۆتىدەك بىردەمدىلا يىنىپ ئۆچكەن تۇرمۇشى كېلىۋالدى. خارلىنىش، ياش تۇرۇپ تۇل قېلىش — بىغەم ئايال ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش، ئىچى كۆچلۈك ئايال ئۈچۈن ئېيتقۇسىز ئېغىر ئازاب. ئۇ پازىلجانغا تېگىپ بىر يىلغا يېتەر-يەتمەس ۋاقىت بەختلىك، قۇۋناق تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى، لېكىن ئۇ كۈنلەر شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتتى، ئازابلىق كۈنلەر سۆرىلىپ ئۆتكەن بىلەن، بەختىيار كۈنلەرغۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن... بەرگىدىن ئۈزۈۋېلىپ سۇغا چىلاپ قويغان گۈل، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىرنەچچە كۈنلا ياشىرىپ تۇرالايدۇ، مېنىڭ

بەختىم ئاشۇ كۆلگە ئوخشىشىدۇ. شۇ تۇرقىدا بۇ كەڭرى دۇنيادا خىلمۇخىل ئىشلار يۈز بېرىۋاتقاندۇر، بىرلىرى شادلىقتا كۈلۈۋاتقاندۇر، بىرلىرى دەرد-ئەلەمدە ئۆرتىنىۋاتقاندۇر، يەنە بىرلىرى بەختسىزلىكتىن تولغىنىۋاتقاندۇر. مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن بۇ سەۋدا شۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ بىرى، نېمە چارە، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىم...

گۈلنار ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، ئالدىدىكى تاپشۇرۇق دەپتەرلەردىن بىرىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلدى. لېكىن كۆزىگە بىرمۇ خەت كۆرۈنمىدى، قولى ئاچچىق شامالدا تىترەۋاتقان مەجنۇنتالدەك تىترىدى.

ئايسىخان ئۆز ئىشى بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئولتۇرغاندەك قىلغان بىلەن، گۈلنارغا يەر ئاستىدىن قاراپ-قاراپ قوياتتى. ئانا ھەممىنى سېزەتتى، ھېس قىلاتتى. قىزىنىڭ نېمە ئويدا، قانداق ئازابتا ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۈنۈگۈنكى ئىشنى قىزىغا ئەسلىدە خۇشال چېغىدا ئېيتماقچىدى، بىراق ھازىرقى ھالىتىگە چىدىمىدى-دە، ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

— قىزىم، ئىشىڭ تۈگىدىمۇ؟

گۈلنار چۆچۈپ ئاپىسىغا قارىدى.

— مانا تۈگىدى.

ئايسىخان قولىدىكى ئىشلىرىنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويۇپ، تۈنۈگۈن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئەلچىلەر ئىكەنلىكىنى، بولغۇسى قۇدىلىرىنىڭ ۋە كۈيئوغۇلنىڭ ياخشى خەقلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭمۇ ئۇزۇندىن بېرى بىلىدىغانلىقىنى بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى.

— بولدى، ئاپا، مېنى بۇ ئىشقا ئەمدى سايە قىلغۇرمە، مەن بۇدۇنيادىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىمەن، — دېدى گۈلنار مەيۈس ئاۋازدا.

— «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىك بولسۇن» دېگەن گەپ بار، دانا قېرىلار نېمىشقا مۇشۇنداق دېگەن؟ بۇ تېگى بار گەپ، تازا ئويدان ئويلاپ باق، ياش تۇرۇپ تۇل ياشاش — ئازابلىق ياشاش. بالام، كۆزۈڭ قورقسا دوستلىرىڭغىمۇ مەسلىھەت سېلىپ باق.

— ھەر ئادەم ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ، ئاپا. كىشلەرنىڭ قارىشى، مىجەز-خۇلقلىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ، مەسلىھەت سېلىپ نېمە قىلاي، بىرمۇنچە سۆز-چۆچەك تېرىپ...

— مۇشۇنىڭ بىلەن ساڭا ئەلچى كىرىشى ئۈچىنچى قېتىم، ياق، ياق دەۋەرسەڭ، كىشلەرنىڭ ئۇۋالىغا قالىسەن، قىزىم.

ئايىسخان بارغانسېرى شىپقاپ كېلىپ، قىزى ئۇياقتىن جاۋاب بەرسە، بۇياقتىن توسۇپ، ئۇنى كۆندۈرۈشكە تىرىشاتتى. گۈلنار ئانىسىنىڭ قىستاپ تۇرۇۋېلىشىغا قاراپ، ئۇنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ مۇنداق دېدى:

— ئادىلجان تېخى كىچىك، چوڭ قىلغۇۋالاي، بۇ ئىشنى شۇ چاغدا ئويلىشايلى، ئاپا.

— قىزىقسەن، دەرەخنىڭ يا ئۈچىدا ئەمەس، يا تۈۋىدە ئەمەس چاغدا تېخىمۇ تەس بولمامدۇ، بالام. ئادىلجاننىڭ كىچىك ۋاقتى دەل ۋاقتى، ياتسىرىمايلا ئاسان ئۆگىنىپ كېتىدۇ... بىلمەمەن، بىۋاپانى ئۇنتۇيالماي، گۈلدەك چىرايىڭنى سامانىدەك سارغايتىپ يۈرۈۋاتىسەن، ياشلىقىڭنى

خازان قىلىۋېتەمسەن؟ ياشلىقىڭنىڭ نېمە خوۋلۇقىنى كۆردۈڭ؟ ...

— بولدى قىل، ئاپا ...، — گۈلنارنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىدى، — ياشلىقىم توزۇپ بولدى، توزۇغان گۈل قاچان ئېچىلغان؟ يۈرىكىمگە داغ چۈشكەن، يۈرەك دېگەن قاچان يۇيۇلغان؟!

ئانا ئازابلىنىپ تولغاندى.

— غەم يامان، بالام، — دېدى ئۇ، — ئادەمنى ئىچىدىن قۇرۇتۇۋېتىدۇ، بۇ، كۈزدە توزۇغان گۈل، يەنە بىر باھاردا ئېچىلىدۇ. تېخى نۆۋەر چېچەك، ئېچىلسەن، يۈرەك دېگەن يۇيۇلۇپ كېتىدىغان كۆنلەر تېخى ئالدىڭدا، نېمىشقا ئۈمىدلىك بولمايسەن، ئادەمنى غەم قاقشىتىدۇ، ئۈمىد ياشارتىدۇ ئەمەسمۇ.

گۈلنار ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىشلىنىپ كەتكەنىدى ۋە خىياللىرىغا قوشۇلغان ئەندىشىدىن ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئاپىسىغا تىكىلىپ قارىدى-دە:

— ماقۇل، ئاپا، ئويلىشىپ كۆرەي، — دېدى چوڭقۇر تىنىپ.

دەل شۇ چاغدا ئانا-بالا ئىككىسىنى چۆچۈتۈپ، ئادىلجان تۇيۇقسىزلا جۆيلۈپ كەتتى.

— ئاپا، ئاپا... دادام قېنى؟... دادا... دا...

ئۆيئىچىنى بىردىنلا سۈر بېسىپ كەتتى ۋە بىر خىل سىرلىق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، بالا دەردىدە يۈرىكى ئېزىلگەن ئايسىخانمۇ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن گۈلنارغا قاراپ:

www.uyghurkitap.com

— ھەي، جېنىم بالام،... ساڭا ئەر، ئوغلۇڭغا دادا كېرەك، — دېدى.

شۇ ئىش ئۆتۈپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ئەمدىلا بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئادىلجان ئۆيگە كەلمەي ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇدۇل باغچىغا كەتتى. باغچا كۆڭۈللۈك، بالىلار ئۈچۈن ھەممىدىن قىزىقارلىقى راكېتا ئويۇنى. ئۇ يەردە راكېتاغا ئولتۇرسەن ياكى چىرايلىق كىچىك ماشىنىغا چۈشسەن ۋە ياكى تايچاققا مىنسەن. ئۇ ئايلىنىدۇ، بىردە پەسكە، بىردە ئاسمانغا چىقسەن، خۇددى قۇشلاردەك بىردە يۇقىرىغا ئۆرلەپ، بىردە شۇڭغۇپ يايرايسەن. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئويۇنلار بارمىدۇ؟

ئادىلجان راكېتا ئويۇنىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ پىرقىراۋاتقانلارغا زوقلىنىپ قارىدى. بالىلارنى دادىلىرى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىردە ئاسمانغا چىقىپ، بىردە پەسكە چۈشۈپ ئوينىماقتا. ئاشۇ بالىلار قانداق بەختلىك-ھە! قاقاقلاپ كۈلۈپ دادىلىرىنى قۇچاقلاپ پىرقىرىماقتا، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك...ئادىلجاننىڭمۇ دادىسى بولغان بولسا، ئاشۇ بالىلاردەك قىن-قىنىغا پاتماي، يايراپ كۈلمەسمىدى... ھەي، دادىسىنىڭ يوقلۇقى...

بۇ يەرگە شۇنچە خۇشال كەلگەن ئادىلجان بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، بوينى قىسىلغان ھالدا تېزلا كەتتى-دە، ئېرىق بويىغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئېرىق ياقىسىدىكى ئوت-چۆپلەرنى يۇلۇشقا باشلىدى. پەقەت قولىغا تىكەن كىرگەندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ باغچىنىڭ ئالدىغا

چىققاندا، بايىقى دادىسى بىلەن بىللە پاراخوتقا چۈشۈپ ئوينىغان بالىنى كۆرۈپ قالدى. دادىسى ئۇنىڭغا تاتلىق سۇ ئېلىپ بېرىۋاتاتتى، ئادىلجاننىڭ ئازابلانغان كىچىككىنە يۈرىكى قىسىلغاندەك بولدى-دە، ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى، ئۇ تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇرۇۋالدى.

گۈلنار بالىلاردىن ئوغلىنىڭ باغچىغا راكېتا ئويناۋاتقىنىنى كۆرۈشكە كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇ بالىسىنى تېپىپ ئەكەلمەكچى بولۇپ ماڭغاي دېيىشىگە ئادىلجان كىرىپ كەلدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى. بالىسىنىڭ نېمشقا يىغلىغانلىقىنى ۋە چىرايىنىڭ نېمشقا تېخىمۇ مىسكىنلەشىپ كەتكەنلىكىنى ئانا بىر قاراپلا بىلدى، ئۆرتەندى ۋە غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ بالىسىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— جېنىم بالام، ئەتە سېنى باغچىغا ئۆزۈم ئاپىرىمەن، راكېتاغا مىندۈرىمەن، پاراخوتقا ئولتۇرغۇزىمەن، مەن سېنىڭ ھەم دادالىڭ، ھەم ئاناڭ، ئالتۇن قوزام!...

گۈلنار شۇنداق دەپ بالىسىنى ئىسسىق باغرىغا باسقاندا، ئۆزىنىڭمۇ، ئادىلجاننىڭمۇ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى.

× ×

توي — كىشى ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىق كۈن. گۈلنارنىڭ ئۆگۈنلۈككە تويى بولماقچى، تۈنۈگۈن چېيى ئىچىلىپ بولدى. ئەمما ئۇنىڭ چىرايى قايغۇلۇق، يۈرىكى ئەندىشىلىك خىياللار بىلەن ئازابلانماقتا. ئۇ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇق تاپقان، لېكىن ئاشۇ يورۇقلۇقتىن كۆڭلى ئەمىن

تاپمايۋاتقان ئادەمدەك ئارسالدى بولماقتا...
ئۇنىڭ تېگىدىغان ئادىمى ئۆزىگە ئوخشاش ئوقۇتقۇچى، ئاپىسىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ ياخشى ئادەم ئىمىش. مىجەز-خۇلقى كەسپىگە يارىشىپ تۇرىدىغان ئەخلاقلىق كىشى ئىمىش. بىراق ئۆزى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، كېزىشىپ، بىلىپ باققىنى يوق. پازىلجانمۇ شۇنداق ئەخلاقلىق، ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل ئەمەسمىدى؟ كېيىن خۇددى بۆرە يوق دېگەن تاغدىن يولۋاس چىقىپ قالغاندەك، ئۇنىڭ يىرگىنچلىك خۇي-پەيلى ئاشكارىلىنىپ قالدىغۇ، لېكىن ھازىر گەپ بۇ يەردە ئەمەس، ئۇنىڭغا سايە قىلىنىۋاتقان ئەرلەرگە ئىشىنىشكىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئادىلجاننى ئۆزىدەك ياخشى كۆرۈپ كېتەلەمدۇ-يوق؟ شۇنىڭدەك ئادىلجانمۇ ئۇنى ئۆز دادىسىدەك ياخشى كۆرۈپ كېتەلەمدۇ-يوق؟ ئەندىشىنىڭ تۈگۈنى مانا شۇ يەردە. گۈلنارنىڭ خۇشاللىقى، دۇنياغا كېلىپ تاپقان بايلىقى ئاشۇ ئادىلجان. ئەگەر ئۇ كۆز نۇرى، ئۈمىد چىرىغى بولغان بالىسىنىڭ كىرپىكىدە بىر قېتىم ياش كۆرسە ئۆزىنىڭكىدە ئون قېتىم ياش كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ «بالام ئۆگەيلىك تارتىپ قالارمۇ» دەپ يەتتە يىلدىن بېرى تول ئولتۇرۇۋاتقانلىقىمۇ شۇنىڭدىن بولغان. بولمىسا شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىشىك ئېچىپ كىرگەن ئەلچىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، خەيرىيەت، بۇ قېتىم ئۇ تەۋەككۇل قىلدى.
گۈلنار ئۆگۈنلۈككە توي بولىدىغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپىدىن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە يانغانىدى. ئۇ يول بويى شۇنداق ئەندىشىلىك خىياللاردىن

قۇتۇلالمىدى، ئۇ ئۆيگە ئاز قالغاندا بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ قېتىپلا تۇرۇپ قالدى.

بىر ئادەم يەتتە-سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىنى ھەيدەپ ئۇرۇۋاتاتتى. بالا نېمىشقىدۇر تاياقتىن قاچماي، ئۆپكىدەپ يىغلاپلا تۇراتتى. كىشىلەر ھېلىقى ئادەمنى تۇتۇۋالسىمۇ، بوي بەرمەي ئۇراتتى ۋە كوچىنى بېشىغا كىيىپ ئەڭ ئاچچىق تىللار بىلەن بالىسىنى تىللايتتى. گۈلنار بىلدىكى، ئۇ بالا ئاشۇ ئۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆگەي بالىسى ئىكەن، ئۇ بىر بوتۇلكا ئاچچىقسۇنى تۆكۈپ قويغىنى ئۈچۈن رەھىمسىزلەرچە تاياق يېۋاتىدۇ. يۈرەكنى تېشىۋەتكۈدەك زەھەرلىك تىللارنى ئاڭلاۋاتىدۇ.

— ۋۇي يېتىمئوغلاق! ... ھارامدىن بولغان شۇم! ... يامانلىقىڭدىن ئۆز داداڭدىن ئايرىلىپ قالغانسەن، سەن ھارامتاماقلارنى ئاز جاپا بىلەن بېقىۋاتىمەنمۇ...

بۇ ئىش ئەتراپتا قاراپ تۇرغان ئادەملەر ئىچىدە ھەممىدىن بەك گۈلنارغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىگە تىترەك ئولاشقىلى تۇردى، بولۇپمۇ ئاشۇ ئاچچىق تىللارنى ئۆزى تەگمەكچى بولغان ئادىمى ئادىلجانغا دەۋاتقاندەك، ھەربىر تىل سىم قامچا بولۇپ ئۆز بەدىنىگە تاراسلاپ تېگىۋاتقاندەك ھەتتا يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى...

گۈلنار ئازابلىق تولغىنىپ ئۆيگە كىرگىنىچە ئاپىسىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— بولدى، ئاپا... ئەرگە تەگمەيمەن... جېنىم ئاپا... بولدى، چېپىنى ياندۇرۇۋەت...

ئۇ ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي دېگۈدەك ئىسەدەپ يىغلايتتى، ئاپىسىنى قۇچاقلايتتى، بەدىنى قاتتىق سىلكىنەتتى. ئانا ھاڭ-تاڭ بولۇپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى...

— نېمە بولدى، بالام؟... بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— بولدى، ئەرگە تەگسەم ئۆمۈربويى ئازابلىنىدىكەنمەن، بۇ ئازابلارمۇ يېتەر... — گۈلنار كوچىدا كۆرگەنلىرىنى ئاپىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — كۆردۈڭمۇ، ئاپا، مېنىڭ بالامۇ يېتىمئوغلاق، ھارامتاماق، ياماننىڭ دادىسىدىن ئايرىلغان شۇم بولىدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئايسىخاننىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى.

— ھەممىلا ئادەم ئۇنداق ئەسكى بولمايدۇ، بالام، سېنىڭ ياتلىق بولىدىغان ئادىمىڭ بۇرۇنقى ئايالىنى تۇغماس دەپ قويۇۋېتىپتىكەن، بالىغا تەشنا ئادەم يۇمشاق كۆڭۈل بولىدۇ، ئادەم تۇرماق چۈشىنىكمۇ ئازار بەرمەيدۇ... ئەمدى چاينى ياندۇرۇۋەتسەك سەتچىلىك بولمامدۇ؟

— سەتچىلىك؟ ياق، ئۇ سەتچىلىك ئازابلىنىشتىن ياخشى، جېنىم ئاپا! مېنىڭ دۇنياغا كېلىپ تاپقان بايلىقىم، خۇشاللىقىم، چىرىغىم، ئۈمىدىم ئاشۇ بالام! ئۇ، ئۆگەيلىك تارتسا، مەن تىرىك ئۆلىمەن، ئاپا! سەنمۇ ئويلاپ باق، ئۇنداق بولمايدۇ دەپ ھۆددە قىلالامسەن؟!

ئايسىخان شۇ ئىشتىن كېيىن، قىزىنى ئىككى كۈنگىچە زورلاپمۇ زادىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىدى ۋە ئاخىر چاينى ياندۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

## 6

باھار ۋە ياز ئۆتۈپ، دەل-دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلاپ... يەنە يوپۇرماق چىقىرىپ، ئايلار، يىللار غۇيۇلدىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئادىلجان ئون بەش ياشقا كىردى، ئۇ ھازىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە.

گۈلنار ئوتتۇز بەش — ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىردى، لېكىن كۆرگەنلەر ئۇنى كېمىدە ئەللىك ياش دېيىشى مۇمكىن. ئاشۇ غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەن يىللار ئۇنىڭ يۈزىگە سانسىزلىغان قورۇقلارنى سىزىپ، پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزدەك قىلىپ قويدى. چاچلىرىغا ئاق سانجىدى، ھەتتا ئىككى چېكىسىنى ئاقارتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئادىلجاننى ياخشى ئوقۇتۇشتىن باشقا ئارزۇسى قالمىدى. ياشلىقتىكى ئارزۇ-ھەۋەسلەر، كۆڭۈللۈك ئىنتىلىشلەر تامامەن ئۆلدى. ئادىلجاننى ياخشى ئوقۇتسا، چوڭ قىلسا ۋە ئۇنى ئۆيلەپ قويسا، شۇنىڭدىن كېيىن ھاياتتىن كۆز يۇمسا، ئۇ ئۆمرىدىن رازى.

ئادىلجانچۇ؟ ئۇ شۇنىڭغىچە: دادام نېمىشقا ئۆلۈپ كەتكەندۇ، يۆلەنچۈكۈم، تىرىكىم، ئاتىلىق مېھرى بىلەن بېشىمنى سىيلىغۇچى پاسبانىم ئەجەب ياش تۇرۇپلا دۇنيادىن ئۆتۈپتىكەن؟ دەپ قانچە-قانچە ئويلاپ ئەپسۇسلىناتتى. «دادا» دېگەن بۇ ئۇلۇغ نامنى ئېغىزغا ئېلىشتىن مەھرۇم بولۇپ ياشىغانلىقىدىن يۈرىكىنىڭ نەرىدۇ ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر دادىسىنى كۆپ ئويلايدىغان ۋە ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدىغان

www.uyghurkitap.com

بالا بولۇپ ئۆسكەندى، مانا ئەمدى ئانىسىنىڭ ياش تۇرۇپلا ئاشۇنداق ئىچىنىشلىق تۈسكە كىرىپ قالغانلىقىغا ئىچىدىن يىغىپ ئازابلىنىدىغان بولدى. دادام بولغان بولسا، شۇنچىلىك بولۇپ كەتمەس ئىدى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئاغىنىلىرىمنىڭ ئاپام دىمەتلىك ئاپىلىرىمۇ بارغۇ، ئۇلار تېخى ياش تۇرىدۇغۇ؟ مەن بەزىلىرىنىڭ ئاپىسىنى كۆرگەندە «ھەدەڭمۇ» دىگەنىدىم. بىچارە ئاپام يالغۇزلۇقىدا مىنى ياخشى يىگۈزىمەن، كىيدۈرىمەن، ئوقۇتىمەن دەپ تۈگىشىپ كەتتى - دە... خۇددى موماملىنىڭ سىڭلىسىدەكلا بولۇپ قالدى.

ئەمما بۈگۈن ئادىلجاننىڭ خۇشاللىقىغا ھىچنىمە تەڭ كەلمەيتتى. ئۇ شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئۇ تالادىن ئوقتەك كىرىپ كەلدى. گۈلنار ئوغلىنىڭ يۈزىدە ھاياجانلىنىش، شادلىق ئالامەتلىرىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— قالتىس خۇشالغۇ سەن، بالام، نىمە ئىش بولدى؟ — دىدى ئۇ ئوغلىغا قاراپ.

— ئاپا!... بىر گەپ ئېيتايمۇ؟

— ئېيت، بالام، خۇشاللىقىڭدىن ئايلىناي، ئېيت.

— دادام بار ئىكەنغۇ!

— ھە!...، — گۈلنار چۆچۈپ كەتتى - دە، بالىغا تەئەججۈپلىنىپ قارىدى ۋە پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، قولىدا سەي ئاقلاۋاتقان پىچاقنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

— نەدىن ئاگلىدىڭ بۇ گەپنى؟ — دېدى ئۇ ئالىقىنىنى پېشانىسىگە قويۇپ.

— خەقلەردىن، ئۇلار دادامنىڭ نەدە ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئۆيىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.

— ھىم...

تىتىلداپ پۈتۈن بەدىنىگە ئاغرىق كىرىپ كەتكەن، يۈرىكى يىگنە سانجىلىۋاتقاندەك ئاغرىشقا باشلىغان گۈلنارغا ئادىلجاننىڭ سوئاللىرى گويا تاپانچا ئوقىدەك يېغىشقا باشلىدى:

— دادام نېمىشقا بۇ ئۆيدىن كەتكەن؟ نېمىشقا يېنىپ كەلمەيدۇ؟ نېمىشقا بىزنى ئىزدىمەيدۇ؟ نېمىشقا باشقا ئايال ئالغان، ئاپا؟...

گۈلنار ئەمدى نېمە دېيىشى كېرەك؟ ئۇ ئۆزىنى بالىسىنىڭ ئالدىدا ئەمەس، خۇددى قاپقى يامان سوراقچىنىڭ ئالدىدا ئەيىبكە تارتىلىۋاتقان ئادەمدەك ئوڭايسىز ھېس قىلدى ۋە ئازابلىق ئويغا پاتتى. ئۇ ئادىلجان ئۇچۇن چىگىشلىنىپ تۇرغان ئىشلارنىڭ سىرىنى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېچىۋەتسۇنمۇ؟ ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى، يۈرەك داغلىرىنى، خورلىنىپ تارتقان ئازابلىرىنى چۇۋۇپ تاشلىسۇنمۇ؟... ياق، ئازابلىنىش، خورلىنىش ئۆزى بىلەن كەتسۇن، كىچىككىنە بالىنىڭ يۈرىكىنى پارە قىلىپ، تېخىمۇ مەيۈسلۈككە سېلىش، تېخىمۇ مىسكىنلەشتۈرۈشنىڭ نېمە پايدىسى... گۈلنار خېلىدىن بېرى ئۇنتۇلغان، ھازىر باشقىدىنلا قوزغالغان دەردلىرىدىن پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى ئىزغىرىن شامالدا سىلكىنىۋاتقان مەجنۇنتالدەك تىترىمەكتە ئىدى.

— جىنىم بالام، — دېدى گۈلنار تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — داداڭ ئەسكىلىك قىلىپ، سەن ئەمدىلا تۇغۇلغاندا، سېنىمۇ، مېنىمۇ تاشلىۋېتىپ كەتكەن...

گۈلنار شۇنداق دېدى-دە، ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى، ئادىلجانمۇ يىغلىغىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى. گۈلنار ئۇزاق يىغلىدى، ئۇنىڭ ئۆرتىنىۋاتقان كۆڭلىگە يىغىدىن باشقا ھېچنېمە ئارام بېرەلمەيتتى. يىغانى ئۆرلىگەن، كونا دەردلىرى قوزغالغان ئادەمگە ئەڭ ياخشى تەسەللى يىغا. ئۇ بىردەم يىغلىۋالسا بوشاشقان ئاياغلىرىغا ماغدۇر، ئېغىرلىشىۋاتقان بەدەنلىرىگە يېنىكلىك، تۇمانلاشقان كۆڭلىگە يورۇقلۇق تاپقاندەك بولاتتى.

ئادىلجاندا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇق تېپىلغاندەك، ھايات يۈرگەن دادىسىنى تېپىش ئىستىكى تۇغۇلدى. كۆپ يىللاردىن ئۇنى ئازابلاپ كەلگەن كۆڭۈل يېرىملىق پۈتۈنلىگەنىدى، ئۇ ئويلايتتى: دېمەك، دادام ئەسكى ئىكەن - دە، بولمىسا مېنى نېمىشقا شۇ چاغقىچە ئىزدىمىدى، بالام، غەم يېمە، مەن سېنىڭ داداڭ دېمىدى؟... مەيلى، ئەسكى بولسىمۇ ئۇ مېنىڭ دادام، مەن ئۇنى ئىزدەي. دادا، مەن سېنىڭ بالاڭ دەي. بوينىغا ئېسىلاي... ئۇ شۇنداق ئويلىدىيۇ، لېكىن دېگەن-لىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى، ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.

بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن دادىسىنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلگەن ئادىلجان ئاخىر ئۇنىڭ ئىدارىسىگە كەلدى، لېكىن ئۇ يەردىكىلەر پازىلجاننىڭ خىزمەتتىكە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى، ئادىلجان ئويلىنىپ قالدى. ئەمدى

قانداق قىلىش كېرەك، ئۆيىگە بارسام بولارمۇ؟... بەلكىم ئۆيىدە يالغۇزدۇ، خىزمەتكە كەلمىگىنىگە قارىغاندا، بىر مۇھىم ئىشى بار ئوخشايدۇ-دە...

ئادىلجان كىشىلەرنىڭ دەپ بېرىشى بويىچە، دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا يوغان بىر توپ قارىياغاچ بار ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، دەرۋازا يېپىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا بىرنەچچە قېتىم ئۆتتى. ھويلىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، ھويلىدىن گۇدۇڭلىشۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىر دەرۋازا يوچۇقىدىن ھويلىغا قارىدى-دە، تونۇر بېشىدا بىر ئەرنى كۆردى، ئۇ نان يېقىۋاتاتتى. ئانىسى ئېيتقاندەك كېلىشكەن بىر ئايال نان توشۇپ بېرىۋاتاتتى. دادام شۇمىدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئاۋۇ ئايالى ئوخشايدۇ-دە، بىراق نان يېقىۋاتقان ئادەم دادامغا ھېچ ئوخشاشمايدۇ، باشقا بىرىمۇ - يا؟ ئادىلجان بىر يىلنىڭ ئالدىدا كۆرگەن سۈرەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى (ئاپىسى ئۇنى ساندۇقنىڭ ئەڭ ئاستىغا سېلىپ قويغان بولۇپ، پازىلجان بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت ئىدى). ئۇنىڭدا دادىسى كېلىشكەن، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان، قاشلىق ئادەم ئىدى. ھازىر كۆرۈۋاتقىنى ئىنتايىن ئورۇق، مەڭزلىرى ئىچىگە كىرگەن، كۆزلىرى ئۆلۈك كالىنىڭ كۆزىدەك خۇنۇك، يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان چارباش بىر ئادەم.

شۇ ئەسنادا تونۇرغا قادىلىپ تۇرغان ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— پازىلجان، بولۇڭ... ۋاي ئىسست، بۇمۇ ئېقىپ

كەتتى، سۆرەلمىلىكىڭىزدىن ناننىڭ پېرىمنى كۆمەچ قىلىپ بولدىڭىز. كۆزمۇ ئۇ، تام تۆشۈكمۇ؟... نېمىلا قىلسىڭىز كۆڭۈل قويمايدىغان بولۇۋالدىڭىزغۇ، تونۇگۈن يۇغان كىرلىرىڭىزمۇ پاكىز بولماپتۇ!

ئۇنىڭ سۆزلىرى دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئادىلجاننىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى، بېشى پىرقىراپ كەتتى. تاتلىق ئۈمىد بىلەن كەلگەن بالا لاسسىدە بوشىشىپ، كەينىگە ياندى. شۇ كۈنى ئۇ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى؛ دادىسىنىڭ تونۇرغا ئېڭىشىپ نان يېقىۋاتقان، كەچ كۆزدە قىراۋ قونغان قورايدەك بولۇپ كەتكەن، ھېلىقى خوتۇننىڭ زەھەرلىك سۆزلەرنى سانجىۋاتقان ھالىتى بالىنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. ئاپامنىڭ ئەھۋالى ماۋۇ — مەزگىلسىز قېرىپ تۈگىشىپ كەتتى؛ دادامنىڭ ئەھۋالى ئاۋۇ — يات خوتۇننىڭ ئالدىدا ئىتتەك خارلىنىۋېتىپتۇ. بۇ نېمە ئىشلاردۇ، دادام نېمىشقا بىزنى تاشلىۋېتىپ كەتكەن بولغىدى، ئۇ يەردە كۆرۈۋاتقان كۈنى ھېلىقىكە نغۇ؟... ئەمدى قايتىپ كەلسە بولمامدىغاندۇ، ئاپام ئۇنىمامدۇ - يا؟...

ئازابلىق چىگىش خىيال، ئۇنىسىز يىغا بالىنى بىر كېچىدىلا جۇدىتىپ، سامانىدەك سارغايتىپ قويدى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق خىياللىرىغا يەنە بىر ئازابلىق خىيال قوشۇلدى.

× ×

توققۇزىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئادىلجان ئەلەڭ - سەلەڭ ئاغرىپ يۈرەتتى، ئۆزىدە ھېرىش-چارچاشنى،

قوۋۋەتسىزلىكنى ھېس قىلاتتى، كېچە-كۈندۈز سۇس قىزىپ تۇراتتى.

گۈلنار ئوغلىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، چىرايىدىكى تاتىراڭغۇلۇقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى تۇخۇم، شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت ئىچۈرۈپ تۇرىدىغان، كەچلىكى شورپا سېلىپ بېرىدىغان بولدى، لېكىن بۇ نەرسىلەرنى بالىنىڭ كۆڭلى تارتمايتتى، پەقەت ئانىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا ئۇلارنى ئىچىشكە، يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى. لېكىن ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يېگەنلىكىمۇ بالىدا ھېچبىر ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيتتى، ئارىدا ئۇ بىرنەچچە قېتىم دوختۇرلارغا كۆرۈندى، دوختۇرلار بۇيرۇغان دورىلارنىمۇ ئىچىپ باقتى، بىراق ھېچقايسىسىنىڭ پايدىسى كۆرۈلمىدى.

گۈلنار ھەممىگە — خارلىنىشقىمۇ، تەنھالىقنىڭ ئازابىغىمۇ، ياشلىق گۈلىنىڭ بىمەھەل توزۇپ كېتىشىگىمۇ، تۇرمۇشنىڭ لەززەتسىز ئۆتۈشىگىمۇ چىدىغان، ئەمما ئوغلىنىڭ يىلتىزىدىن قۇرۇۋاتقان دەرەختەك، كۈندىن-كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىماي قالدى، ھەتتا چۈشىدىمۇ بالىنىڭ جۇدەڭگۈ ھالىتى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم ئاغرىغان، لېكىن بىر قېتىممۇ دوختۇرنىڭ ئالدىغا بارغان ئەمەس. ئوغلىنى مۇشۇ يېقىندىن بېرى تۆت قېتىم دوختۇرغا ئاپاردى. تېۋىپلارغىمۇ كۆرسەتتى، ئاپىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ ھەتتا موللىلارغىمۇ ئوقۇتتى، ئوغلىدا تۈزىلىش كۆرۈلمىدى. شۇڭا ئۇ ئىچىدىن يېنىپ ئازابلىناتتى، كېچىلىرى يىغلاپ چىقاتتى، نالە قىلاتتى: «ئەي رەھىمسىز،

تىلسىز كېسەل، مېنىڭ بىر تال ئوغلۇمغا كۆزۈڭ چۈشتى-مۇ؟...» ئۇ بالىسى بىلەن تەڭلا قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئادىلجانچۇ؟ ئۇ سىرلىق كېسەلنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ھالسىراپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن قىلچە كارى بولماي ھېلىقى يات خوتۇننىڭ ئالدىدا خارلىنىۋاتقان دادىسىنىلا ئويلايتتى. دادىسىنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى، ئاپىسىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تىت-تىت بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ دادىسى بىلەن ئىدارىدە، كوچىلاردا، بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشتى. ئادىلجان مۇشۇ كۆرۈشۈشلەرنىڭ بىرىنچىسىنى ئاپىسىغا ئېيتىۋېدى، ئاپىسى: سېنى تاشلاپ كەتكەن قارا كۆڭۈلنى قانداقمۇ ئىزدىگەنسەن، دەپ رەنجىدى، شۇڭا كېيىنكى كۆرۈشۈشلىرىنى ئاپىسىغا ئېيتمىدى.

ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئايرىلىپ كەتكەنلىكى بالا ئۈچۈن ھېلىغىچە بىر سىر. بۇ سىرنى ئانا ئاچمىدى، دادىسىدىن سوراشقا پېتىنالمىدى. لېكىن ئاچماي بولامدۇ، ئانىسى نېمىشقا بارغانسېرى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ ئانا نېمىشقا پەرىشان، غەمكىن يۈرىدۇ؟ بۇ سىرنى ئاچمىسا كۆڭۈلدە قاپلىشىپ تۇرغان تۇمانلارنى قانداقمۇ تارقاتقىلى بولسۇن؟!... ئېچىش كېرەك، ئېچىشقا پېتىنىش كېرەك!

ئادىلجان دادىسىنىڭ يېنىغا باردى. پازىلجان ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدە بىرىنچى قېتىم غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سەل تىترىدى-دە، ئوغلىدىن سورىدى.

— نېمە بولدۇڭ، بالام؟

— دادا، — دېدى ئۇ توغرىدىن-توغرا ۋە ئاۋازىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىغان هالدا، — ئېيتىڭا، دادا، سىز قويۇۋەتكۈدەك ھەم بىزنى تاشلاپ كەتكۈدەك، ئاپام نېمە ئەسكى ئىش قىلغان؟

— ياق، بالام... ھېچقانداق ئەسكى ئىش قىلمىغان.

— سىزنى رەنجىتكەنمۇ؟

— رەنجىتىشنى بىلمەيتتى.

— ئاپام ئاتا-ئانىڭىزنى ھۆرمەت قىلمىغانمۇ؟

— ياق، بالام، مەندىنمۇ ئوشۇق ھۆرمەت قىلاتتى، ئۆزىنىڭ ئانىسىدىنمۇ ئوشۇقراق كۆرەتتى.

— ئەل-ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ ئىززىتىنى قىلمىغانمۇ-يا؟

— ئەل-ئاغىنىلىرىم ئۇنىڭ خۇش مۇئامىلىسىدىن، مېھماندوستلۇقىدىن تەسىرلىنەتتى.

— ئوغرىلىق قىلغانمۇ ئەمىسە؟

— ئۇنداق گەپ قىلما، بالام، ئاپاڭ ئۇنداق ئىشلارغا قاتتىق نەپرەتلىنەتتى.

— ئەمىسە نېمە بولغان، نېمىشقا سىلەر ئاجراشقان، نېمىشقا مېنى يېتىم قىلغان، مەن نېمىشقا مىسكىن چوڭ بولدۇم، ئاپام نېمىشقا غەمكىن يۈرىدۇ؟...، — بالا يىغلاپ كەتتى ۋە بۇقۇلداپ، دادىسىنىڭ بوينىغا كىچىك بالىدەك ئېسىلدى، — راست گەپنى ئېيتىڭا، دادا، يۈرىكىمدىكى تۈگۈنلەرنى يېشىۋېتىڭا، دادا... زادى نېمە ئىش بولغان، ئېيتىڭا؟...

پازىلجان ئوغلىنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى ئاۋازىدىن، بەدەن-بەدەنلىرىگە خۇددى بازغاندەك تېگىۋاتقان ئېغىر سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ھەم ئۆزىنى ئەيىبكار سېزىپ

www.uyghurkitap.com

قاتتىق تىترەپ كەتتى، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

— جىنىم بالام، — دېدى ئۇ، — سىنىڭ ئاتا مېھرىگە قانماي چوڭ بولۇشۇڭغا، ئاپاڭنىڭ غەمكىن، پەرىشان بولۇپ قىلىشىغا مەن سەۋەبچى، ھەممىنى ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ، جۈرئەتمۇ قىلالمايمەن، بىر ئېغىزلا ئېيتاي. ئەسكىلىكنى، كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئەسكى ئىشنى مەن قىلغان، سىنىمۇ، ئاپاڭنىمۇ مەن خورلىغان... بۇنىڭ ئۈچۈن ۋىجدان ئالدىدىلا ئەمەس، قانۇن ئالدىدىمۇ جاۋابكارمەن... ئەمدى ئۆزۈم خورلىنىۋاتىمەن. قارىغىنا، چىرايىمدىكى سولغۇنلۇقنى، كۆزلىرىمدىكى ھەسرەتلىك ئۈچقۇنلارنى... كۆرۈۋاتامسەن؟ ئۇ دوزاخ ئۆيدە ياشاش يىگىتلىك ئۈچىنى دەسسەپ يۈرۈشتىنمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى، ئەرلىك غۇرۇرۇمنىڭ نەلەرگىدۇر تاشلىنىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇ ئۆيدىن جېنىمدىن جاق تويغانلىقىمنى سەن بىلمەيسەن...

ئىككىسى ئۇزاق يىغلىشىپ ئايرىلدى. بالا دادىسىغا ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلالمىدى، گەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، لېكىن دادىسىنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ ئىچىندى، ئانىسىغا قاراپ قانداق ئازابلانسا، دادىسىغا قاراپمۇ شۇنداق ئازابلاندى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، پازىلجان ئەختەرنىسادىن ئاجرىشىپ كەتتى. ئەختەرنىسا ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى بىر قۇر كونا كىيىمىدىن باشقا ھەممە نىمىسىنى ئېلىۋېلىپ قۇرۇق بويىنىلا ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى، پازىلجان ئۇنىڭغا نارازىمۇ بولمىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادىلجان ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ھەقىقىي ۋە ئېيتقۇسىز خۇشال بولدى، كۆڭلىدىكى قاپلىشىپ تۇرغان تۇمانلارمۇ تارقىغاندەك بولدى. ئەمدى ئاپامنىڭ پەرىشانلىقى، قايغۇسى تۈگەيدۇ، دادامنىڭ پۇشايمىنى ئاخىرلىشىدۇ، — دەپ ئويلىدى ۋە شۇ ھامان دادىسىنىڭ يېنىغا چاپتى. ئۇ دادىسىنى ئىزدەپ تاپقاندا ئۇنىڭ قورۇقلار ئىز سالغان يۈزلىرىدە، خۇنۈكلىشىپ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدە بىرىنچى قېتىم كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە شادلىق تۇيغۇلىرىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆردى.

— ... شۇنداق، بالام، ھەممە نەرسىنى بېرىپ ئاران قۇتۇلدۇم، — دېدى پازىلجان چوڭقۇر تىنىپ، — بوپتۇ، ئازغان ئادەم ئۇنچىلىك زىيان تارتىدۇ، شۇنچە يىل ئۆتكەندە ھوشۇمغا كېلىپ، قىلغانلىرىمغا ئۆزۈمنىڭمۇ نەپرىتى ئاشتى. نەپرەتكە ، قارغىشقا، لەنەتكە قالغان ئادەم ياخشىلار مېڭىپ ئىز سالغان يولدىن ئەمدى چەتلىمەي ماڭىدۇ... ئاشۇ قەپەستىن قۇتۇلغىنىمغا مىڭ رازىمەن، ئەمدى سېنى ئىزدەيمەن، ئاتىلىق سۆيىتىم، قەرزىم بىلەن ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىڭنى ئۈستۈمگە ئالىمەن، ئاپاڭنىڭمۇ...

ئۇ .تەبىئىي ھالدا ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي، ئادىلجانغا «لاپ» قىلىپ بىر قاراپ قويدى-دە، ئاندىن ئەيىبكارلارچە يەرگە قارىدى.

— ئاپامنىڭ سىزگە نەپرىتى كۈچلۈك، دادا، — دېدى ئادىلجان دادىسىغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ، —

www.uyghurkitap.com

لېكىن مومام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا، ماڭا: «ئەمدى سەن يېتىم بولمايسەن» دېدى.

— موماڭنىڭ ئېيتقىنى توغرا، بالام، سەن يېتىم ئەمەس، ئەمدى يېتىم بولمايسەن... بىز بىر ئۆيگە جەم بولساق ئاپاڭنىڭ تارتقان ئازابلىرى، مېنىڭ ئۆكۈنۈش پۇشايمانلىرىم، سېنىڭ مىسكىنلىكىڭ تۈگەيدۇ. كۆڭۈلسىزلىكلەر، دەرد-ئەلەملەر ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

ئادىلجان بۇ گەپلەرنى مومىسىغا بىرنىمۇ قالدۇرماي ئېيتىپ بېرىشكە شۇنچىلىك ئالدىرىدى.

× ×

گۈلنارنىڭ قايغۇسى كۆپىيىپ، تارتىۋاتقان ئازابلىرى ئاشماقتا ئىدى. ئادىلجاننىڭ بويىنىڭ كېچە-كۈندۈز پەسلىمەي قىزىپ تۇرۇشى، چىرايىنىڭ كەچ كۈزدە قالغان خەمەكتەك تاتىرىپ كېتىشى، ماڭىسىمۇ، ئولتۇرىسىمۇ ھاسىراپ تۇرۇشى ئۇنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويغانىدى. ئىچىۋاتقان دورىلار، ياخشى تاماق، ياخشى كۈتۈشلەر نەگە كېتىۋاتقاندۇ؟ گۈلنارنىڭ بايقىشىچە تۈزۈلىش كۆرۈلمەكتە يوق، بارغانسېرى يامانلىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ چىرايىمۇ، روھىمۇ يامانلىشىۋاتىدۇ، ئازابى ئېشىۋاتىدۇ، كۆيۈكى كۈچىيىۋاتىدۇ...

قىزىنىڭ ھالىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن ئايسىخان بىر كۈنى كەچتە ئۇنىڭغا ئادىلجاننىڭ دادىسىنى ئىزدەپ بارغانلىقىنى، پازىلجاننىڭ ئۇنىڭغا دېگەن گەپلىرى، پۇشايمىنى، تۈۋىسى ۋە ئارزۇلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

ئادىلجاننىڭ، دادىسىنىڭ شۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغانلىقىنى، ئەمدى يېتىملىك تارتمايمەن، دەپ سەكرەپ كەتكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا:

— «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن گەپ بار، يارىشۋال، بالام، بىر تال ئوغلۇڭنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇ، چىرايىڭ مۇنداق بولۇپ كەتكەن بىلەن، ئوتتۇز ئالتىگە ئەمدىلا كىردىڭ، تېخى ياشسەن. ئۆز ئېرىڭ، ئادىلجاننىڭ ئۆز دادىسى، نېمىگە تارتىنىسەن؟ — دېدى.

— ھەي، جېنىم ئاپا، — دېدى گۈلنار چوڭقۇر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئويلاپ باققىنا، ئالمىلار چېچەكلىسە، غورا بولسا، دوقال قاتتىق كەلسە تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، يېنىك كەلسە چوڭىيىدۇ، پىشىدۇ. مەن قاتتىق دوقال ئۇرۇپ، شېخىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بىر غورا. ئېيتقىنا، ئاپا، بۇنداق غورا ئەمدى چوڭىيالامدۇ، رەڭ تۇزەلەمدۇ، پىشالامدۇ؟!

ئانا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قىزىغا قارىدى:

— ئۇنداق دېمە، بالام، دۇنيادىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەمسەن؟ ئۆزۈڭنى ئويلىمىساڭمۇ ئادىلجاننى ئويلا. بالاڭنىڭ ئاغرىقى، مېنىڭچە ئاتا مېھرىگە قانمىغانلىقتىن، زارلىنىش، ئازابتىن، كۆيۈكتىن، قاتتىق ئويلاشتىن بولغان. سىلەر ئاجرىشىپ بالا ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ پەيدا بولغان ئاغرىق، سىلەر ياراشساڭلارلا جەزمەن ساقىيىپ كېتىدىغان ئاغرىق، ئوي-خىيال يامان، بالام.

— ئەمدى ئاتا مېھرىگە قانىدۇ، كۆڭلىگە نەچچە ئىزدىسىمۇ ئىشەنچلىك، ئەندىشىسىز كۆرۈشەلەيدۇ، مەنمۇ ئەمدى ئۇنى توسۇپ قالمايمەن. بىراق، ئاپا، ھازىر

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئىشلارنى ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئادىلجاننىڭ ئاغرىقى مېنى ئەنسىرىتىۋاتىدۇ، يۈرىكىمنىڭمۇ تازا پىرى قالمىدى، مەيلى نېمە بولسام بولاي، ئادىلجاننى دوختۇرغا يەنە ئاپىرىمەن، بۇدا ياخشى تەكشۈرتىمەن.

گۈلنار ئەتىسى ئوغلىنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى ۋە ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرى، بالىنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، ئىچكەن دورىلىرىنى، ئۆيدە شۇنچە كۈتۈۋاتىسمۇ ئۈنۈمى بولمايۋاتقانلىقىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. دوختۇر بالىنى ئۇزاق تەكشۈردى، بۇرۇنقى تەكشۈرۈش قەغەزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىقتى. قورسىقىنى بېسىپ كۆرۈپ، سول تەرىپىدە بىلىنەر-بىلىنمەس بىر گادانىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

— ئۈزۈلمەي قىزىۋاتقىلى قانچىلىك بولدى؟

— ئۈچ ئايدىن ئاشتى.

— تامىقى قانداق؟

— ئازلاپ كەتتى، يېسىمۇ ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يەيدۇ.

دوختۇر ئادىلجاننىڭ چىرايىغا تازا زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن، قان تەكشۈرتۈشكە قەغەز يېزىپ:

— ئەتە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

ئەتىسى گۈلنار بىلەن ئادىلجان تەكشۈرۈش نەتىجىسى يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ، دوختۇرنىڭ ئالدىغا كىردى. دوختۇر قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپلا يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ بالىغا تەمكىنلىك

بىلەن قارىدى.
— نەچچە ياشقا كەلدىڭ؟
— ئون يەتتىگە.
— بالىڭىز پالاتىدا ياتىدۇ، — دېدى دوختۇر گۈلنارغا قاراپ، — تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ، ئەتە ئەكېلىڭ.

گۈلنار ئوغلىنى پالاتىغا ئالغانلىقىدىن ھەم ئەنسىرەپ، ھەم خۇشال بولۇپ ئۆيىگە ياندى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دوختۇر خېلىغىچە قولى ئىشقا بارماي ئولتۇرۇپ قالدى.

× ×

پازىلجان ئوغلىنىڭ ئاغرىپ، پالاتىدا يېتىۋاتقانلىقىنى ئىككى ھەپتە بولغاندا ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. «يائاللا ئەمدى ئىشلار ئوڭشىلىۋاتقاندا بۇ نېمە ئىشتۇر، بىر تال ئوغلۇمغا نېمە بالا كەلگەندۇ؟...» ئۇ بازارغا چىقىپ يوغان سومكىغا تولدۇرۇپ يېمەك-ئىچمەك ئالدى-دە، دوختۇرخانىغا ماڭدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئەندىشىلىك ھېسلار قوزغالغانىدى، بالىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى.

ئۇ ئالدىراپ كېتىۋاتقاندا، ئۇيلىمىغان يەردىن ئەختەرنىسا ئۇچراپ قالدى. پازىلجان ئۇنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر قورقۇپ كەتتى، بىردىنلا ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرىنى ئاران-ئاران يۆتكەپ، يەرگە قاراپ ماڭدى. يېقىن كەلگەندە، ھېلىمۇ گۈزەللىكى كەتمىگەن ئەختەرنىسا پازىلجانغا قاراپ «شالاقىدە» بىرنى تۈكۈردى-دە، ئۆتۈپ كەتتى. ئەختەرنىسانىڭ لەنىتى تۈكۈرۈكى

پازىلجاننىڭ يۈزىگە چۈشكەندەك تۇيۇلۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا يۈزلىرىنى سىيلىدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ «ئۇھ» دەپ ئارام ئالغان پازىلجان ئۆز-ئۆزىنى جىملەپ ماڭدى: «بىر چاغلاردا ئۇنىڭ قۇرغۇيى ئىدىم، كەھ دېسە ھەممە نىمىنى، ھەتتا يېگىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان ئوغلۇمنىمۇ تاشلاپ ئۆلەر-تىرىلىشىمگە قارىماي، ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ قونغانىدىم، ئەتىۋارلىقى ئىدىم. كېيىن قويىدەك بوزەك بولدۇم، ئىتتەك خارلاندىم، مانا ئەمدى نەپرەتلىك قۇزغۇن بولدۇم... بۇ ئاز، يۈزۈمگە تۈكۈرۈۋەتسىمۇ، ئىككى كاچات ئۇرۇۋەتسىمۇ بۇ تېخى ئاز. پۈتۈن ئىشقى، چىن دىلى بىلەن مېنى ‹ لاچىنىم › دەپ ئەتىۋارلىغان گۈلنارنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ماڭا ئاز...»

پازىلجان دوختۇرخانىغا يېتىپ بېرىپ، ئادىلجاننىڭ قېشىغا ئالدىراپ كەلگەندە، گۈلنار ئوغلىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرغانىدى، پازىلجاننى كۆرۈپلا بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ تەتۈر قارىۋالدى ۋە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— قانداق، بالام، ئەھۋالىڭ؟ — دېدى پازىلجان ئوغلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — مەن سېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىڭنى ئۇقماپتىمەن.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ، دادا؟ مەن ياتقىلى ئون بەش كۈن بولدى، سېنى قاچان كېلەر دەپ كۆزلىرىم تۆت بولدى، ئاڭلاپلا كەپسەن، دادا، — ئادىلجان ئانىسىنى كۆرگەن قارلىغاچ بالىسىدەك ۋىچىرلاپلا كەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەت

ئىدى، پازىلجان ئوغلىنىڭ ئورۇق قوللىرىنى، چوكىدەك ئىنچىكە بارماقلىرىنى ئالدىغا ئېلىپ سىيلايتتى، مېھرىبانلىق بىلەن كۆزلىرىگە تىكىلەتتى. ئەمما ئۆزىدە قانداقتۇر بىر ئوڭايسىزلىقنى، خىجالەتچىلىكنى ھېس قىلاتتى. ئارىلاپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوياتتى.

— نېمە ئاغرىق ئىكەنسەن؟ — سورىدى ئۇ.

— قان ئاز ئوخشايدۇ.

پازىلجان يېرىم بوتۇلكا قاننى ئېسىپ قويغان جازىغا قارىدى.

— كۈندە سېلىۋاتامدۇ؟

— ياق، بۇ ئۈچىنچى قېتىملىقى.

— مەن قان كۆپەيتىدىغان دورىلارنى، مېۋە-چېۋىلەر-نى كۆپرەك ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى ئۇ، — تاماققىمۇ ۋىتامىنى كۆپ كۆكتاتلارنى سېلىپ يە، بالام.

— ئاپامۇ جىق ئەكېلىۋاتىدۇ، لېكىن نېمىشقىكىنتاڭ، كۆڭلۈم زادىلا تارتمايدۇ، دادا.

— زورلاپ يە، تېز ياخشى بولۇپ كېتىسەن.

پازىلجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۈلنار كىردى، بالا ئازابلىنىپ چوڭقۇر تىنىدى.

مانا ئادىلجاننىڭ پالاتىدا ياتقىنىغا بىر ئاي، ئىككى ئاي... تۆت-بەش ئايمۇ بولدى. تۈزلىنىش ئەمەس، بالا بارغانسېرى ئوساللىشىپ كېتىۋاتاتتى. بالىغا قاراپ ئانا كۈندە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلەتتى، يىغلايتتى، قاقشايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. يول ماڭسا ھاسىراپ، يۈرىكى سېلىپ كېتىدىغان بولدى. بەزىدە ئاسمان يەرگە چۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ

www.uyghurkitap.com

كوچىلاردا ئۇلتۇرۇپ قالاتتى ياكى تاملارغا، دەرەخلەرگە، سىم تاناب تۈۋرۈكلىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇۋالاتتى.

بەش-ئالتە ئايدىن بېرى شۇنچە داۋالىنىپمۇ ئوساللىشىپ كېتىپ بارغانلىقتىن، ئۆزىنى تىڭشاپ قالغان ئادىلجان كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىدىن، يۈز-چىرايلىرىدىن بەلگىلىك مەنىلەرنى چىقىرىۋېلىشقا ماھىر بولۇپ كەتكەنىدى. باش دوختۇرنىڭ قىلچە پەرھىز تۇتماي، نېمە يېيىشنى خالىسا، شۇنى بېرىڭلار دېيىشىدىن، سېستىرا قىزلارنىڭ قايغۇرۇشلىرىدىن، يوقلاپ كەلگەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۈنسىز يىغلاپ كېتىشلىرىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق كېسەل بىلەن ئاغرىغانلىقىنى ئاللىقاچانلا پەملىگەن. گەپ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتا، ئانىسىنى مەزگىلسىز ئازابلىماسلىقتا قالدى. مەن بەربىر ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئاپامغا ئېغىر، ئىنتايىن ئېغىر كېلىدىغان بولدى، ئۇ ھاياتىدا خۇشاللىقتىن مەھرۇم بولغان، پەقەت مېنىڭلا كۆز ئالدىدا يۈت دەسسەپ تۇرۇۋشۇم ئۇنىڭ قايغۇ-دەردلىرىنى، ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. كاشكى دادام بىلەن بىر ئۆيدە بولغان بولسا ئانچە ئېغىر بىلىنىپ كەتمەس ئىدى. بىر-بىرىنىڭ يىغىسىغا، قايغۇسىغا، نالىسىغا تەسەللى بېرىشىپ، جۇدالىقنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتەرئىدى. ھەي ئادىل، نېمە ئامال، سەن بەربىر ئۆلىسەن، تۈگەيسەن. لېكىن سېنىڭ ھەسرەت-دەردىڭ ھايات قالغانلارغا قالىدۇ. ئۇلار ئازابلانماسلىقى كېرەك، شۇڭا بۇنىڭ چارىسىنى قىلماي بولمايدۇ.

ئادىلجان ئويلىغانلىرىنى مومىسىغا ئېيتتى، ئايىسخان

نەۋرىسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا قوشۇلدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، گۈلنارغا ئېيتسا، ئۇنىڭ سىلكىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى-دە، بۇ قېتىم يەنە دېمەكچى بولدى.

— بالاڭنىڭ ئارزۇسى شۇنداق ئىكەن، — دېدى موماي بىر كۈنى، — ئاپام ئەمدى دادامنىڭ ئىلگىرىكى ئەسكىلىكىنى ئۇنتۇپ كەتسۇن، مېنىڭ خۇشاللىقىم، ساقىيىشىمنى ئويلىسۇن، دەپ زارلىنىۋاتىدۇ، بالاڭنىڭ زارىغا، ئارزۇسىغا قۇلاق سال، جېنىم بالام.

يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار، ئارزۇ-تىلەكلەر گۈلنار ئۈچۈن ئېغىر، بۇ ھەقتە ئويلاش تېخىمۇ ئېغىر. يۈرەكنى زېدە قىلغان شۇ ئىشلار قوزغالمىغان بولسا ياخشى بولماسمىدى؟ كونا جاراھەت ساقىيىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئاللىقاچان قېتىشىپ قالغان، ئەمدى ئۇنى تاتىلسا قان چىقمامدۇ؟... دۇنيادا ئېقىن سۇ قايتمىغاندەك، قايتىپ كەلمەيدىغان ئىشلار نۇرغۇنغۇ، بۇ ئىشمۇ ئەبەدىي قايتمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ كەتسە بولماسمىدى؟ ...بىراق، ئوغلىنىڭ زارى — بىرنەچچە ئايدىن بېرى كېسەل كارىۋىتىدا ئانىسىغا مۆلدۈرلەپ قاراپ ياتقان يۈرەك پارىسىنىڭ، جانجىگىرىنىڭ ئارزۇسى شۇ بولسا ئۇنى ئويلىماي بولامدۇ؟... گۈلنار شۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردىكى، قاچانكى پازىلجان ئوغلىنى يوقلاپ كەلسە، مۇڭداشسا، ئادىلجاننىڭ كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولاتتى، خۇش خۇيلىشىپ ھەم تېتىكلىشىپ بىر-ئىككى كۈنگىچە ئوبدانلا بولۇپ قالاتتى.

— بوپتۇ، ئاپا، — دېدى گۈلنار چوڭقۇر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئادىلجان تۈزىلىپ قالدىغانلا ئىش

www.uyghurkitap.com

بولسا ئۇ ئۆيگە كەلسۇن، نىكاھ ئوقۇتۇپ قويايلى، ئەمما ئۇرۇق-تۇغقان، مەھەللە-كويىنىڭ ئىشىنى ئادىلجان ساقايغاندا قىلىمىز.

— ۋاي، جېنىم بالام، — دېدى موماي خۇشال بولۇپ، — ئوغلۇڭنىڭ زارىنى، مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنىڭ تېگىنى ئەمدى چۈشەندىڭ!

## 7

ئادىلجاننىڭ داۋالىنىۋاتقانلىقىغا بىر يىل بولاي دەپ قالدى. ئۇ كۈندىن-كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىپ بارىسىمۇ، ئون سەككىز يىل بۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن دادىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە خوشال بولۇپ، خاتىرجەملىنىپ قالغانىدى. ئۇ ھەمىشە ھاياتتا بولۇپ ئۆتكەن ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى، قايغۇلۇق مەنزىرىلەرنى، ئازابلىق چىرايلارنى ئەمەس، كۆكۈللۈك چاغلارنى، ھەيۋەتلىك دەريا دولقۇنلىرىنى، باتۇر بۈركۈتنىڭ بىر پۇتىدا تۈلكىنىڭ بېشىدىن، يەنە بىر پۇتىدا ساغرىسىدىن قاماللاپ تۇرۇپ ئىككى پۈكلەشلىرىنى، چۈمۈلىلەرنىڭ سۈرلۈك يىلانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشلىرىنى، تارىختىكى قەھرىمانلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى-دە، ئۆزىدە جۇشقۇنلۇق، روھلىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. مەن ئۆلمەيمەن، نېمىشقا ئۆلىدىكەنمەن، نېمىشقا ئۆزەمنى تېتىك تۇتماي-مەن؟! — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئاپامنى يالغۇز تاشلاپ كېتەمدىم؟ ياق ئۇنىڭ ھايات چىرىغى مەن ئۈچۈنلا پىلدىرلاپ

تۇرىدۇ، ئۇ ئۆچمەسلىكى كېرەك؛ پىلىك مايسىز يانمايدىغۇ، مەن پۈت دەسسەپ تۇرسام چىراغ مايسىز يانمايدۇ... ئانىنىڭ زارى تاغلارنى تىترىتىدۇ، دەريالارنى دولقۇنلىتىدۇ، تاشلارنى ئېرىتىدۇ... ياق، ئاپام زارلانماسلىقى، ئاھ ئۇرماسلىقى كېرەك!...

بالىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن ئوتلار چاقنىدى، پېشانىسىدە مونچاقتەك-مونچاقتەك تەر تامچىلىرى پارقىرىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا باش دوختۇرنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن كۈنمۇ ئۆزىراپ كەتتى.

ئەمما قەيسەر ئىرادىنىڭ، جانغا تىكىلىپ كەلگەن ئۆلۈمنى يېڭىشىنىڭمۇ چېكى بار. بۈگۈن ئادىلجاننىڭ ھالى ئىزغىرىن شامالدا تىترەپ، ئۆزۈلەي-ئۆزۈلەي دەپ قالغان يوپۇرماقنى ئەسلىتەتتى. ئۇ، ھالسىرىغان، تاماقتىن قالغىلى بىرنەچچە كۈن بولغان، بەدەنلىرىنىڭ ئۇيەر-بۇ يېرىدە قانلار ئۇيۇپ قالغان؛ تال يوغىناپ كەتكەن، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى قاتتىق قىزىۋاتىدۇ، ئۇگە-ئۇگىلىرى سىرقىراپ، چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتىدۇ... ئۇ رەھىمسىز ئاغرىققا چىداشقا تىرىشاتتى، پېشانە-يۈزلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن چىپىلداپ تەر تامچىلايتتى...

موماي نەۋرىسىنىڭ قان راكى ئىكەنلىكىنى بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرلا ئاڭلىغاندەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېچىنىش، ئەلەم ئوتىدا تولغىناتتى. بىراق ئۇنى ئىككى پۈكلىنىپ قالغان قىزىغا تۇيدۇرماسلىققا تىرىشاتتى.

ئادىلجان بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاغرىق ئازابىغا چىداپ كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈن بولالماي قالدى،

چىدىمىدى، زارلاندى:
— ئاپا... جېنىم ئاپا...
پازىلجان چىقىپ ئۇنى داۋالاۋاتقان باش دوختۇرنى چاقىرىپ كىردى. ياش غۇنچىنىڭ قارا بورانىدا قايرىلىشىغا، سۇنۇشىغا كىم چىدايدۇ... بالا تولغىناتتى، قاقشايتتى، بىردەم ھوشسىزلانغاندەك بولۇپ، بىردەم ئىسسىگە كېلەتتى، دوختۇر بالىغا قارىدى-دە، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاز، ئىنتايىن ئاز قالغانلىقىنى پەملىدى.
ئادىلجان ئالدىدا تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇرغان، پەقەت كۆزلىرىلا پىلدىرلاپ تىرىك مۇردىغا ئوخشىشىپ قالغان ئانىسىغا ئاستا قارىدى، قانسىز لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، كۈچىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
— ئاپا، مەن ھەممىنى چۈشىنىمەن... سىز مەن ئۈچۈن ھەممە نېمىڭىزنى — قىممەتلىك ياشلىقىڭىزنى، گۈزەل ھۆسنىڭىزنى، كۆز نۇرىڭىزنى، كۈچ-قۇۋۋىتىڭىزنى، ۋۇجۇدىڭىزدىكى بارلىق مېھىر-مۇھەببەتنى سەرپ قىلدىڭىز. سىز ھەقىقىي ئانا! شۇڭا ئانا دېسەم پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سۆيگۈگە، ئىپتىخارغا تولۇپ تەۋرەيدۇ. مەن ئانا دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا، ئۇلۇغ دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئاتاشنى خالايمەن. ئۇلۇغ دېگەن نام قوشۇلماي ئاتالسا، ئانىنىڭ ئەجرى گەۋدىلەنمەيدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئاھ، ئۇلۇغ ئانا، بالىنىڭ ئوتىدا كۆيگەن، سۆيىدە ئاققان ئۇلۇغ ئانا، پەرزەنتىنى كېچىسى ئۇخلىماي، سوغۇق بۆشۈكنى قۇچاقلاپ، ئاق سۈت بېرىپ باققان، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ چوڭ قىلغان، بالا ئۆز دەردىدە بىر تولغانسا، ئۇنىڭغا چىدىماي ئون تولغانغان ئۇلۇغ ئانا.

مەن پەرزەنتلىك قەرزىمنى ئادا قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم...
مېنىڭدىن رازى بولۇڭ...
گۈلنار ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ئادىلجاننىڭ تارىمۇشتەك قاتقان قوللىرىنى يۈزىگە ياقاتتى، سۆيەتتى، پازىلجان ئوغلىنىڭ «دادا-دادا» دەپ زارلاپ ئۆتكەن ھاياتىغا، ھەسرەتلىك قىسمىتىگە ئېچىنىپ ئەلەملىك تولغىناتتى، ئاھ ئۇراتتى، نېمىشقىدۇر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنسىز يىغلايتتى.
ئەنە، ئەمدىلا ئون سەككىزگە كىرگەن، قاش-كۆزىنىڭ قارىلىقى دادىسىغا، يۈزىنىڭ ئاقلىقى ئانىسىغا تارتقان گۈزەل يىگىتكە، ئۆلۈم ئالدىدا ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئېيتىۋاتقان يىگىتكە ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ تۇرغانلارنىڭمۇ كۆزلىرىدە ياش... ئەنە كىشىلەر تەرىپىدىن «باغرى تاش» دەپ ئاتالغان پىشقەدەم باش دوختۇرنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىققان ئىككى تامچە ياش قويۇق قورۇق كىرگەن يۈزىنى بويلاپ ئېقىپ، ئېڭىكىدە توختاپ قالدى. ئەنە يېشى ئادىلجاندىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان سېستىرا قىزنىڭ نازۇك كىرپىكلىرىگە ئىلىنغان ياش مەڭزىگە تېمىپ چۈشتى. ئەنە، ئادىلجان بىلەن بىللە ياتقان باشقا ئاغرىقلار تام تەرەپكە قاراپ ئۈنسىز يىغلىماقتا...
ئادىلجان بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى يىغىپ، ناھايىتى تەسلىكتە ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئېيتىشقا باشلىدى:
— ئۆلۈم، ئۇ يېڭى نەرسە ئەمەس، دۇنيادا تۇغۇلۇش، ئۆلۈش بولۇپ تۇرىدۇ... بەزىلەر ياش كېتىدۇ،

www.uyghurkitap.com

بەزىلەر قىرىپ... ئەقىل-ئىدراكى، پەم-پاراسىتى بىلەن... دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان... ئۇلۇغ مۆجىزىلەر-نى ياراتقان... نى-نى ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ ئۆلۈپ كەتكەن... ئەگەر كىشىلەر ئۇنىڭغا دائىملا قايغۇرۇپ... ئاھ ئۇرۇپ، تىپىچەكلەپ ئۆتۈۋەرسە... ئۇنىڭ زېمىننى ئۆزىمۇ، باشقىلارمۇ تارتىدۇ... ئۆز ئۈستىگە ئۆلۈم مۇسىبىتى چۈشكەن ئادەم... ئۇنى كونا ئىشلارنىڭ بىرى قاتارىدا ئۇزىتىپ... ھاياتىنى خاتىرجەم... كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە... تىرىشىشى كېرەك... سەن قايغۇرساڭمۇ... ئاھ ئۇرساڭمۇ... ياشاش قانۇنىي ئىش بولغىنىدەك... ئۆلۈممۇ... قانۇنىي ئىش سۈپىتىدە... يۈز بېرىپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئامالى يوق ئىشقا يىغلاش ھاجەتسىز... دادا... ئاپا... مەكتەپتىكى... با... لىلار، سى...لەرنىڭ... ئۆز...

ئادىلجان سۆزلىرىدىن بىردىنلا توختىدى ۋە بېشى بىر ياققا قىڭغىيىپ قالدى.

— ئاھ!... بالام، باغرىم!...

گۈلنار دەھشەتلىك چىرقىراپ، ئۆزىنى تىنىقتىن توختاپ قالغان بالىسىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى-دە، ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەنىدى.

پازىلجان ئوغلىنىڭ يەتتە نەزىرسىنى بېرىۋاتقان كۈنى نەچچە كۈندىن بېرى سۇس خىرقىراپ ياتقان گۈلنارمۇ دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇ جان ئۈزگەندە، يەتتە كۈندىن بېرى يۇمۇلۇپ قالغان كۆزلىرى نىمشىقىدۇر قىيا ئېچىلىپ قالغىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاياتقا قانمىغانلىقىنى ئىپادە قىلىۋاتامدۇ، ياكى بىر تال ئوغلىنىڭ ۋاقىتسىز بەرگىدىن ئۈزۈلگەن گۈلدەك ياش كەتكەنلىكىگە

ئېچىنىۋاتامدۇ، ياكى بولمىسا ئون سەككىز يىلدىن كېيىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن پازىلجانغا غەزەپ-نەپرەت ئاتا قىلىۋاتامدۇ ۋە ياكى قانماي قالغان تۇنجى مۇھەببىتىگە ئارمان قىلىۋاتامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

× ×

سۈرلۈك قەبرىستان. ئۇ قانچە سۈرلۈك بولسىمۇ، ھازىر پازىلجاننىڭ ئۆيىگە ئايلىنىپ قالغان. گۈلنار بىلەن ئادىلجان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتقان بۇ يەرگە ئۇ كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ كېلىپ تۇرىدۇ، بەزىدە شۇ يەردە ئۇخلاپ قالىدۇ، كېچىسى ئۇلارنى يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىسۇن دەيدۇ ۋە ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورايدۇ، يىغلايدۇ، قاقشايدۇ.

بۇ يەرگە ئۇ ھەر كۈنى ئىككى دەستە گۈل كۆتۈرۈپ كېلىدۇ، گۈل دەستىنىڭ بىرىنى گۈلنارنىڭ بېشىغا، يەنە بىرىنى ئادىلجاننىڭ بېشىغا سانجىپ قويىدۇ. بىر كۈنىمۇ ئالا قويماي شۇنداق قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ، ھازىر ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش. ئۇ يېڭى گۈل ئەكەلگەندە، تۈنۈگۈن سانجىپ قويۇلۇپ، سولاشقان گۈللەرنى ئېلىۋالىدۇ-دە، قەبرىستانلىقنىڭ چېتىدىكى ئۆستەڭگە ئاپىرىپ، سۇغا ئاۋايلاپ، ئاستا تاشلايدۇ. دەھشەتلىك ئۆلۈم گۈلنارنى، ئادىلجاننى قانداق ئەكەتكەن بولسا، ئۆستەڭ سۈيىمۇ تاشلانغان گۈلنى شۇنداق ئەكېتىدۇ، ئېقىتىپ، ئېقىتىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

كېيىن ئۇ گۈلنار بىلەن ئادىلجاننىڭ قەبرىسىگە گۈل تېرىدى، گۈل ئۈندى، ئۆستى، يوپۇرماق چىقاردى، غۇنچىلىدى، ئېچىلدى. مانا ئەمدى پازىلجان ھەر كۈنى سۇ توشۇيدۇ، گۈل تۈۋىگە قۇيىدۇ، ئاغزىغا تولدۇرۇپ سۇ ئېلىپ، گۈللەرگە پۈركۈيدۇ، ئاندىن چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرنى گۈلنارغا، پورەكلىرىنى ئادىلجانغا ئوخشىتىپ يىغلاپ كېتىدۇ.

ئەنە، پازىلجان يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر مەيىن شامالدا مۇلايىم تەۋرىنىپ پىچىرلاشقاندەك قىلىدۇ ۋە گۈل خۇش بۇيى ھىدلىرىنى دىماغقا ئۇرىدۇ. كېپىنەكلەر گۈلدىن-گۈلگە قونۇپ ئوينايدۇ، گۈل ھەرىلىرى غۇڭۇلدايدۇ... ئەمما پازىلجاننىڭ چىرايى سولغۇن، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدە ھەسرەتلىك ئوتلار ئۇچقۇنلايدۇ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى چۈشىنىكسىز پىچىرلايدۇ...

ئۇ قايغۇلۇق بېشىنى ئەمدىلا كۆتۈرۈۋىشىگە قەبرىستانلىقنىڭ چېتىدىكى سۆۋادان شېخىغا قونغان كاككۇكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. پازىلجان ياش مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى كاككۇك سايرىغان تەرەپكە تىكتى ۋە ئاستا پىچىرلىدى:

«ئۇھ... گۈزەل كاككۇك، غېرىب كاككۇك، سەن جوراڭنى قىچقىرىپ، ھەسرەتلىنىپ سايرايسەن، لېكىن سېنىڭ ھەسرىتىڭ مېنىڭ ھەسرىتىمنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس ۋە ئاددىي. بىلەمسەن؟ مەن مەڭگۈلۈك جۇدالىقتا جورام ئۈچۈن، بالام ئۈچۈن ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ يىغلاۋاتىمەن، قاقشاۋاتىمەن. سەن تۈنلەردە خاتىرجەم



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

ئۇخلايسەن، مەن ئازابلىنىپ چىقىمەن، سېنىڭ يەنىلا ئۈمىدىڭ بار، مېنىڭ ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن. سەن نە-نەلەرگە بارالايسەن، مەن قەبرىستانلىقتىن كېتەلمەيمەن. ئاھ كاككۇك، بولدى سايرىمىغىنا!...»

ئۇ ئۇياقتىن كۆزىنى ئېلىپ، يەنە قەبرىلەرگە تىكىلدى ۋە ئويلىدى: مەن ئىككى ئادەمنىڭ بېشىغا چىققىنىم، يەنە كېلىپ، بىرى، ئۆمۈربويى ماڭا ئەقىدە باغلىغان ئايالىم، يەنە بىرى، يالغۇز بالام... ئەي، دۇنيانىڭ كىشىلەرگە يۈز - خاتىر قىلمايدىغان ئادىل ئادەملىرى، ئەي، ئادەم ئىلغىمايدىغان رەھىمسىز قانۇن، ھەققانىيەتچى سوتچىلار، مېنى سوتلاڭلار، قاتتىق جازالاڭلار! مەن قىلمىشىمغا لايىق جازا تارتاي، ئۇنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتاي، شۇ چاغدىلا مېنىڭ يۈرىكىم ئەمىن تاپىدۇ، نېمىشقا ماڭا رەھىم قىلىسىلەر؟!...»

تۈنۈگۈن ئۇ، سوتچىنىڭ ئالدىغا بارغان، ئۆتكۈزگەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايانماي بايان قىلغان، سوتچىدىن ئۆزىگە جازا، جازا بولغاندىمۇ ئەڭ قاتتىق جازا بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان. لېكىن سوتچى «سىزگە قانۇنىي جازا بېرىلمەيدۇ، سىزنى ۋىجدانىڭىز جازالىسۇن» دېگەن.

«ئاھ!... ۋىجدانىي جازا!...، — ئۇ خۇددى نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ئادەمدەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئادەمنى ئۆمۈربويى ئازابلايدىغان جازا!... لېكىن بۇ ئاز، ئىنتايىن ئاز. مەن دۇنيادىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ ماڭا نەپرەت ياغدۇرۇشىنى، ماڭا لەنەت تېشى ئېتىشىنى ئىستەيمەن، — ئۇ شەھەر تەرەپكە بىرنەرسىدىن ئۈمىدلەنگەندەك تىكىلىپ قارىدى، — توختا، شەھەرگە

بىر مۇخبىر كەپتۇدەك، شۇنىڭ ئالدىغا باراي، ھەممىنى ئېيتاي، ئۇ يازسۇن؛ قىلمىشلىرىمنى پۈتۈن خەلقى ئالەمگە يېيىۋەتسۇن، چۇۋۇۋەتسۇن!... بۇنداق ئىشلار مېنىڭ بىلەنلا كەتسۇن...»

ئۇ يۈزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ، مۇخبىرنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن قەبرىستانلىقتىن تېز چىقىپ كەتتى.

1988-يىل فېۋرال

[General Information]
书名=原谅我吧　维吾尔文
SS号=40212203